ھاياتلىق — پىسخىكا ساغلاملىق مەجمۇئەسى

گۈلنار تېيىپ

# ئۆزلۈكنى تونۇش ۋە كېلەچەك



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئۆزلۈكنى تونۇش ۋە كېلەچەك

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمدە ئىسسىدىن سالىم



ISBN 978-7-5466-1011-5
定价：28.00元

www.uyghurkitap.com



گۈلنار تېيىپ 1971 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1995 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان، ھازىرغىچە مەزكۇر ئىدارىدە مۇخبىرلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

گۈلنار تېيىپ 2008 - يىلىدىن باشلاپ ئىجتىمائىي (ئەخلاق ، نىكاھ ۋە پسىخىكا) تېمىدىكى ماقالىلىرىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئىزدەشكە ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇ پسىخولوگىيە ئىلمى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشۇپ نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازدى ۋە جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئاپتورنىڭ ئىلگىرى گۈلباھار قاسىم بىلەن بىرلىشىپ يازغان « قەلب زەخمىسىگە كىرىش » ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. بۇ قېتىم « ئاياللىققا قايتىش» ، « قەلب تىنۋىشى» ، « ئۆزلۈكنى تونۇش ۋە كېلەچەك» ناملىق ئۈچ پارچە كىتابنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.



www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق — پسىخىكا ساغلاملىق مەجمۇئەسى

گۈلنار تېيىپ

# ئۆزلۈكنى تونۇش ۋە كېلەچەك

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

认知自我与未来：维吾尔文/古丽娜尔•铁依甫著.—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2011.7
（健康快车系列.心里健康丛书）
ISBN 978-7-5466-1011-5

I.①认… II. ①古… III.①社会问题—中国—青年读物②社会问题—中国—少年读物—维吾尔语(中国少数民族语言)IV.①D669-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第146815号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: رىزۋانگۇل قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: گۇلنار روزى
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: ئايىنىسا ئوبۇل

هاياتلىق — پىسخىك ساغلاملىق مەجمۇئەسى

**ئۆزلۈكنى تونۇش ۋە كېلەچەك**

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 8.75 قىستۇرما ۋارقى: 2
2011 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
2016 - يىلى 3 - ئاي 4 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1011 - 5
باھاسى: 28.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

مەيلى قانچىلىك ئىنتىزار بولايلى، ۋاقىت بىز ئۈچۈن قەدىمىنى توختاتمايدۇ. مەيلى قانچە تەلپۈنەيلى، مەنزىلگە ئەجىرسىز يېتەلمەيمىز. مۇخبىرلىق ھاياتىمنى ئەسلىسەم دەسلەپكى يىللىرى يازغان ماقالىلىرىم پېشقەدەم مۇخبىرلارنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولسا، شۇنىڭدىن قانائەت ھېس قىلاتتىم. بارا - بارا ھەر بىر تېما ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىم شۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات خىزمىتىگە ئوخشاپ قالدى. سەۋەبى، شۇ تېمىدا يېزىلغان ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالە يېزىشنى ئۆزۈمگە نىشان قىلىۋالدىم. ئۆزۈمگە قويىدىغان تەلىپىم بارغانسېرى ئۆرلىدى. ھازىر قەلەم تەۋرەتكەن ھەر بىر تېمامنى يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن تامامالايمەن. ئۆزۈمنىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش يېڭى بىر نىشانىمغا ئايلاندى.

1995 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر، ھەش - پەش دېگۈچە 15 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بۇ جەرياندا بەزىدە، بىر تېما ئۈستىدە بىرقانچە ئاي چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئايلىق ۋەزىپەمنى ئورۇندىيالمىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. قولۇمغا قەلەم ئالغۇم كەلمەي، كىتاب دۆۋىسىگە كىرىپ كەتكەن چاغلىرىممۇ بولدى. بەزىدە روھلىنىپ كەتسەم، بەزىدە بېسىم ھېس قىلىپ، روھىم چۈشتى. ئەمدى ئويلىسام،



قەلەمنى تاشلىغان ۋاقتىم، ئۆزۈمگە ئېنېرگىيە توپلاشقا تەييارلانغان ۋاقتىم ، قىزغىنلىق بىلەن قايتا قولۇمغا قەلەم ئالغان ۋاقتىم بولسا، قىسقا مەزگىللىك تولۇقلاشتىن كېيىنكى ئەمەلىي نەتىجە يارىتىشقا ئۆتكەن ۋاقتىم ئىكەن.

ھەرقانداق بىر ئادەم مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە تەربىيە كۆرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى تولۇقلاشنى توختىتىپ قويسا، ھامان بىر كۈنى سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئۆزىنى تولۇقلاشتىكى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل كىتاب ئوقۇش. مەن بىر كىتابنى ياقتۇرۇپ قالسام، خۇددى قىممەتلىك بۇيۇم تېپىۋالغاندەك، ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. ياخشى كۆرىدىغان بىرەر كىتابىمنى باشقىلار ئارىيەتكە ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىسە، تولۇقلاپ سېتىۋالغاندىن كېيىنلا، كەم نەرسەمنى تولۇقلىۋالغاندەك ھېسسىياتتا بولىمەن. ھازىر يولدىشىملا ئەمەس، باللىرىممۇ مېنى ئەڭ خۇش قىلىدىغان سوۋغاتنىڭ كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئەنە شۇنداق ئۆزلۈكسىز تولۇقلاشتىن كېيىن، بۈگۈنكىدەك ئۆز - ئۆزۈمدىن قانائەت ھېس قىلىدىغان ھالەتكە يەتتىم. بۇ ئارقىلىق، مۇكەممەللىككە ئېرىشتىم، دېمەكچى ئەمەس. پەقەت ئۆزۈمنى ئۆزلۈكسىز تولۇقلاش يولىنى تېپىۋالدىم، دېمەكچى. مېنىڭچە، بىر ئايالنىڭ ئائىلە، پەرزەنتتىن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىدىن باشقا، ئۆزىنى تارتالايدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا تەۋە، ئۆزىلا قانائەت ھەم خۇشاللىق ھېس قىلىدىغان قىزىقىشىنىڭ بولۇشى تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش.

بۇ كىتابقا 2003 ـ يىلىدىن 2011 ـ يىلىغا قەدەر يازغان ئەسەرلىرىم ئىچىدىكى جەمئىيەتتە ئەمەلىي مەۋجۇت رېئال ھادىسىلەر ئۇستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزىلىرىم كىرگۈزۈلدى.

كىتابىنىڭ سىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە بەخت، مېھرىبانلىق ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

گۈلنار تېيىپ
2011 ـ يىلى 1 ـ مارت

# مۇندەرىجە


ئاياللار قايان، تەقدىر قايان .......................... 1

«بىر - بىرىمىزدە ھەققىمىز بار» ....................... 21

قەلبى قۇلۇپلانغان كىشىلەر.......................... 30

ئاتا - ئانىمىز قېرىشقا باشلىغاندا ......................... 39

تەدبىرلىك - تەدبىرسىز قېيىنئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى .... 46

ياشانغان ئەر - ئاياللاردىكى ھېسسىيات يىراقلىقىنىڭ سەۋەبى .. 54

«بىزگە قانداق قىزلار كېرەك» دېگەن سوئالدىن ھالقىش........ 62

نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتتىن نېمىگە ئېرىشىسىز .......... 85

ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشقا قانداق ماسلىشىش كېرەك؟ .......... 100

باشقىلارغا ھېسسىداشلىق قىلىش ئىقتىدارى.............. 110

چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۇمىد ۋە خىرىس .............. 118

يەسلى مائارىپىدىن ئالىي مەكتەپ مائارىپىغىچە.............. 177

كتاب نور بيكىتى

# ئايالللار قايان، تەقدىر قايان

مۇخبىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى زىيارەت قىلدىم. بەزىلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، بەزىلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بەزىلىرى بىلەن پىكىرداش، دوست بولۇپ قالدىم. بىزنىڭ بۇ كەسپىنىڭ بىر ياخشى يېرى شۇكى، ئۆزىمىز بىلەن پىكىرداش بولالايدىغانلارنى تېپىشىمىز ئانچە تەسكە توختىمايدۇ. زىيارەت داۋامىدا قارشى تەرەپنىڭ مەلۇم مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىغا قاراپلا ئۆزىمىز بىلەن پىكىرداش ياكى باشقا تەبىقىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايسىز. كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى پۈچەكلەشكەن، ھەتتا يېقىن دوستلار بىلەنمۇ پىكىرلىشىپ ئولتۇرۇش تەسلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، بۇمۇ بىر غەنىيمەت ئىكەن. مەن بىر قىز بىلەن ئەنە شۇنداق دوست بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرىمەن. بەزىدە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قالىمىز. بىر كۈنى سۆھبەت ئارىلىقىدا «قوشنامىنىڭ قىزى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كەتكەن، سەنئەتچى قوبۇل قىلغىلى كەلدىم دەپ ئۇچ، تۆت ئايدا بىر كېلىپ قالىدۇ. شۇ قىزنى زىيارەت قىلىپ باقسىڭىز بولاتتى» دېدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ 30 ياشلار چامىسىدا بار،چېچىنى سېرىق بويىۋالغان، ئاق سېرىق كەلگەن، چىراي شەكلى ئادەتتىكىچە قىز ئىكەن. ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن «سەنئەتچى قوبۇل قىلىمىز» دېگەن نام بىلەن چىرايلىق قىزلارنى يىغىپ، گۇاڭجۇ، چېڭدۇ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ

شەھەرلەردىكى يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىلارغا ئۆتكۈزىدىكەن. مەن سۆھبەتلىشىشكە مۇۋاپىق ئورۇننى، ئېنىقراقى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، خالىيراق بىر تېز تاماقخانىنىڭ ئايرىمخانىسىنى تاللىدىم (ئۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ مۇخبىرلىق سالاھىيىتىمدىن بىخەۋەر).

— سىز بىر قاراشتا كىشىگە تەربىيە كۆرگەن، خاراكتېرى كۆچلۈك تەسىر بېرىدىكەنسىز، — دېدى. ئۇنىڭ سۆھبەتنى مېنى باھالاشتىن باشلىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىشنىڭ ئانچە تەسكە چۈشمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. ئەھۋال ئىگىلىگەن بولۇپ، يوشۇرۇن زىيارىتىمنى باشلىۋەتتىم.

— ئاڭلىسام، سەنئەتچى قوبۇل قىلىدىكەنسىز. سەنئەتچىلىككە قوبۇل قىلماقچى بولغان قىزلارنىڭ ياش چەكلىمىسى قانچە؟

— 17ياشتىن 25 ياشقىچە.

— شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قوبۇل قىلامسىز؟

— ئۇرۇمچىلىكلەرنى، خەنزۇ تىلىغا پىششىقلارنى ئالدىن قوبۇل قىلىمىز. مەكتەپتىن چېكىنگەنلەر، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىرلار بولسا تېخى ياخشى.

— ھازىرغىچە قانچە قىزنى تىزىمغا ئېلىپ بولدىڭىز؟

— بۇ نۆۋەت 20 ئادەم قوبۇل قىلىش پىلانى بىلەن كەلگەن، ھازىرغىچە ئون قىزنى يولغا سېلىپ بولدۇم. يەنە ئون قىزنى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزۈم بىللە ئېلىپ ماڭىمەن.

— ئۇلارنى قايسى شەھەرگە ئېلىپ بارىسىز؟

— گۇاڭجۇغا. گۇاڭجۇدىكى بىر بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بىلەن دېيىشىپ قويغان. مېھمانخانا يېقىندا كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، يېڭىدىن 40 ئايرىمخانا بېزىدى. قىزلارغا جىددىي

نۇر كىتاب تور بېكىتى www.nurkitap.com



ئېھتىياجلىق.

— سىز سەنئەتچى قوبۇل قىلماقچى ئىدىڭىزغۇ؟ ئەمدى ئۇلارنى مېھمانخانىغا بارىدۇ، دەيسىزغۇ؟

— ئەمەلىيەتتە شۇنداق دەيمىز. ئايرىمخانىدا مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىدۇ. بۇنى بارىدىغان قىزلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. بىلمىگەنلەرگە يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ھەممىنى ئوچۇق ئېيتىمىز. خالىغانلىرى بارىدۇ.

— ئۇلارغا مېھمانخانا ئىگە بولامدۇ ياكى سىز ئىگە بولامسىز؟

— بىزنىڭ تۈزۈمىمىز خۇددى مۇنتىزىم مەكتەپ تۈزۈمىگە



ئوخشايدۇ. مېھمانخانا ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئالاھىدە مۇلازىمەت تەلەپ قىلىدىغان خوجايىنلارنى تېپىپ بېرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، ياسىنىشلىرىغا، مېھمان كۈتۈش ئەدەپلىرىنى ئۆگىتىشكە

مەسئۇل.

— ئۇلار كۆڭلۈكى قانچىلىك ھەققە ئېرىشەلەيدۇ؟

— ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى ئانچە كۆپ بولمايدۇ. كۈندە تاپقىنىنىڭ بىر قىسمىنى مېھمانخانا ئالىدۇ. يەنە بىر قىسمىنى ماڭا بېرىدۇ. قالغىنى ئۆزلىرىگە قالىدۇ. ئۇ يەرگە بارغان قىزلار سەل بەتخەجرەك، پۇلنى ئاسانلا سورۇۋېتىدۇ.

— ئۇلار مېھمانخانىدىن باشقا جايلارغىمۇ بارىدىكەندە؟

— بىز ئادەتتىكى ئەھۋالدا كېچە سائەت 12 لەر بىلەن قايتىمىز. بەزىدە دىسكوخانىلارغا بېرىپ تاڭ ئاتقۇچە ئويناپ، كۆڭۈل ئېچىپ كېلىمىز. ئاق چېكىدىغان ئىشتىن باشقا ھەممىنى قىلىمىز. نەشە چېكىدىغانلار چېكىدۇ، باش چايقىتىش كۆمىلچى يەيدىغانلار يەيدۇ. قانغۇدەك ئويناپ ئەتىسى قايتىمىز.

— سىلەرنىڭ سىرتتىكى بىخەتەرلىكىڭلارغا كىم مەسئۇل؟ سىز مەسئۇل بولالامسىز؟

— ئادەتتە ئەرلەرنى ھەمراھ قىلىپ چىقىمىز، كۆپىنچە ئايرىمخانىلاردا ئولتۇرىمىز. مېنىڭ ئېرىم (بىرگە تۇرىدىغان يىگىتنى شۇنداق ئاتايدىكەن) بىر ئەرەبنىڭ شىركىتىدە تەرجىمانلىق قىلىدۇ. ئۇ بۇنداق چاغلاردا ئاغىنىلىرىنى يىغىپ بىزنى ئوينىتىپ قويىدۇ.

— نەشە، باش چايقىتىش كۆمىلچى... دېگەندەكلەرنى كىم تەمىنلەيدۇ؟

— ئېرىم ئالغاچ كېلىدۇ.

— ئېرىڭىز سىزنىڭ شۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلىدىكەندە؟

— ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

— سىز بۇ يولغا كىرگىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ خېلى پۇللۇق بولۇپ قالغانسىز؟

كىتاب تور بېكىتى



ــ مېنىڭ بۇ يولغا كىرگىنىمگە 10 يىل بولدى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئادەم توشۇۋاتقىنىمغا 7يىل بولۇپ قالدى. ئەسلىنگغۇ خېلى كۆپ پۇل تاپقان. بىراق، ئۆزۈم مەرد. پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايمەن. ھەر قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە بۇزۇپ چېچىپ خەجلەپ، تۈزۈك پۇل يىغالمىدىم.

ــ شىنجاڭدا پۇلنى قانداق ئىشقا كۆپرەك بۇزۇۋەتتىڭىز؟

ــ بىزنىڭ بۇ ئىشنى قىلىدىغانلار بىر جايدا كۆپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى مېھمانخانا ئىككى، ئۈچ ئايدا قىزلارنى قايتۇرۇپ، ئورنىغا يېڭىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەن ئادەم تاپقىلى شىنجاڭغا ئىككى ـ ئۈچ ئايدا بىر كېلىپ تۇرىمەن. ئۆزۈم يېتىشىپ بولالمىغاچقا، مۇشۇ جايدىكى تونۇش ـ بىلىش، دوستلىرىم بارىدىغانلارنى تېپىشىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېيىشىم، كىيىشىم نوچى. دوستلارنى يىغىپ ئولتۇرۇش ياساپ تۇرىمىز. شىنجاڭلىق ئوغۇللار چۈپەي ئۇستەلگە ئىككى تەخسە قورۇما چىقىپ بولغۇچە كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىشىدۇ. ئۇستەل پۇلىنى تۆلىدىمۇ، مېھمانخانىغا سۆرەيدۇ. شۇڭا كۆپ ھاللاردا پۇلنى ئۆزۈم تۆلەپ، ئۇلارغا «تېلېفون قىلىمەن» دەپ قويۇپ، كېتىپ قالىمەن. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىغۇ پۇلنى مېھمانخانا چىقىم قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ پۇلۇمنىڭ قانداق تۈگەپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالىمەن. ئىچكىرىدە بىز ئەرلەرگە ھەمراھ بولىمىز، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، يىگىتلەر بىزگە ھەمراھ بولىدۇ... ھا... ھا... ھا...

ــ سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك ۋە ئەڭ چوڭ بەخت نېمە؟

ــ بىز قارا جەمئىيەتتىكى ياۋۇز لۈكچەكلەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن، مېھمانلارنىڭ غەلىتە مىجەزلىك، قوپال بولۇشىدىن قورقىمىز. لۈكچەكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالسا،

قىزلارنىڭ تۇگەشكىنى شۇ. تۇغۇلغىنىغا تويىدىغان گەپ. ھايۋاندىن بەتتەر كۈننى كۆرۈپ، ئاخىر سىبسىپ تۈگەيدۇ. بىز قىزلارنىڭ بۇ خىل ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان بولغاچقا بەك قورقىمىز. شۇڭا سىرتلارغا بەك كۆپ چىقمايمىز. بەزىدە مېھمانلار ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالسا، قىزلارنىڭ كۈنى ئوخشاشلا تەس بولىدۇ. مېھمانلارنىڭ تەلىپى ھەر خىل. شۇنىڭغا كۆنمەكتىن باشقا ئامال يوق. بولمىسا پۇلنى ئالالمايدىغان گەپ. مېھمانلارغا بىر كېچە ھەمراھ بولۇشنى دېيىشىپ، بالدۇر قايتىپ كەلسە مېھمانخانا قىزلارنىڭ پۇلىنى تۇتۇۋالىدۇ. مېھمانلار قوغلىشىۋەتسە، مېھمانخانا بۇنى قىزلارنىڭ سەۋەنلىكى، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەرگە چىققان قىزلار پۇلدار بايلارنىڭ ئۆزلىرىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىشىنى «تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى» دەپ قارايدۇ. باي غوجايىنلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىش ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى.

— ئۇ خىل كەسىپتىن قول ئۈزۈشنى ياكى كېتىشنى ئويلايدىغانلار بارمۇ؟

— يوق ئەمەس، بىراق كۆپىنچىلىرى كۆنۈپ كېتىدۇ. «زادى كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋالسا، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىمىز. بىراق يول كىراسىنى تۆلەتكۈزۈپ، پۇلى بولمىسا يېنىدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلىرىنى پۇلغا ھېسابلاپ ياكى بىرگە سالغان زىيىنىنى تۆلەتكۈزۈۋېلىپ، ئاندىن ئۇدۇل شىنجاڭغا يولغا سېلىپ قويىمىز.

ئۇ زوق شوخ بىلەن سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭغا تېلېفون كېلىپ قالدى.

— ۋەي، ئايگۇلما؟ مەن دوستلىرىم بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان، مۇشۇ يەرگىلا كېلىڭ.

بىردەمدە 20ياشلار ئەتراپىدىكى، ئارتىسلاردەك گىرىم

قىلىنىۋالغان چىرايلىق بىر قىز كىردى. مەن ئۇ قىزنى سەنئەت مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ياكى سەنئەت مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇ قىز مېنى كۆرۈپ سىز بەك كادىرغا ئوخشايدىكەنسىز، دېدى. مەن چاندۇرماي كۈلۈپلا قويدۇم. كاللامدا ئۇ قىزدىنمۇ گەپ ئېلىپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى.

— كىچىك كۆرۈنىدىكەنسىز، قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— 21ياشقا كىردىم.

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟

— تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپلا مەكتەپتىن توختاپ قالغان، مەن 18 ياشقا كىرگەن يىلى ئىچكىرىدىن غۇلجىغا ئارتىس قوبۇل قىلىدىغانلار كەپتىكەن. ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىندىم. قوبۇل قىلىنغانلاردىن 10قىز بار ئىدۇق. بىزنى چېگىدۇغا ئېلىپ بارىمىز، دېدى. ئانام تۇگەپ كەتكەن. دادامنىڭ مەن بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى. ئاخىر بېرىشنى قارار قىلدىم. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن خىزمەت ئورنىمىزنىڭ سەھنىدە ئەمەس، مېھمانخانىنىڭ ئايرىمخانىلىرىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇ يەرگە بېرىپ ھەممىگە كۆندۇق. مەن ئۇ يەردە ئىككى يىل تۇرۇپ قالدىم، بەزىلىرى قايتىپ كەتتى، بەزىلىرى باشقا مېھمانخانىلارغا ئالمىشىپ ئىشلىدى. بۇ نۆۋەت دادامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قېلىپ قايتقان. ئۈرۈمچىگە كېلىپ بۇ ئاچام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— خېلى كۆپ پۇل تاپقانسىز؟

— تاپقان پۇللىرىمنى بۇزۇپ چېچىپ تۈگىتىۋەتتىم. ئەمدى پۇختىراق بولۇپ پۇل يىغىمەن...

ئۇ قىز كېلىپ بىرىم سائەت بولا ـ بولماي، يىگىتىدىن تېلېفون كېلىپ كېتىپ قالدى. بىز يەنە پاراڭنى داۋاملاشتۇردۇق.

— سىز بايام قىزلارنى ئىككى ئايدا بىر ئالماشتۇرىمىز

دېگەنتىڭىز، ئۇ قىزلار نەگە قايتۇرۇلىدۇ؟

— قىزلىرىم مېنى «مامى» (ئانا دېگەن مەنىدە) دەپ چاقىرىشىدۇ. مېنىڭ قىزلىرىم بەك كۆپ. قىزلىرىمنىڭ ئەڭ كۆپ تۇرغانلىرى ئالتە ئاي تۇرىدۇ. ئادەتتە باشقا شەھەردىكى ئالاقەم بار مېھمانخانىلارغا يۆتكەيمەن ياكى شىنجاڭغا قايتىدۇ. يىراق كۆپىنچىسىنىڭ قايتقۇسى كەلمەيدۇ.

— سىز باشقا شەھەرلەرنىمۇ قىز بىلەن تەمىنلەمسىز؟

— بىزنىڭ بۇ كەسپنى قىلىدىغانلارنىڭ ئىشەنچلىك ئالاقە تورىمىز بولىدۇ. بىز ئادەمنى ئايروپىلان بىلەن يوللىۋېتىمىز. پۇل بىزنىڭ ھېساباتىمىزغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. سىز بۇ ئىشنى تەشكىللىسىز، تەرتىپسىز دەپ ئويلاپ قالماڭ. قىزلىرىم بىلەن مەن، مەن بىلەن مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قېلىپلاشقان، مەسئۇلىيىتى ئېنىق مۇناسىۋەت. قىزلاردىن مەسىلە كۆرۈلسە مېھمانخانا مېنى ئىزدەيدۇ. مەن قىزلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ مەسىلىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ جەرىمانە قويىمەن.

— ئۆزىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسىز؟ سىز قانداق بولۇپ بۇ يولنى تاللاپ قالغان؟

— نېمىسىنى دەي...

— مەن 17 ياشتا توي قىلدىم. ئېرىمنىڭ ئىككى يەردە دۇكىنى بار ئىدى. توي قىلىپ بىرنى تۇغقاندا ئېرىم زەھەرگە ئۆگىنىپ قېلىپ، ھەممە بىساتنى چېكىپ تۈگىتىپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ چاغلاردا ئۇزۇقلىنىشىم ناچار بولغاچقا، سۈت تازا كۆپ چىقمىدى. سۈت پاراشوكى ئېلىشقا پۇلۇم يوق، ئاتامنى ئىزدەپ باردىم. ئاتام «پۇل يوق» دەپ بەرمىدى. ئانام كىچىكىمدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئۆگەي ئانامۇ ئىچ ئاغرىتمىدى. «ئۆز ئاتامنىڭ ئىچى ئاغرىمىغان يەردە كىمنىڭ ئىچى ئاغرىماقچىدى» دەپ، چىرايلىق ياسىنىپ بىر مېھمانخانىغا

بېرىپ «مەن مۇلازىمەت قىلىپ پۇل تاپماقچى» دېدىم. غوجايىن قىيىنچىلىقىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنى ئېلىپ قالدى. شۇندىن كېيىن مېھمانخانىدا مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ پۇل تاپتىم. بىر كۈنى سەل كەچرەك قالغانىدىم، كۆكسۈم چىڭقىلىپ كەتتى، مېھمانخانا غوجايىنى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، 200 يۈەن بېرىپ «تېزرەك قايت» دېدى. ئىلگىرى بۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشىپ باقمىغانىدىم. دادام، ئاكام دېمەتلىك ئەركەكلەر كۆكسۈمنىڭ چىڭقالغىنىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغان. ھەتتا مېنىڭ ئەھۋالىمنى سوراپمۇ قويمىغان...... كېيىن مەن ئىچكىرى ئۆلكىگە باردىم. ئۇ يەردىمۇ مېھمانخانىدا ھەمراھ بولغۇچى خېنىم بولدۇم. غوجايىن «ھەمراھ بولىدىغان خېنىملارنى تونۇشتۇرساڭ، تېخىمۇ جىق پۇل تاپىسەن» دېگەچكە، قوشۇمچە بۇ ئىشنى قىلمىدىم، بۇ ئىشنى قىلمىغاچقىلى ئون يىل بولۇپ قالدى... بۇ قېتىم ماڭىدىغانلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن ئىككىسى بار ئىدى. شۇلارنىڭ ئىمتىھانىنى ساقلاپ كېچىكىپ كەتتۇق.

زىيارىتىم مەن ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك ئوڭۇشلۇق بولدى. خۇشال بولسام بولاتتى، بىراق خۇشال بولالمىدىم. زىيارەتنى سەككىنىش ھېسسىياتىمنى يوشۇرۇپ، ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان تىترەكنى تەستە بېسىپ ئاخىرلاشتۇردۇم. كېيىن دوستۇمغا:

— ئەسلىي سالاھىيىتىمنى ئاشكارىلاپ، ئۇنى يامان يولدىن قايتىشقا تەۋسىيە قىلسام بوپتىكەن، — دېدىم. ئۇ:

— بۇنداق گەپنى مېنى دېمىدى دەمسىز. ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا «قايتىپ كېلىڭ، تاكسى ھەيدەپ پۇل تاپسىڭىزمۇ ھازىرقىدىن چىقراق پۇل تاپالايسىز. قايتىپ كەلسىڭىز مەنمۇ سىزگە ياردەم قىلىمەن»، دېدىم. ئۇ

گېپىمنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنى يىغلا، دەپ ئويلىمىغانىدىم. ئۇ «مەن ئەمدى ئارقامغا قايتالمايمەن، قايتىپ كەلسەممۇ ئىلگىرىكى كۈنلىرىمنى ئويلىسام مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرمەي ئۆتۈشۈم مۇمكىن. نورمال كىشىلەردەك ياشاشقا ئەمدى يۈزۈم چىدىمايدۇ. مەن تۈگەشكەن ئادەم» دېدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ شۇ يولدىن قايتسا قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ ياكى ئۆلۈۋېلىشى، ياكى ئازابلىنىپ، ساراڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنداقلار تېشىدا كۈلگەن بىلەن، يەتكۈچە خورلۇق تارتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

مەن پەقەت جەمئىيەتتە بىز بىلەن ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان «مامى»دىن بىرنى زىيارەت قىلدىم. ئەگەر ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى بىلمىگەن بولسام، ئۇنى «پاھىشە» دەپ گۇمانلانمىغان بولاتتىم. شۇنىڭغا قارىغاندا ئەتراپىمىزدا بۇنداق «مامى»لاردىن قانچىسى بار؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس ئوخشايدۇ. 1993 ـ يىلىغۇ دەيمەن، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم. مەلۇم بىر ناھىيەگە ئىچكىرى ئۆلكىدىكى مەلۇم بىر شەھەردىن: مېھمانخانا مۇلازىمەتچىلىكىگە 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان چىرايلىق قىزلاردىن تاللاپ، كۆتكۈچىلىك كەسپىگە قوبۇل قىلماقچى، دېگەن نام بىلەن ئادەم كەپتۇ. كادىرلار ئىدارىسىنىڭ كۆڭلى يۇمشاق كادىرى «ھەر نېمە بولسا قىزلىرىمىز خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىغان بولدى» دەپ خۇشال بولۇپ 200 قىزنى تىزىملاپ، غوجايىنىنىڭ ئارقىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ قىزلاردىن ئاز بىر قىسمى يىغلاپ قېچىپ كەپتۇ، كۆپ قىسمى شۇ خىزمەتكە كۆنۈپتۇ. كادىرغا ئىشىنىپ «قىزلىرىمىز خىزمەتكە ئورۇنلاشتى» دەپ خۇشال

كىتاب نۇر بېكىتى www.nurkitap.com



بولغــان ئاتــا ـ ئــانىلار داد ـ پەريــاد چېكىــپ، ھېلىقى باشلىقنىڭ گېلىنى سىقىپتۇ. باشلىقمۇ كۆپ پۇشايمان قىپتــۇ. ھەممىمىــزگە ئايــان، شــۇ يىلــلاردا ئىچكىــرى ئۆلكىلەردىكى مېھمانخانىلارغا خىزمەتچى قوبۇل قىلىمىز، سەنئەتچى قوبۇل قىلىمىز، دېگەن نام بىلەن تېلېۋىزور، رادىيولاردا ئېلان بېرىپ، ھەتتا بەزىلىرى يەرلىك مەمۇري ئورۇنلارنى ئارىغا سېلىپ، قىزلارنى يىغىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىدىغان ئەھۋال پەيدا بولغان. بىز دەسلەپتە بۇنى «راست» دەپ ئىشەندۇق، كېيىنچە بۇنىڭ خاراكتېرىنى بىلسەكمۇ، بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرمىدۇق. بۈگۈنگە كەلگەندە ئۆزلىرى مېھمانخانا ئىزدەيدىغان پاھىشىلەر مېھمانخانىلار بىلەن توختاملاشتى، ئادەم بىلەن تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئالغان دەللاللار مەيدانغا كەلدى.

ئەمدى گەپنى يىغسام:



1. پاھىشەلىك قىلىدىغان سورۇنلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

چوڭ مېھمانخانا، كېچىلىك بەزمىخانا، تانسىخانىلار، ھەتتا ساتىراشخانا، ئوۋۇلاش ئورۇنلىرى سودا رىقابىتىدە، تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپ، خېرىدارلارنى پاھىشە بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى. بۇ 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى مەيدانغا كېلىپ، 2000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جانلىنىشقا باشلىدى. بۇ خىل تىجارەتنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى كۆپ بولغاچقا، ھۆكۈمەت بىر ياقتىن زەربە بەرسە، يەنە بىر ياقتىن باش كۆتۈرۈپ، تۈپ يىلتىزىدىن تۈگەتكىلى بولمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۆتكەن يىلى 1 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدا پاھىشەلىك قىلىش، تونۇشتۇرۇش، ئاياللارنى پاھىشەلىككە تەشكىللەش قاتارلىق قىلمىشلاردىن 2274 ى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرى مەسىلە

بىرقەدەر ئېغىر بولغان كۆيتۈن، ئۇرۇمچى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا نۇقتىلىق تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ئۇۋىلارنى تازىلىدى. گەرچە بۇ خىل تازىلاش ھەر يىلى نەچچە نۆۋەت ئېلىپ بېرىلسىمۇ، شۇ مەزگىلدە پەسكويغا چۈشكەن بىلەن، تازىلاش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ جانلاندى ھەمدە بۇ ئەھۋال بۇ خىل كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچە ئورۇنلار بۇ خىل تازىلاشتا ئۇزۇل - كېسىل زەربىگە ئۇچرىمىدى. ئەھۋالى ئالاھىدە ئېغىر بولمىغان ئورۇنلار جەرىمانە تۆلەش ئارقىلىق، تىجارىتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىۋېرىدىغان بولغاچقا، پاھىشەلەر ئۈچۈن پاھىشەلىك سورۇنى كېمەيمىدى.

2 . پاھىشەلەرنىڭ يېشى بارغانسېرى ياشلىششقا قاراپ يۈزلەندى.

پاھىشەلىك قىلىدىغانلار ئىچىدە، 20 ياش ئەتراپىدىكى پاھىشەلەر ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، بۇ ياش 14، 15، 16 ياشقىچە تۆۋەنلەۋاتىدۇ. بۇنى ئائىلە قارىشىمىزدىكى بۇرۇلۇش بىلەن باغلاپ چۈشەنسەك، ئىلگىرىكى ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى ئاياللار ئۆي ئىچىگە، ئەرلەر سىرتنىڭ ئىشىغا مەسئۇل، دېگەن قاراش ئۆزگىرىپ، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش پۇل تېپىشى كېرەك، دەيدىغان قاراش ئومۇملاشتى. جەمئىيەتتە خىزمەتتى يوق قىزلارنىڭ ئەرگە تېگىشى، تويى قىلىسمۇ بەختلىك ئۆتۈشى تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي رېئاللىق خىزمەت تاپالمىغان ياكى خىزمەتتىن قالغان ۋە ياكى ئوقۇپ جەمئىيەتتە مەلۇم ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈمىدى يوق قىزلارنى كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تويۇق يولغا كىرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. پاھىشەلىك يولىغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى «بىر مەزگىل پاھىشەلىك قىلىپ پۇل تېپىپ،

www.uyghurkitap.com



ئۆز ئالدىمىزغا دۇكان ئېچىپ، بۇ ئىشتىن قول ئۈزىمىز» دەپ ئويلايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلار كۆپ پۇل تاپالمايدۇ. پۇل تاپقان بىلەنمۇ شۇ ئىشقا ئادەتلىنىپ، قول ئۈزەلمەي قالىدۇ.

3 . پاھىشەلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئومۇمىيۈزلۈك بىرقەدەر تۆۋەن بولسىمۇ، بىراق يېقىندىن بېرى ئالىي مەلۇماتلىقلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ.



تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ياكى ياخشى ئوقۇمىغان، جەمئىيەتتە بىلىمى، ئىقتىدارىغا تايىنىپ پۇل تېپىشقا كۆزى يەتمەيدىغانلار ئىچىدە پاھىشەلىك يولىنى تاللىغانلار بىرقەدەر كۆپ. ئۇلار بۇ كەسىپنى ئەقىل ئىشلەتمەي پۇل تاپقىلى بولىدىغان ياخشى كەسىپ دەپ قارايدۇ. ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشنىڭ پەسكەشلىك دەرىجىسىنى چۈشىنىپ

يېتەلمەي، پەقەت ئۇنى بىر تۈرلۈك خىزمەت دەپلا قارايدۇ. مەن يېقىندا خىروئىن سېتىپ تۇتۇلۇپ قالغان بىر ئايالنى زىيارەت قىلغان. ئۇ ئوقۇمىغان ئايال بولۇپ، كىچىكلا جەمئىيەتكە چىقىپ كەتكەن. 14 ياشقا كىرگەندە باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن پاھىشە بولغان. ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىپ پاھىشەلىك قىلىش جەريانىدا خىروئىنغا ئۆگىنىپ قېلىپ، خىروئىن سودىسى قىلىۋاتقان يېرىدە تۇتۇلۇپ تۈرمىگە قامالغان. ئۇ پاھىشەلىكنى مۇنداق چۈشىنىدىكەن: مەن پاھىشەلىك قىلىپ، باشقىلارغا زىيان سالمىدىم، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ پۇل تاپتىم. تېخى ئائىلەمدىكىلەرنىڭ يۈكىنى كىچىك تۈرۈپلا يەڭگىللەتتىم. مەن خىزمەت قىلدىم... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيەسىدىكى قىزلار ئىچىدىمۇ بۇ يولدا مېڭىۋاتقانلار كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇنى جەمئىيەتتىكى پۇلغا چوقۇنۇش خاھىشىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئەكس تەسىرى، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى خىزمەتكە ئورۇنلىشىش بېسىمى، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئىدىيەسىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئاجىزلاشتۇرۇشى، يۇقىرى ئىستېمالنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەردىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن پاھىشەلىك قىلىش ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان سەۋەب. شۆھرەتپەرەس، ئەمما ئىقتىسادى ئانچە ياخشى بولمىغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاشكارىلىمايدۇ. ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ياخشى يەپ، ياخشى كىيگۈسى كېلىدۇ. بىراق، ئىقتىسادى بۇنىڭغا يار بەرمىگەنلىكتىن، ئاسان ۋە تېز پۇل تاپقىلى بولىدىغان يولنى ئىزدەيدۇ. ئىقتىسادى ياخشى ئوقۇغۇچىلار

ئىچىدىكى يوقىرى ئىستېمال قوغلىشىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەۋەتكەن پۇلىنى يەتكۈزەلمەيدىغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قىلتىقىغا دەسسەپ قالىدۇ. بىراق، پاھىشەلىك يولىنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۇلار كۆڭلىدىكى دەككە ـ دۈككىدە خاتىرجەمسىز ئۆتكۈزىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئەتراپتىكى دوستلىرىنى، ئۆزىگە ئوخشاش پۇلغا ئامراقلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، روھىي جەھەتتە تەسەللى تاپىدۇ. بۇمۇ ئالىي مەلۇماتلىقلار ئىچىدە پاھىشەلىك يولىنى تاللاۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل.

4. يۇرتىدىن ئايرىلىپ پاھىشەلىك قىلىش قولايلىقلاشتى.

پاھىشەلەر كۆپ ھاللاردا يۇرت ـ جامائەت تونۇيدىغان جايدىن يىراقلاپ پاھىشەلىك قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقىدۇ. قاتناشنىڭ قولايلىقلىشىشى، يۇرتىدىن چىقىشتىكى باھانە ـ سەۋەبنىڭ كۆپىيىشى پاھىشەلەرگە قولايلىق ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ پاھىشەلىك قىلىدىغانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىدىكى يەنە بىر ئامىل.

5. خارلىنىش، چەتكە قېقىلىشتەك تەقدىردىن قۇتۇلالمىسىمۇ، ئاشكارىلىنىش، زەربىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى ئانچە چوڭ ئەمەس.

پاھىشەلەر مەيلى يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىلاردا بولسۇن ياكى بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا بولسۇن ئوخشاشلا باشقىلار تەرىپىدىن «ئەخلەت» دەپ قارىلىپ، چەتكە قېقىلىدۇ. خېرىدارلىرى تەرىپىدىن خارلىنىپلا قالماي، ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ. ئاخىر قېقىلىپ يالغۇز قېلىش، ئوقۇۋاتقان بولسا

مەكتەپتىن ھەيدىلىشتەك تەقدىردىن قۇتۇلالمايدۇ. بىراق پاھىشەلەر دۇچ كېلىدىغان روھىي بېسىم ئىلگىرىدىكىدەك ئانچە ئېغىر ئەمەس.

6. مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتىكى يەڭگىللىك، مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى.

شۇنداق دېيەلەيمەنكى، پاھىشەلىك يولىنى تاللىغان ئاياللارنىڭ كۆپ قىسمى مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، قىزلىق ئىپپىتىدىن ئايرىلغان قىزلار. قىزلار ئادەتتە تۇنجى سۆيگەن يىگىتىگە چىن مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلىدۇ. تاشلاپ كەتكەندە، ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويىدۇ. «بىرىنچى قېتىملىقى بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىقى بولسا نېمە بولاتتى» دېگەن ھېسسىيات بىلەن، ئاستا ـ ئاستا شۇ يولغا مېڭىپ كېتىدۇ. مەلۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان قىز ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۇ قىزنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئالىي مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدىن باشلاپ ئۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن يوشۇرۇن بىللە ئۆتۈپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ قىز ھامىلىدار بولۇپ قېلىپ نەچچە قېتىم بالا ئالدۇرۇپتۇ. ئوقۇتقۇچىسى: سىز مەكتەپ پۈتكۈزگەندە ئايالىمنى قويۇپ بېرىپ، سىزنى ئالىمەن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمەن، دېگەندەك گەپلەر بىلەن قىزنى ئالداپتۇ. قىز مەكتەپنىمۇ پۈتكۈزۈپتۇ. ئوقۇتقۇچىسى خىزمەت تېپىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ قىز تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىجارىسىنىمۇ تۆلەپ بەرمەپتۇ. قىز خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا ئىچكىرى ئۆلكىدىن ئۈرۈمچىگە زاۋۇت ئاچقىلى كەلگەن بىر تىجارەتچى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. ئۇ تىجارەتچى قىزغا ئۆي، ماشىنا ئېلىپ بېرىپتۇ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئاخىر

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن چىرايلىق بىر قىز باشقىلارنىڭ ئاشنىسى بولۇپ قاپتۇ. بۇمۇ بىر خىل پاھىشەلىك يولى. پەقەت بۇ خىل پاھىشەلىكتە مۇلازىمەت ئوبيېكتى نىسبەتەن مۇقىم بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، تۇنجى سۆيگۈسىنى تەقدىم قىلغان يىگىتنىڭ تاشلىۋەتكەنلىكى ئۇنىڭ ئاخىرقى پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئائىلە مۇناسىۋەتىدىكى بىر - بىرىنى ئالداش، ئۆزئارا كارى بولماسلىق، بىر - بىرىنى چەكلىمەسلىك خاھىشىمۇ ئايالالارنى پاھىشەلىك يولىغا باشلايدىغان يوشۇرۇن ئامىللارنىڭ بىرى.

7. «رەڭلىك» ئۇلتۇرۇشلارمۇ ئايالالارنى پاھىشەلىك يولىغا باشلايدۇ.

جەمئىيەتتە ئەۋج ئېلىۋاتقان بىمەنە «رەڭلىك» ئۇلتۇرۇش — يەپ - ئىچىش، كۆڭۈل ئېچىشنى ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى بولۇپ، بۇ ھەم ئايالالارنى پاھىشەلىك يولىغا باشلايدىغان سىرتماق. «رەڭلىك» ئۇلتۇرۇشتىكى ئايالالار پەقەت «كۆڭۈل ئېچىۋاتىمىز» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سورۇندا ئايالالارنى پاھىشەلىك يولىغا باشلايدىغان كۆرۈنمەس سىرتماق بار. بىر قىسىم ئايالالار ئۆزىنىڭ بۇ سىرتماققا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاھىشەلىك ئۇلارنىڭ ئىككىنچى كەسپىگە ئايلىنىدۇ.

8. پاھىشەلىك قىلىشنى «كۆڭۈللۈك، ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسىپ» دەپ كۆرسىتىشمۇ پاھىشەلەرنى كۆپەيتىدىغان يەنە بىر ئامىل.

مەن سۆھبەتلەشكەن 21 ياشلىق پاھىشە ئۆزىنىڭ بۇرۇنراق شۇ يولغا ماڭمىغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مەن دەسلەپ مۇلازىمەتچىلىككە

قوبۇل قىلىنغاندا، ئىككىلىنىپ بارمىغىلى تاس قاپتىكەنمەن، ئەمدى ئويلىسام پۇشايمان قىلىمەن. ئەسلىي بالدۇرراق بارىدىغان ئىشنى قىلسام بوپتىكەن» دېدى. مامىمۇ: «قىزلارنىڭ ئايرىم ياتاقلىرى بار، ئۆزلىرى تاماق ئېتىپ يەيدۇ، ئادەتتە مىجەزى كېلىشىدىغانلارنى بىر ياتاق قىلىپ قويىمىز. ياتاقتىن مېھمانخانىغا ئاپىرىپ ئەكېلىدىغان ماشىنا بار» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولمايدىغىنى ھەممىمىزگە ئايان. كۆپىنچە پاھىشەلەر كېچىچە مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ ھاراق ئىچىپ، تاماكا چېكىپ كۈندۈزى باش كۆتۈرمەي ئۇخلايدۇ. ۋاقتىدا تاماق ئېتىپ يېيەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتىمۇ ئىنجارىسى ئەرزان، شارائىتى ناچار ئۆيلەر بولۇپ، كۆپىنچە پاھىشەلەر پۇلنى تېجەش ئۈچۈن مۇھىتى ناچار، ئىنجارىسى ئەرزان ئۆيلەرنى تاللاپ ئىجارىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ پۇللۇق بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار پۇللۇق بولغان تەقدىردىمۇ پۇلنى كىيىم - كېچەك، گىرىم بۇيۇملىرىغا سەرپ قىلىپ تۈگىتىدۇ. ئۇلار پۇلنى قانچە ئاسان تاپقان بولسا، شۇنچە ئاسان تۈگىتىدۇ. ئۇلار ئادەتتە باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۆزلىرىنىڭ تارتىۋاتقان رىيازەتلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ. يېقىندا ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسىدىكى ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرى بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇ: «ئالدىمغا كەلگەن بىر قىسىم ئاغرىقلارغا قاراپ ھەم كۆڭلۈم ئېلىشىپ كېتىدۇ، ھەم ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. بىر قىسىملار قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن كېسەل بولۇپ، بالىياتقۇسى سېسىپ كەتكەن، ئۇلار داۋالىتىشقا پۇلى يوق زار - زار يىغلايدۇ. قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ. بىراق كېسەل بەدىنىنى چىرىماپ بولغاندا، يىغلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. پۇل خەجلەپ

داۋالاتماقتىن باشقا، ئامال يوق. بىر قىسىملارنىڭ كېسەللىكى ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالغان، داۋالىسىمۇ ساقايمايدۇ. كۆپىنچىلىرى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە شۇ كېسەللىكنىڭ دەردىنى تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەيدىز، سىپىلىس، سۆزنەك، بالىياتقۇ بوينى راكى ئۇلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدىغانلارمۇ پاھىشەلەر ئارىسىدا بىرقەدەر كۆپ. ئۇلار نورماللىق بىلەن بىنورماللىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل روھىي ھالەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشايدىغان بولغاچقا، روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇشتەك تەقدىردىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئەيدىز كېسىلىنىڭ خەۋپى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىشى بىرقەدەر تېز رايونلارنىڭ بىرى. پاھىشەلەر تۈپى تۈرلۈك جىنسىي كېسەللەرنى تارقىتىدىغان خەتەرلىك تۈپ بولۇپلا قالماي، ئەيدىز ۋىرۇسىنى تارقاتقۇچى خەتەرلىك تۈپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەنىدى.

ئايالنىڭ تۇتقان يولى ئۆزىگىلا مەنسۇپ ئەمەس. ئايال بىلەن باغلىنىشلىق بولىدىغان بىرمۇنچە كىشىلەر شۇ ئايالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەلۋەتتە، ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئۇچرىغۇچى بالا. چۈنكى، بالا ئانىنىڭ مىجەز - خۇلقى، تۇرمۇش ئادىتىنىڭ تەسىرىدە، ئۆزىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى يارىتىدۇ. مېنىڭ بۇ تېمىدا قەلەم تەۋرىتىشىمدىكى مەقسەت، جەمئىيەتتىكى پاھىشە ھادىسىسىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش ياكى يوقىتىش كېرەك، دەپ جار سېلىش ئەمەس، چۈنكى مەن ئۇنداق قىلىشنىڭ بىرەر - ئىككى پارچە ماقالە بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەلۋەتتە، ئەر - ئاياللىق پەرقىنىڭ ئۆزى يۇقىرىقىدەك ھادىسىلەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولغىلى

بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق، بۇ تېما نىشانىنى شۇ يولغا قاراتقان، شۇنى كەسىپ قىلىۋالغان ئاياللارغا ئەينەك بولالىسا، ئۇلار ئەينەكتىكى بەتبەشىرە ھالىتىنى كۆرۈپ ئەندىكسە، قىزلارنى شۇ يولغا يېتەكلەۋاتقان كىشىلەردە بىر ئويلىنىش پەيدا قىلالىسا دېگەن ئۈمىدتىمەن.

# «بىر - بىرىمىزدە ھەققىمىز بار»

يورۇق دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان بوۋاق ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاسرىشى، غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن ئاستا - ئاستا ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. بۇ جەرياندا ھەر بىر كىشى ھەر بىر سۆز - ھەرىكەتتى ئارقىلىق بوۋاققا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ تەسىر ئاكتىپ تەسىر بولۇشىمۇ، پاسسىپ تەسىر بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئادەمنىڭ كەلگۈسىدىكى قىممەت قارىشى ئەنە شۇنداق تەسىرلەر ئارقىلىق تىكلىنىدۇ. ئادەمنىڭ قىممەت قارىشى ئاخىرقى ھېسابتا، ھاياتلىق يولىدا باسىدىغان قەدىمىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى ئادەمنى بەختكە يېقىنلاشتۇرىدۇ ياكى بەختتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئىنساننىڭ تەقدىر - قىسمىتى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق بىر سىزىق، بىر سىزىقتىن سىزىلىدۇ. بۇ سىزىقنى سىزىدىغانلار ئىچىدە ئاتىمۇ، ئانىمۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ، قوشنا - قولۇملارمۇ، ساۋاقداشلارمۇ، ئوقۇتقۇچىمۇ، ھەتتا كوچىدىكى نامەلۇم بىرەيلەنمۇ بار. بىراق، ئىنساننىڭ ئۆزى بۇنى ھېس قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، «بىر - بىرىمىزدە ھەققىمىز بار» دېگەننى ئۇيلىيالايدىغانلار ئارىمىزدا يوق دېيەرلىك. كۆپىنچىمىز «مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز» دەپ، كۆپ ئىشلارغا پەرۋاسىز قاراشقا ئادەتلەنگەن.

يېقىندا بىرى 4 ياشقا، يەنە بىرى 8 ياشقا كىرگەن ئىككى بالا بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇلار مەھەللىمىزدىكى ناۋاينىڭ بالىلىرى ئىدى. « مەكتەپكە بارماپسىزغۇ؟»، «ئاتام

مەكتەپكە بەرمىدى. ئۆيدە ئۇكاڭغا قارايسەن دەيدۇ.» ئۇ باللارنىڭ كۆزلىرىدىنلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن چىچەنلىك چاقناپ تۇرىدۇ. بىراق بۇ خىل باللىق چىچەنلىكنىڭ مۇۋاپىق تەربىيەلىنىشتىن ئايرىلسا، ئاستا ـ ئاستا خوراپ تۈگەيدىغانلىقىنى ئويلىسا، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. ئەيىب كىمدە؟ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز ساۋاقدىشىم بولىدىغان. ئۇ چىرايلىق بولغاچقا نۇرغۇن ئوغۇل ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا يۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ ساۋاقدىشىمىزمۇ كۆپلىرى بىلەن يۈردى. ئاخىر ئۇنىڭغا ناھايىتى سەت لەقەم سىڭىپ قالدى. ئۇ ساۋاقدىشىم ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزەلمەي نەگىدۇر يوقاپ كەتتى. كېيىن ئاڭلىسام ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بىرنەچچە يىل تۇرۇپ قايتىپ كەپتۇ. بىشىدىن نۇرغۇن قىسمەتلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇ قىزنىڭ قىسمىتىنى كىم كەلتۈرۈپ چىقارغان؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىش ئەلۋەتتە ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرمەيدۇ. ئۇنى تونۇيدىغانلار تىشىدا ئەيىبلىمىگەن تەقدىردىمۇ، ئىچىدە «يولدىن چىققان ئايال» دەپ ئۇنى پەس كۆرىدۇ. يېقىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقىتلارنى ئويلىسام، ئۇ شۇنداق تارتىنچاق، تىرىشچان قىز ئىدى.

يېقىندا ھىلارى كىلىنتوننىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ چىقتىم. ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى سەتچىلىككە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى، ئېرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقى، ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ قانداق ئىبتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەربىيەلىنىش جەريانى بولدى. كىچىكىدىن تارتىپ قانداق ياشاش، ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن قانداق كۈرەش قىلىشنى ئۆگەنگەن، مەكتەپتىمۇ ئۆلۈك بىلىم ئەمەس، مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچىدىن مۇكەممەل جەمئىيەت

تەربىيەسى ئالغان بىر ئوقۇغۇچى ھاياتىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلارغا، سىناقلارغا ئەنە شۇنداق سالماقلىق بىلەن يۈزلىنەلەيدىكەن. بىزدىچۇ؟ بىزدە دەل شۇنداق تەربىيەلىنىش كەمچىل. ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللاردا يۈز بېرىۋاتقان ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى بايقاشقا ۋاقتى يوق. مەكتەپ تەربىيەسىدە ئادەم تەربىيەلەش ئاساس ئەمەس، نەتىجە ئاساس قىلىنىدۇ. نەتىجە ياخشى بولمىسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشى كۆرۈپ كۆيۈنۈشىگە ئېرىشىش، كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇيەسسەر بولۇش تەس.



ھازىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق كەيپىياتىنى ياخشىلاش تېمىسىدا تۈرلۈك شەكىلدە سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مەتبۇئاتلاردا ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىدىكى ماقالە، ئوبزورلار كۆپلەپ ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ھەقىقەتەن سۆزلەيدىغان يەرگە يەتكەن. بىراق، قانداق سۆزلەش كېرەك؟ مېنىڭچە، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئىزدەپ ئىچكىرىلىيەلىسەك، ياخشى بولاتتى. بىز ھازىر دىققەت - ئېتىبارىمىزنى شەكلەن ھادىسىلەرگە بەكرەك تىكىۋېلىۋاتىمىز. مەسىلەن، تۇيۇق يولدا مېڭىپ ئاياللىرىمىزنىڭ يۈزىنى تۈكۈۋاتقان ئايال، سىرتقا قاراپ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلار، رەڭلىك ئولتۇرۇش ۋە كوندە قاتار چايلاردىن بوشىمايدىغانلار بىزگە ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئاساسلىق سەۋەبكاردەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار بىزنى ھەقىقەتەن نومۇس قىلدۇرىدۇ. بىراق، نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ ھەقتىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. مەن يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار تۈرمىسىگە زىيارەتكە باردىم. مېنىڭ مەقسىتىم جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان ئاياللار بىلەن يۈز تۇرانە سۆھبەتلىشىش ئىدى. ئاياللار تۈرمىسىدە تويى قىلمىغان ياش قىزلارنى، چىرايلىق چوكانلارنى، ھەتتا قېرى مومايلارنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھېسسىياتىنى، تۇنجى قەدەمنى خاتا بېسىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلىدىم. مەن شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ رەزىل بولغانلىقىدىن ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ ھايات يولىدىكى باسقان قەدىمىنىڭ خاتا بولغانلىقىدىن بولغان. ئارىمىزدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇنداق ئاياللار نۇرغۇن. ئۇلار هايات يولىنى خاتا تاللىشى سەۋەبلىك ئەركىنلىكتىن، بەختتىن مەھرۇم قالغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئاياللارنىڭ تاللىشىغا سەۋەب بولغىنى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان قىممەت قارىشى. ئىشەنمىسىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ: سىز ئارقا - ئارقىدىن بەختسىزلىككە يولۇقتىڭىز، بۇنداق چاغدا قانداق قىلىسىز؟ ياكى غەيرەت قىلساملا، بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتەلەيمەن، دەپ ئويلامسىز ياكى مېنىڭ بولۇشۇم مۇشۇ ئوخشايدۇ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دەمسىز؟ قايسى خىل تاللاش سىزنى بەختسىزلىكتىن تېزرەك قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدۇ؟ يەنە تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ: سىز ئۆيدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىڭىز. بۇنداق چاغدا، باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا توغرا كېلىپ قالغاندا قانداق قىلىسىز؟ مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈن باشقىلارنىڭ بېشىغىمۇ كېلىپ باقسۇن دەمسىز ياكى مەن تارتقان ئازاب باشقىلارنىڭ بېشىغا كېلىپ قالمىسۇن دەپ ياردەم قولىڭىزنى سۇنامسىز؟ بۇ يەردە قانداق تاللىشىڭىز دەل سىزنىڭ قانداق تاللاشنى ئۆگەنگەنلىكىڭىز ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىڭىز، تەسىراتىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ.

..............

جەمئىيەتتە ئارىلىشىدىغان دوستلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇ ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىدۇ. ئىچىشنى، چېكىشنى ئۆگىنىدۇ. چېكەرمەن ئاغىنىلىرى بىلەن ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىشتىن تارتىپ، خىروئىن سېتىشقىچە ھەممىنى قىلىدۇ. ھەتتا، بۇ ئارىدا بىللە يۈرىدىغان بىرەيلەن بىلەن توي قىلىپ، بىر ئوغۇللۇقمۇ بولىدۇ. 21 ياشقا كىرگەن يىلى 13 يىللىق مۇددەتلىك قاماققا ئېلىنىدۇ.

مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ قىز بىلەن ئىلگىرىكى بەختىياش قىزنى بىر - بىرىگە زادىلا باغلىيالماي قالدىم. ئۇ كۆرۈنۈشتە قەيسەر، ئىرادىلىك كۆرۈنەتتى. تۇرۇپلا ئويلاپ قالدىم، ئۇ قىز بىلەن مېنىڭ پەرقىم نەدە؟ مەن ياخشى تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، 30ياشقا كىرگۈچە ئۆزىدە مۇكەممەل ياشاش نىشانى تۇرغۇزغان، ھاياتىدا جەمئىيەت ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ تۆھپە قوشۇشنى ئويلايدىغان ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدىغان ئايال. ئۇ بولسا ياخشى تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن، جەمئىيەتتىكى رەزىللىك تەرىپىدىن تارتىپ كېتىلگەن ئايال. ئۇ ئايال گەرچە ئەركىنلىكىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، قىزغىنلىقىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ ئايال بىلەن مېنىڭ نېمە پەرقىم؟ ئۇ ئايال ھايات سەپىرىدە نىشانىدىن ئازغان. «مەن يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن جەمئىيەتكە چىقىمەن، شۇ چاغدا پوپايكا توقۇپ سېتىپ، تۇرمۇشۇمنى قامدايمەن، قاراڭ، بۇ پوپايكىنى ئۆزۈم توقۇغان». ئۇ ئايال ماڭا شۇ گەپنى قىلغاندا يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئايال ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولسىدى، ھازىر تەقدىرى باشقىچە بولغان بولاتتى.

. . . . . . . . . . . . . .

ئۇ بوي - بەستى، چىراي - شەكلى شۇنداق كېلىشكەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ئۆينىڭ چوڭى بولۇپ، ئاتا - ئانىسى كىچىكىدە تۈگەپ كەتكەنىكەن. ئۇ كىچىكلا ئىشچىلىققا ئورۇنلىشىپ، ئاتا - ئانىسىدىن قالغان يەتتە ئىنى - سىڭلىسىنى بېقىپتۇ. ئۇنىڭ يۈكى ئېغىر بولغاچقا، تۇنجى ئېرى ئۇنى ئىككى بالا بىلەن تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. ئىككىنچى ئېرىدىنمۇ ئىككى باللىق بوپتۇ. كىچىك ئوغلى بىر ياشقا كىرگەندە ئېرى ئىككى بالا بىلەن يەنە تاشلاپ

كېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇ ھەممىدىن ئۇمىد ئۈزۈپ بالىلىرىنى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئاشخانا ئېچىپتۇ، بۇ جەرياندا ئۇ خىروئىن سودىسىغا ئارىلىشىپ قاپتۇ. جىنايەت ئۆتكۈزگەنىكەن، قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغان گەپ. ئۇ جىنايىتى سەۋەبلىك تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ.

مەن ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ئىسمىنى سورىيالمىدىم. تۈرۈپ - تۈرۈپلا تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازى، ياش ئەگىگەن كۆزلىرىدىن پۇشايماندىن ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مېنىڭ يەنە ئۇلارنى خىجىل قىلغۇم يوق ئىدى. ئەمدىلا 30 دىن ئاشقان بىر ئايال جىنايەتچىنىڭ «ئادەم سىرتتىكى چاغدا ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يەتمەي، نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدىكەن. جىنايەت يولىغا مېڭىپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن بولسا، ھەممە ئىشقا كېچىكىدىكەن. مەن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، ھەر نۆۋەت تۈرمىگە يېڭى جىنايەتچىلەر كەلسە، نېمىشقا بىزگە ئوخشاش خاتا يولدا ماڭغاندۇ؟ نېمىشقا بىزدىن ئىبرەت ئالمىغاندۇ، دەپ ئۇلارغا ئېچىنىپ كېتىمەن» دېگەن سۆزى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ. «يالغۇز قىزىم كىچىكلا تۈرۈپ مەندىن ئايرىلىپ قالدى. ھازىر 14 ياشقا كىرىپ چوپ - چوڭلا قىز بولۇپ قاپتۇ. شۇ قىزىم تەربىيەسىز قالمىسا بولاتتى». بۇ ئانىنىڭ كۆزىدىن چىقىپ تۇرغان بالا مېھرىگە بولغان تەشنالىق، ئۆكۈنۈش ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا.

ھاياتلىقتا ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئەمەلىيەتتە بەك چوڭ چەك - چېگراسى بولمايدىكەن. ئادەم بىر قەدەم بىلەن ياخشىلىققا، بىر قەدەم بىلەن يامانلىققا يېقىنلىشىدىكەن.

ئىنسان ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن قايسىنى تاللىشى ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدىكەن. بۇ ئىقتىدار ئەلۋەتتە ئۇ كىشىنىڭ تەربىيەلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردە مەن دەۋاتقان تەربىيەلىنىش نوقۇل مەكتەپ تەربىيەسىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئالىي مەلۇماتلىقلار ئىچىدىمۇ خاتا يولنى تاللاۋاتقانلار يوق ئەمەس. مەن دەۋاتقان ئائىلە تەربىيەسىمۇ يۈزەكى ھالدىكى ئېتىقاد، ئەنئەنە تەربىيەسىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئادەم ئالدى بىلەن ئادەم بولۇشنى بىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ساغلام ئېتىقادقا ئىگە بولغىلى بولۇپلا قالماي، قوبۇل قىلغان ئەنئەنە تەربىيەسىمۇ بورانىنى كۆرسە نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كېتىدىغان غازاڭغا ئوخشاپ قالمايدىكەن. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزدە بۇ خىل تەربىيەلىنىشنى ھازىرلىيالايمىز؟

بىرىنچىدىن، مائارىپىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. يەنى مائارىپىمىزدىكى شەكىللۋازلىقنى تۈگىتىش كېرەك. مائارىپىمىز ئوقۇغۇچىلارغا ئۆلۈك بىلىم ئەمەس، ئەمەلىي ئىقتىدار، ئەمەلىي ياشاش، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان، ئوقۇغۇچىغا ھەقىقىي مەسئۇل بولىدىغان مائارىپ بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەلبىدە بالا تەربىيەلەش نوقۇل شەخسنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مىللەتنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىشى، دېگەن ئاڭ يېتىلىشى كېرەك. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، بىر ئادەمنىڭ قانداق مۇھىتتا تۇغۇلۇشى، قانداق مۇھىتتا ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى، قانداق كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، قانداق شەكىلدىكى تەربىيەنى قوبۇل قىلىشى شۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولالايدۇ. بىز

ئائىلىدە ياخشى تەربىيەلەنگەن پەرزەنتىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى رەزىللىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى ياكى ئەقىللىق بىر ئۆسمۈرنىڭ تەربىيەسىز قېلىشىنى ۋە ياكى يامان يولدىن قايتقان بىر ئايالنىڭ جەمئىيەتتە چىقىش يولى تاپالماي، يامانلىق تەرىپىدىن يەنە قايتا تارتىلىپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمايمىز. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزنى ياخشىلىماقتىن، جەمئىيەتتە «بىر - بىرىمىزدە ھەققىمىز بار» دېگەننى ئورتاق سادادا ئايلاندۇرماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق.

# قەلبى قۇلۇپلانغان كىشىلەر

ئۆز پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاتا ـ ئانىنىڭ قايغۇ ـ ئەلىمىنى دېمەيلا تۇرايلى، ئەقەللىيسى قەلبىدە كىچىككىنە ئادىمىيلىك ئۇرغۇپ تۇرغان ھەر بىر ئىنسان ھەرقانداق بىر بالىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، خورلۇق، سەرگەردانلىقتا مۇپتىلا بولۇشىغا چىدىيالمايدۇ. ئەمما جەمئىيىتىمىزدە، ئازغىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتى قوبۇل قىلالمايدىغان ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇنىدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان گۇناھسىز سەبىي بالىلارغا قارىتا، ئىنساندا بولىدىغان مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ئەسەرمۇ يوق. بالا ساتقانلىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىدە يېتىۋاتقان خەلىچىخان (ئىسمى ئۆزگەرتىلدى) ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى.

خەلىچىخان بۇندىن 50 يىل بۇرۇن مەلۇم ناھىيەنىڭ چەت يېزىسىدا، نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. خەلىچىخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەمگەكچان كىشىلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قورساقنى ئاران بېقىش بىلەن ئۆتەتتى. خەلىچىخان بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە ئىنىسى تۇغۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا خەلىچىخاننىڭ ئانىسى ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغدى. خەلىچىخاننىڭ بالىلىق ۋاقتى ئانىسىغا ياردەملىشىپ بالا بېقىش بىلەن ئۆتتى. ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدىن باشقا، تاماق ئېتىپ كىر يۇيۇپ، ئۆي يىغىشتۇرۇپ، بالىلارغا قاراش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئانا

خەلىچىخاننىڭ ئۆز قوچىقىدىن ۋاقىتسىز چۈشۈپ، يېشىغا ماس كەلمەيدىغان يۈكنى ئۈستىگە ئېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىدى. ئانا خەلىچىخاندىن ئۆكىلىرىغا قاراشنى، ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنى يېگۈزۈشنى، زاكىلىرىنى يۇيۇشنى تەلەپ قىلاتتى ــ يۇ، خەلىچىخاننىڭ شۇ خىزمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، باغرىغا بېسىپ، ماختاپ سۆيۈپ قويمايتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ساددا ئانا بالىسىغا شۇنچە ئامراق بولسىمۇ، بالىسىنىڭ ئانا مېھرىگە قانچىلىك موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ئۆز ئامراقلىقىنى خەلىچىخانغا ھېس قىلدۇرالمىدى.

بالىلىق ھاياتىنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزگەن خەلىچىخان 14 ياشقا كىرگەن يىلى ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن باشقا يېزىلىق بىر كىشىگە ياتلىق قىلىندى. ئەمما خەلىچىخاننىڭ يېشى كىچىك بولغاچقىمۇ، ئەيتاۋۇر توي قىلىپ ئىككىنچى يىلى ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بالىسىنى ئېرىگە بېرىپ، ئېرىدىن ئاجراشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز يېزىسىدىكى يەنە بىر بالا بىلەن توي قىلدى. بۇ قېتىم خەلىچىخان ئېرى بىلەن كېلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېرى دېھقانچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشى ئىدى. ئۇلار توي قىلىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ناھىيە بازىرىدا كىچىكرەك ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئېلىپ، باققالچىلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى. ئۇلار قانچە تىرىشسىمۇ يەنىلا قورساق بېقىش بىلەنلا چەكلىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. خەلىچىخان ۋە ئۇنىڭ يولدىشى تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار ئەسلىي جاپا تارتسىمۇ ئۆز ئەجرى بىلەن ھالال ياشاپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە چىققان ئالتە ــ يەتتە يىلنى باققاللىق قىلىپ، كۆكتات سېتىپ ئۆتكۈزدى. بۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى

گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، قەلبى پاكىز بولغاچقا، خاتىرجەم ياشايتتى، ھالال تەر بىلەن تاپقان پۇلىنىڭمۇ خېلى بەرىكىتى بار ئىدى.





خەلىچخان ئۆز تۇرمۇشىنى ئازراق يولغا سېلىۋالغاندىن كېيىن، يۇرتتىكى تۇرمۇشتا قىينىلىۋاتقان ئىنىسى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقتى. ئىنىسىنىڭ ئايالى ئىككى قات بولۇپ، بىر كۈنى كەچتە قورسىقى ئاغرىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. دوختۇرلار ئۇنى تۇغۇت ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كەتكىنىچە، تاڭ سەھەرگە يېقىن ئۆلۈك بىر بوۋاقنى ئۇلارغا بەردى. بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، خەلىچخاننىڭ ئىنىسى خەلىچخانغا ئۆزلىرىنىڭ بىر بالا بېقىۋېلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بوۋاق ئىزدەپ دوختۇرخانىلارغا باردى، تونۇش - بىلىشلىرى ئارقىلىق بالا تېپىشقا خېلى ئۇرۇنۇپ باقتى. بىراق، ئارىدىن

بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بالا تېپىلمىدى. ئۇلار بالا بېقىۋېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خەلىچىخاننىڭ قوشنىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پاقلاندەك بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ كىردى. «بۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تاشلىۋېتىپ ئىچكىرى ئۆلكىگە كىرىپ كېتىپتۇ، قارايدىغان ئادىمى يوق ئىكەن، سىلەر بېقىۋالامسىلەر؟» بۇ گەپ بېقىۋالىدىغانغا بالا تاپالماي ئاران تۇرغان خەلىچىخانغا ياغدەك ياقتى ۋە دەرھال ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۇ ئايالغا پۇل ۋە زىننەت بۇيۇمى قاتارلىقلارنى بەردى. خەلىچىخان ئىنىسىغا بالىنى بېقىۋېلىشقا بېرىپ، بىرقانچە ئايغىچە، خۇددى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بالىنى ئېلىپ كېتىدىغاندەك خاتىرجەم بولالمىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، ئەمما بالىنى ئىزدەپ بىرەر كىشى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىچىخان پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولدى. خاتىرجەم بولدى ـ يۇ، كۆڭلىگە بىر شۇملۇق كېچىپ: «توۋا، نەچچە يىلدىن بېرى بۇنداق ئىشنى ئەجەب ئېسىمگە كەلتۈرمەپتىمەن؟ بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەنغۇ. ئەنە ئايشەمخانمۇ (خەلىچىخانغا بالا تېپىپ بەرگەن ئايال) بىر كۈندىلا بىزنىڭ يىللاپ تاپقان ـ تەرگىنىمىزنى ئېلىپ كەتتىغۇ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ پات ـ پات كوچا ـ كويلارنى، ئاھالىلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئارىلايدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى خەلىچىخان بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا بىلەن ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بالىنىڭ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ خېلى ئۇزاق كۆزەتتى. بالىلارنىڭ يېنىغا بىرەر چوڭ كىشى كەلمىدى. خەلىچىخان ئەتىسى يەنە كەلدى. مانا مۇشۇنداق نەچچە كۈن كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ ئىككى بالىنىڭ كۈندۈزى ئاساسەن يالغۇز

ئويناپدىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چۈشتىن كېيىن سائەت 5 لەر ئەتراپىدا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن خەلىچىخان ھەرىكەتنى باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن يۈزىنى ياغلىق بىلەن ئورىدى. يانچۇقىغا باللارنى ئالداش ئۈچۈن بىرنەچچە تال كەمپۈت سېلىۋالدى. باللار ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز ھالدا قورۇ ئالدىدا ئويناۋاتاتتى. خەلىچىخان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە باللارنىڭ چوڭىدىن «بالام، ئانىڭىز ئۆيدە بارمۇ؟ مەن ئۇنىڭ دوستى، ئۆيۈڭلارغا مېھمان بولۇپ كەلدىم، ئانىڭىزنى چاقىرىپ چىقامسىز» دەپ سورىدى. بالا بۇ ئايالغا ئانچە دىققەت قىلمايلا: «ئانام ئۆيدە يوق، دادامغا قارىشىپ بەرگىلى دۇكانغا كەتتى» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلىچىخان ئىككى بالىنىڭ قولىغا ئىككى تالدىن كەمپۈتنى تۇتقۇزدى ـ دە، كىچىكىنى كۆتۈرۈپ مەڭزىگە سۆيدى ۋە باللارنىڭ چوڭىغا قاراپ: «ئوماق قوزام، مەن ئۈكىڭىزغا قاراپ تۇراي، سىز بېرىپ ئانىڭىزنى چاقىرىپ كېلىڭ، بولامدۇ؟» دېدى. بالا ھېچنېمىنى خىيالىغا كەلتۈرمەي يۈگۈرگەن پېتى ئانىسىنى چاقىرغىلى كەتتى. خەلىچىخان بالىنىڭ قارىسى يۈتكەندىن كېيىن، تۆت ئەتراپقا تېزلىكتە كۆز يۈگۈرتتى ۋە ئەتراپتا باشقا ئادەم يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، بالىنى كۆتۈرگىنىچە غايىب بولدى.

بالا ئانىسىنى چاقىرىپ ئۆيگە كەلگەندە مېھمانمۇ، ئۈكىسىمۇ يوق تۇراتتى. ئانا ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى. ئۇلار يەنىلا كۆرۈنمەيتتى، قوشنىلىرىدىن سۈرۈشتۈردى، ئۇلارمۇ بىلمەيتتى، يولدىن ئۆتكەنلەرمۇ كۆرمىگەنىدى. شۇ چاغدىلا ئانىنىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزدى، ئۇ توختىماي ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلايتتى. ئاتا بولسا تونۇش ـ بىلىشلىرىگە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدى. يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى، بالىدىن

Nurkitap.com كىتاب نۇربىكىتى

يەنىلا خەۋەر يوق ئىدى. بىر كۈن، ئىككى كۈن ئۆتتى. ساقچىلارغا خەۋەر قىلىندى. تېلېۋىزوردا ئېلان بەردى. ئەمما ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىدى. ئاتا شەھەر ئاتلاپ ئىزدىدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىچە باردى. بىراق يۈرەك پارىسىنىڭ دېرىكىنى زادىلا ئالالمىدى. شۇندىن كېيىن بۇ ئائىلىدە كۈلكە ئۈزۈلدى. ئەر - ئايال بىر - بىرىگە ئارتۇق گەپ قىلىشمايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ بالا نەگە ئېلىپ كېتىلدى؟ خەلىچىخان ئىلگىرى باققالچىلىق قىلىدىغان جايدىكى كىشىلەردىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بالا ئاپىرىپ ساتىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە ئۇچۇر ئاڭلىغانىدى. بۇ نۆۋەت خەقنىڭ بالىسىنى ئالداپ ئېلىپ قېچىشتىن بۇرۇن، شۇلار بىلەن ئالاقىلەشتى ۋە بالىنى ئۆيىگىمۇ ئېلىپ بارماي، شۇلارغا بەش مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتتى. ئۇ بۇ پۇلنى يانچۇقىغا سالغاندا، كۆڭلىدە ئازراقمۇ ئۆكۈنۈش بولمىدى. خۇددى سودىدا پايدا ئالغان كىشىدەك يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. خەلىچىخاننىڭ شۇ قېتىمقى ئىشى ئۇڭغا تارتقاندىن كېيىن، يۈرىكى خېلى يوغىناپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ ئىلگىرى ئۆزىگە بېقىۋېلىش ئۈچۈن بالا تېپىپ بەرگەن ئايالنى ئۆيىگە چاقىرىپ، بالا بولسا تېپىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇ ئايال ماقۇل بولۇپ بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ كىردى. خەلىچىخاننىڭ بالا بېقىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر تونۇشى بار ئىدى. بۇ نۆۋەت خەلىچىخان شۇ ئايالنى خىيال قىلىپ، بالىنى ئۇدۇللا شۇلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى ۋە ئۇلارغا: «بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بالىنى تاشلىۋېتىپ، ئىچكىرى ئۆلكىگە كىرىپ كېتىپتۇ، بىز بېقىۋالايلى دېسەم پۇلدىشىم ئۇنىمىدى. شۇڭا سىلەرنى بېقىۋالارمىكىن، دەپ ئېلىپ كىرگەنىدىم» دېدى. بۇ سۆز ئۇنىڭ قوشنىسىغا خۇش ياقتى ۋە بالىنى ئېلىپ قېلىپ،

خەلىچىخاننى رازى قىلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، خەلىچىخان بىلەن بۇرۇن قوشنا ئولتۇرغان بىر ئايال ئۇنىڭ باشقىلارغا بالا تېپىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزدەپ كەلدى ۋە بالىنى ئۆزىگە سېتىپ بەرسە، كۆپرەك پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. «كۆپرەك پۇل»نىڭ گېپى چىقىشى بىلەن، خەلىچىخانىنىڭ كۆزى قىزىرىپ، بالىنى ساتقان يېرىدىن ئېلىپ كەلدى - دە، ئۇلارغا يۇقىرى باھادا ساتتى. بېقىۋالغان بالىسىدىن بىرنەچچە كۈن بولا - بولمايلا ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ خەلىچىخانغا تازا ئاچچىقى كەلدى ۋە بۇ ئىشنى ساقچىغا مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بالا سېتىپ، پايدىسىنى كۆرۈپ قالغان خەلىچىخان قانۇن تورىغا چۈشتى.

جەمئىيەتتە جاپا - مۇشەققەتنى يېڭىپ، چېكىسىدىن ھالال تەر ئاققۇزۇپ ياشىغانلار ھاياتىغا ھەقىقىي مەنە ۋە ئىللىقلىق ئاتا قىلىشقا قادىر بولالايدۇ. ئۇلار گەرچە باي - باياشات ياشىمىسىمۇ، ئەمما ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە ئېرىشكەن رىزقىدىن پەخىرلىنىپ، قانائەت قىلىپ ئادىمىيلىكىنى يوقاتماي ياشاۋاتىدۇ. بىراق، ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ باشقىلارنىڭ ئازابى بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇنداق رەزىللىكنى قىلىۋاتقان كىشىلەر گەرچە ئادەم سىياقىدا بولسىمۇ، روھىي دۇنياسىدا ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت يوق. ئۇلار پسىخىكىسى بىنورمال، پۇل - مالنىڭ قۇلىغا ئايلانغان بىچارىلەر. قېنى ئەمىسە بۇنداق رەزىل كىشىلەرنىڭ روھىي كەمتۈكلۈكىنى پسىخىكا نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ باقايلى:

ئادەتتە ئادەم ماددىي بۇيۇملارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن ئېلىم - سېتىم مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ يەردىكى ئېلىپ -

ساتىدىغان نەرسە ماددىي بويۇمدىن ئىبارەت. ئەمما بالا سودىگەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى ئۆزىگە ئوخشاش ئادەم. بۇ خىل ئىلىم - سېتىم مۇناسىۋىتىدە ئېلىپ - سېتىلىۋاتقان ئادەم بالىسى ماددىي بويۇمغا ئايلىنىدۇ. ئۇنداقتا بۇنداق ئىشنى قىلىدىغان كىشىلەر قانداق كىشىلەر؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، بۇنداق ئىشنى قىلىدىغانلار ئەقەللىيسى مېھىر - مۇھەببەتنى ھەقىقىي مەنىدىن چۈشەنمەيدىغان، ھېس قىلالمايدىغان كىشىلەر. بالا ئېلىپ - ساتقانلارنىڭ باللىق دەۋرىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسىدىن، ئۇنىڭ شۇنداق ئىشنى قىلىشىغا خېمىرتۇرۇچ بولىدىغان ئامىلنى بايقايمىز. باراقسان ئۆسكەن بىر توپ دەرەخنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ مۇشۇ خىل ھالىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان يىلتىزىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمىغانغا ئوخشاش، خالاس. خەلىچىخاننىڭ ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، خەلىچىخان باللىق دەۋرىدە ئانا مېھرىگە قانمىغان. بالا ئانا مېھرىنى ئانىسىدىن ئالىدۇ ۋە بالىسىغا، ئەتراپتىكى كىشىلەرگە بېرىدۇ. خەلىچىخان تېخى بالا ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ ئانا مېھرىگە بولغان تەقەززاسى، ئېھتىياجى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان، بۇ مېھرگە ئۇنىڭ ئىنى - سىڭىللىرى قېنىپ ئۆزىنىڭ ئانا مېھرىگە بولغان مۇھەببىتىگە سەل قارالغان. بالا بالىغا قانداق كۆيۈنۈشنى، مېھرىبانلىق قىلىشنى ئاتا - ئانىدىن ئۆگىنىدۇ. دېمەك، خەلىچىخاندا ئۇنداق تەسىرات كەمچىل ياكى يوق. ئۇ باللىق دەۋرىدە ئەنە شۇ خىل «باللىقىغا ئېتىبارسىز قارالغان» مۇھىتتا چوڭ بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇمۇ باشقا بالىلارنىڭ باللىقىغا ئېتىبارسىز قارىغان. چۈنكى، ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان بالىنىڭ، بالىدىن ئايرىلغان ئاتا - ئانىنىڭ ئازابىنى ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلالمايدۇ.

ئەگەر بۇنداق كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئانا ـ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ئويغىنىپ قالسا، يەنى بالىسىدىن ئايرىلىپ، ياكى بالىلىق بولۇپ شۇ خىل ھېسسىيات پەيدا بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىلغان ئىشى ئۇچۇن ۋىجدان ئازابى تارتىش بىلەن ئۆتىدۇ، بەزىلەر ساراڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئۆمرىدە ئىنسانىي تەبىئىتىدىكى كۆمۈلۈپ كەتكەن ئۇ خىل ھېسسىيات ئويغانمىسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ ئىشنى قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇلاردا قىلىۋاتقان ئىشىدىن پۇشايمان قىلىش ھېسسىياتى بولمايدۇ، خالاس.

كتاب تۈركىتاپ turkitap.com

# ئاتا ـ ئانىمىز قېرىشقا باشلىغاندا

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ ئاددىي ھەققى شۇكى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سەن بۇ دۇنياغا تۆرەلدىڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئاناڭنى ھەمىشە ھۆرمەت قىل ۋە ئۇلۇغ بىل.

ــ مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى

ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ. بىر كېچىدىلا ياش، ساغلام، روھلۇق ھالىتىگە قايتىپ قالسىكەن، دېگەن خىيالدا بولىمىز. نېمە سەۋەبتىن شۇنداق خىيالدا بولىمىز؟ ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ قېرىپ، ئىلگىرىكى ھالىتىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى قوبۇل قىلالايلى.



رەنا ئانىسىغا تېلېفون قىلغاندا ئانىسى قېلىن يوتقانغا ئورۇنۇپ ياتقانىدى. شۇ سەۋەبتىن تېلېفون جىرىڭشىپ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن تېلېفوننى ئالدى. «ئانا، نېمە بولدىڭىز، نېمىشقا تېلېفوننى ئالمايسىز؟» رەنانىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا ئانىسى ئاچچىقلىنىپ كەتتى. «نېمە بولاتتىم، پۇتۇم ئاغرىپ ياتقان، ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭالمىغاندىن كېيىن، شۇنداق بولىدۇ ـ دە.» رەنا ئانىسىنىڭ ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، تېلېۋىزور كۆرۈپ سائەت ـ سائەتلەپ ئولتۇرۇشقا رازىكى، سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. رەنا ئۈچۈن

ئانىسىدىكى ئۆزگىرىش يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان ناھايىتى تېز بولغانىدى.

ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ مۇكچىيىپ كېتىۋاتقان قەددى ـ قامىتىگە، ئىلگىرىكىدەك ئىشلىمەي قېلىۋاتقان پۇت ـ قوللىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلساقمۇ، بەزىدە ئۇنى قوبۇل قىلغۇمىز كەلمەي قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىمىزنى ئىلگىرىكىدەك بولسا بولاتتى، دەپ ئارزۇ قىلىمىز.

بۇ يىل 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قادىر مۇنداق دەيدۇ: دادام 80 ياشقا كىرىپ قالدى. سالامەتلىكى خېلى ياخشى. بىراق 10 مىنۇت ماڭمايلا ھېرىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشكە ئامراق. ئەمەلىيەتتە دادامنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ھەرىكەت قىلىپ تۇرغىنى ياخشى. شۇنداقتىمۇ، دادامدىن ئەنسىرەيدىكەنمەن. كۆپرەك ئارام ئالسىكەن، دەپ ئويلايدىكەنمەن. باشقىلار مېنى دادامغا ئوخشايسەن، دەيدۇ. بەزىدە دادامغا قاراپ مەنمۇ شۇنداق قېرىپ كېتەرمەنمۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن. ياشلارغا قارىسام ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن قېرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىممۇ ئازلاپ كەتتى. خۇددى ئەمدى ھېچقانداق ئارزۇ ـ ھەۋەستە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغاندەك ھېسسىياتتا بولىمەن.

ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىمىزدىن زىيادە ئەنسىرىشىمىزنىڭ سەۋەبى پەقەت ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكىمىزدىن بولغانمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. بىز ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىمىزغا قارىغىنىمىزدا ئۆزىمىزنىڭمۇ ئۇزاق قالمايلا شۇنداق قېرىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ بىئارام بولىمىز. قېرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆزىمىزنىڭمۇ شۇنداق قېرىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمەيدۇ.

nurkitap.com



هەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ توغرىسىدا بېشارەت بېرىشىنى خالىمايمىز. بىراق ئاتا ـ ئانىمىز خۇددى بىزنىڭ ئەينىكىمىزدەك بىزگە قېرىپ كەتكەن ۋاقتىمىزدىكى ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىئارام بولىمىز. ئاتا ـئانىمىزنىڭ تېتىكرەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز.



بۇ يىل 55 ياشقا كىرگەن ئايشەم مۇنداق دەيدۇ: بۇرۇن مەيلى قانداقلا ئىشقا يولۇقماي، ئانامدىن مەسلىھەت سورايتتىم، ئانام ماڭا مەسلىھەت بېرەتتى، روھىم چۈشۈپ كەتسە ئىلھام بېرەتتى. بىراق، ھازىر ئىشلار پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ئانام 80 ياشقا كىردى. ئۇ شۇنداق ئاجىزلاپ كەتتى. ئانامنىڭ ھەممە ئىشتا مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا قاراپ بەزىدە كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدۇ.

بىراق ئامال يوق، ئانام ھازىر بالىغا ئوخشاپ قالدى. مەن بولسام، ئانامغا كىچىك بالىغا قارىغانغا ئوخشاش قارىمىسام بولمايدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشكە بەزىدە ماسلىشالماي قالىمەن. بىراق، ئامال بار چانىدۇرمايمەن. بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ماسلىششقا بىر مەزگىل كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

ئاتا ـ ئانىمىز كۆچىدىن قالغاندا بىز ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئايلىنىمىز. بۇ چاغدا بەلكىم خىزمىتىمىز ئالدىراش بولۇشى، يېڭىلا پېنسىيەگە چىقىپ، كەيپىياتىمىزدا داۋالغۇش بولۇۋاتقان مەزگىل بولۇشى مۇمكىن... ئىشقىلىپ بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز تازا ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق ئاتا ـ ئانىمىز روھىي ھالىتىمىزدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلماي، بىزدىن توختىماي ئاغرىنسا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

51 ياشلىق ئامىنە مۇنداق دېدى: ئانامنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدىغان بولۇپ قالغىنىغا ئىككى يىلچە ۋاقىت بولدى. بىز ئۈچ قېرىنداش نۆۋەت بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئالىمىز. ئانام كىمنىڭ ئۆيىدە تۇرسا شۇنىڭدىن كۆپرەك ئاغرىنىدۇ. ئۈچ قېرىنداش بىر يەرگە كەلگەندە كىچىك ۋاقىتلىرىمىزنى ئەسلەپ كېتىمىز، ئۇ چاغلاردا ئانامنىڭ مىجەزى بەك چۇس ئىدى. بىز ھەممىمىز ئانامدىن قورقاتتۇق. شۇ چاغلارنى ئويلىساق، ھەممىمىز ھاياجانلىنىپ كېتىمىز.

«بىزنىڭ نېمە دەۋاتقىنىمىز بىلەن كارى يوق، ئۆزىنىڭ گېپىنىلا قىلىدۇ.» 59 ياشقا كىرگەن پاتىمە شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، ئۇلاپلا يەنە شۇنداق دېدى: «مەن بەزىدە ئانامنىڭ گېپىگە رەددىيە بېرىپ بولۇپ، دەرھاللا بىئارام بولىمەن ۋە يەنە سەۋرچانلىق بىلەن ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن. مەيلى ئانام بىر گەپنى توختىماي تەكرارلىسىمۇ،

خـۇددى يېگىـــدىن ئاڭلاۋاتقانـــدەك تــۇرۇپ ئــاڭلايمەن. مەن كىچىككىمدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانام قېرىغاندا ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ هالىدىن خەۋەر ئالىمەن، دەپ ئويلايتتىم. بىراق، ئاتا ـ ئانــام كۆچــۈپ كېلىـــپ مەن بىـــلەن بىلـــلە تۇرۇشـــقا قوشۇلمايۋاتىدۇ. مەن كۆچـۈپ باراي دىسـەم مىنىڭمـۇ ئائىلەم بار، ئۆينى تاشلاپ بارالمايدىكەنمەن. شۇنىڭ بىـلەن هەر كـۈنى ئىشـتىن چۈشـۈپ ئالـدى بىـلەن ئاتـا ـ ئانـامنى يوقلىۋېتىـپ ئانـدىن ئـۆيگە كېـتىمەن. شـۇنداقتىمۇ ئاتـا ـ ئانامغـا يـۈز كېلەلمەيدىغاندەك ئويلاپ قالىمەن.

ئاتـا ـ ئـانىمىز ئاسـتا ـ ئاسـتا قېرىـپ، تۇرمۇشـتا ئـۆز هاجىتىدىن تولۇق چىقالمايدىغان بولـۇپ قالغانـدا تېـرىككەك بولـۇپ قېلىشـى، باشـقىلاردىن دائىـم ئاغرىنىــدىغان بولـۇپ قېلىشـىمۇ مـۇمكىن. چـۈنكى ئـۇلار قېرىلىقتىكـى تۇرلـۇك قولايسـىزلىقلارنى باشـتىن كەچۈرۈۋاتقـان بولىـدۇ. بىـراق بـۇ چاغدا بىزگىمـۇ ئاسـان ئەمەس. چـۈنكى بـۇ ۋاقىتقـا كەلگەنـدە بىزمـۇ ياشـلىق دەۋرىمىـــزدىن ئاللىقاچـان ئۆتـۈپ كەتـكەن بولىمىز. خىزمەت، ئائىلە بېسىمىغا ئاتا ـ ئانىنىڭ بېسـىمى قوشـۇلىدۇ. بـۇ باسقۇچ ئاتـا ـ ئـانىمىز ئۈچـۈنلا ئەمەس، بىـز ئۈچۈنمۇ ماسلىشىش تەس باسقۇچ.

58 ياشـــلىق تۇخـــان شـــۇنداق دېـــدى: مەن ئۆزۈمنىـــڭ شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىمنى تەن ئالىمەن. بىراق، هەر نۆۋەت ئانـــام ئۆزىنىـــڭ ئـــۇ يەر ـ بـــۇ يەرلىرىنىـــڭ ئاغرىـــپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېگەنـدە ئامـال بـار گەپنـى باشـقا ئىشـلارغا يـۆتكەيمەن. دېمىسـىمۇ تۇرمۇشـتا ئـادەمنى خـۇش قىلىـدىغان ئىشلار يەنىلا كۆپ. بەزىدە ئانامغا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يېتىـدىغان ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمەن. مەسىلەن، ئانـام تامـاق يەپ بولغاندا قاچا ـ قۇچىلارنى يۇغۇشتۇرۇشقا بەكلا ئـامراق. بۇنـداق چـاغلاردا ئانامغـا يـول قـويىمەن. بەزىـدە قـاچىلارنى

چىقىپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئانامنى ئىش قىلىشتىن توسمايمەن. بۇ پەقەتلا ئانام ئۈچۈنمۇ ئەمەس، مەن ئانامنىڭ ئەنە شۇنداق ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي ياشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ياشىنىپ قېلىشى بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆپرەك ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدۇق. ياش ۋاقتىمدا دادام مېنى تىجارەت قىلىشقا زورلايتتى. مېنىڭ بولسا ئوقۇغۇم بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن دادام بىلەن ئارىمىزدا دائىم زىددىيەت بولۇپ قالاتتى. ھازىر قارىسام دادامنىڭ بۇرۇنقى ھەيۋىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان مەمەتجان شۇنداق دېدى.

81 ياشقا كىرگەن تىللاخان ئۆزىنىڭ بارغانسېرى قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەزەلدىن ئۆكۈنۈپ باققان ئەمەس، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قارىشىنى ياقتۇرمايمەن. قول ـ پۇتۇم چاققان بولمىسىمۇ، شۇ سەۋەبلىك كۆڭلۈمنى يېرىم قىلمايمەن. چۈنكى مەن تۇرمۇشتىكى يېڭى خۇشاللىقنى بايقىدىم. مەن ئەمدى بالىلىرىمنىڭ غېمىنى قىلمىساممۇ بولىدۇ. كۈن ـ كۈنلەپ بالكوندا ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن. مەن بەزىدە ئوغلۇمنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتقان نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. مەن قېرىشنى كۆڭلى يېرىم بولىدىغان ئىش دەپ قارىمايمەن. مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدۇم. ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئويلىغىنىمدا ھېچقانداق ئۆكۈنۈشۈم قالمىدى. شۇ سەۋەبتىن مەن ئوغلۇمغا دائىم شۇنداق دەيمەن: «ئوغلۇم، قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىپ

تۇگىتىۋال. شۇنداق قىلساڭ، مەندەك قېرىغاندا ئۆكۈنۈشۈڭ قالمايدۇ.»

«ئاچاڭ مېنى يوقلىمايدىغان بولۇپ قالدى». ئاتا ـ ئانىمىز بەزىدە تېخى تونۇگۈنلا يوقلاپ كېتىپ قالغان بالىسىدىن شۇنداق ئاغرىنىشى مۇمكىن. بىر گەپنى تەكرار ـ تەكرار قىلىشى، تاماق ئېتىپ ئالدىغا ئېلىپ كەلسەك «بۇ تاماقنى كۆڭلۈم تارتمىغان، باشقا تاماق يەيمەن» دېيىشى مۇمكىن ۋە ياكى «نان ئېلىشنىمۇ بىلمەيسەن، ئالدىنقى كۈنى ئېلىپ كەلگەن ناندىن ئەكەلمەپسەن» دەپ ئاغرىنىشى مۇمكىن. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى. ئاتا ـ ئانىمىز قېرىغاندا ئىلگىرىكى بىز يۈلىنىدىغان كۆكرەككە يۆلەنگىلى بولماي قالىدۇ. چۈنكى بۇ چاغقا كەلگەندە ئۇلار بىزنىڭ باغرىمىزغا بېسىشىمىزغا موھتاج بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەكرار ـ تەكرار قىلىدىغان گېپىنى زېرىكمەي ئاڭلىمىساق بولمايدۇ. ئۇلار ئەمدى بىزنىڭ خاتا سۆزلىرىمىزگە تۈزىتىش بېرەلمەي، ئەكسىچە ئۆزلىرى خاتا سۆزلەپ قويۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇنداق چاغدا بىز ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ خاتا سۆزلەپ قويۇشىغا يول قويايلى، چىرماشلىق قىلىشلىرىغا يەنىلا يول قويايلى. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇپ بەرگىنىنىڭ ئۆزى بەختىمىز . شۇنداق ئەمەسمۇ!

# تەدبىرلىك ـ تەدبىرسىز قېيىنئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى

ھېچكىمنىڭ ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىسىمۇ، قېيىنئانىنىڭ تارىختىن بۇيان ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۆي بولۇش ياكى بولالماسلىقىدا مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتقانلىقى بىر ھەقىقەت. قېيىنئانىلار ئوڭلۇق، تەدبىرلىك ئائىلىلەردە ئوغۇلنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ئەيىبى بولسىمۇ، ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا بەك چوڭ ئىختىلاپ بولمىسىلا مەسىلە كۆرۈلمەيدۇ. قېيىنئانا تەتۈر، تەدبىرسىز ئائىلىدە بولسا، باللار مەيلى قانچىلىك ئوڭلۇق بولسۇن، ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتى تەسىرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. يەنى ئېغىر بولغاندا باللارنىڭ ئۆيى بۇزۇلىدۇ. يەڭگىل بولغاندا ئەر ـ خوتۇننىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى قىرقىلىدۇ. يامان يېرى كۆپىنچە قېيىنئانىلار باللارنىڭ تۇرمۇشىغا شۇنچىلىك چوڭ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ئەسلا ھېس قىلالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقىمۇ، بىر قىسىم قېيىنئانىلار ئاجراشتۇرۇۋەتمىگۈچە تەتۈرلۈك قىلىشنى توختاتمايدۇ. ھەتتا ئاجراشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىنمۇ گۇناھىنىڭ ئۆزلىرىدىمۇ ئاز ـ تولا بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ھەممە گۇناھنى كېلىنىگە قويىدۇ. ئۇلار بىر قىزنى قاراپ تۇرۇپ بەختسىز قىلغانلىقىنى ھەرگىزمۇ بوينىغا ئالمايدۇ. ئوڭلۇق قېيىنئانىغا كېلىن بولۇش قىزلارنىڭ بەخت ـ تەلىيى. تەتۈر قېيىنئانىغا كېلىن بولۇش بولسا قىزلارنىڭ پېشانىسىنىڭ تەتۈرلۈكى. ئۇنداقتا، ئوڭلۇق

قىيىنئانا قانداق بولىدۇ؟ تەتۈر قىيىنئانىچۇ؟ بۇنى بىلمەكچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى قۇرلارغا داۋاملىق نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ.

«مەن كىيىنلەرنىڭ كىچىكى» شۇنداق دەپ گەپ باشلىدى ئۇ قىز. 20 ياشتا توي قىلدىم. 24 ياشقا كىرگىچە بىر ئەرگە ئىككى نىكاھلىق بولۇپ، يەنە ئەرسىز ئولتۇردۇم. يولدىشىم بىلەن ياخشى ئۆتەتتۇق. بىراق قىيىنئانامنىڭ كۆزىگە نېمىشقىدۇر پەقەتلا سىغمىدىم. يولدىشىم سودا ئىشى بىلەن شۇنداقلا سىرتقا چىقىپ كەتسە، مېنى ھەر كۈنى دېگۈدەك تىللاپ ئارام بەرمەيتتى. بىر قېتىم 10كۈن ئىچىدە 7 قېتىم مېنى ئۆيدىن قوغلىدى. ئۆيدىن قوغلايتتى ـ يۇ، بىنادىن سىرتقا چىقىشىم بىلەن مېنى چاقىرىپ، ياندۇرۇپ ئەكىرەتتى. يوقىلاڭ ئىشنى باھانە قىلىپ يەنە قوغلايتتى. بىر قېتىم زادى چىداپ بولالماي يولدىشىمغا تېلېفون ئۇرسام، ئۇ: «غولۇڭدىن ئىتتىرىپ قوغلىمىغاندىن كېيىن چىداپ ئولتۇرۇپ تۇرمامسەن» دېدى. يەنە چىداپ ئولتۇردۇم. ھەر نۆۋەت سىرتقا سودا ئىشى بىلەن چىقىپ قايتىپ كىرسە قىيىنئانام يېنىغا چاقىرىپ بىر نېمىلەرنى دەپ مېنى چېقىشتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن قىيىنئانامنىڭ قاپىقىغا قارىغىنىم ئازلىق قىلغاندەك يولدىشىمنىڭ قاپىقىغا قاراشقا مەجبۇر بولاتتىم. مەن ئاخىر يولدىشىمغا «ئانىمىزنىڭ گېپىنى %98 ئاڭلىسىڭىز، مېنىڭ گېپىمنى %2 ئاڭلاپ قويۇڭ» دېدىم. يولدىشىم «مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساق بولمايدۇ» دېدى.

بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق. ئۇ چاغدا بالىمىز تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق بولغان ۋاقىت ئىدى. بالىنى ئېلىپ ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتتىم.

ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ بالام ئىككى ياشقا كىرگەندە قېيىنئانام، يولدىشىم «بالىنى ئۆزۈڭلار بېقىڭلار» دەپ مېنى يەنە نىكاھلاپ ئېلىپ كەتتى.

ئەمدى بالىنى راستتىنلا ئەر - خوتۇن ئىككىمىز باقىدىغان ئوخشايمىز دېسەم، ئىش يەنە ئويلىغىنىمدەك بولماي قالدى.

قېيىنئانام ھەتتا يولدىشىمغا تېلېفون ئۇرسامۇ خاپا بولاتتى. يولدىشىم بىلەن مۇڭدىشىش، بالىنى بىللە ئەركىلىتىپ، كۆلۈشۈپ ئولتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

بىر كۈنى قېيىنئانامنىڭ مېھمانلىرى كەلدى. مەن نارىن ئەتتىم. تاماقنى تاۋاققا ئۇسۇپ تەييار قىلىپ ئەكىرەي دەپ تۇرسام «بۇمۇ نارىن بولدىمۇ» دەپ تاۋاقنى يۈزۈمگىلا ئاتتى. قورققىنىمدىن ھوشۇمدىن كەتتىم. شۇنداق قىلىپ يەنە ئاجراشتۇق. 24 ياشقا كىردىم. بىر باللىق، ئىككى نىكاھلىق بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. بالامغا قارىسام بالام شۇنداق ئوماق چوڭ بولۇۋاتىدۇ. قېيىنئانام مېنى ئۆزى يارىتىپ ئېلىپ بەرگەن، نېمىشقا كۆزىگە سىغمىغىنىمنى، قايسى ئىشىمنىڭ يارىمىغىنىنى بىلمەيمەن. مەن بىلمىگەن بولسام تىللاپ كەتمەي ئۆگەتكەن بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى. يولدىشىم بولغان ئادەممۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساشنى بىلگەن بولسا، بالىمۇ تىرىك يېتىم بولۇپ ئولتۇرماستى. مەنمۇ ياش تۇرۇپلا بەختسىزلىكنىڭ تەمىنى تېتىمىغان بولاتتىم.

يولدىشىم ھەر كۈنى تىجارەت ئىشى بىلەن كەچ كېلەتتى. بىر كۈنى يولدىشىمنى زارىقىپ كۈتۈپ كەچتە كەلگەندە ئۇنىڭغا دومسايدىم. ھەر كۈنىدىكىگە ئوخشاش چاي تۇتۇپ، تاماق تەييارلىمىدىم. يولدىشىم ماڭا سۈركۈلۈپ يېقىنچىلىق قىلدى، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتىم. بىر كۈن كەچكىچە ئىشلەپ

چارچىغان يولدىشىمغا ئەسلىي ئۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى. بىراق ئاچچىقىمغا پايلىماي چالۋاقىدىم. يولدىشىمنىڭمۇ كەيپى ئۇچتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ۋارقىرىشىپ قالدۇق.

بۇ بىزنىڭ تويدىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىملىق ۋارقىرىشىپ قېلىشىمىز ئىدى. كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە يولدىشىمنى ئىشقا يولغا سېلىۋېتىپ، كىيىملىرىمنى تۈگۈنچە قىلىپ قېيىنئانامنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ ماڭدىم. چۈنكى، مېنىڭ دادام، ئانامالار ئۈرۈمچىدە ئەمەس ئىدى. قېيىنئانام مېنى كۆرۈپلا ھەممىنى بىلدى. باش كۆزۈمنى سىلاپ «كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ. ئۇ ‹ئەبلەخ›نى بىر چۆچۈتۈپ قويايلى» دېدى. ئىچىم ئىسسىق بولۇپ قالدى. كەچ بولغاندا يولدىشىم كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا «مېنىڭ خوتۇنۇم كىردىمۇ؟» دېدى. قېيىنئانام بولسا «ساڭا بېرىدىغان خوتۇن يوق، قايتىپ كەت» دېدى. قېيىنئانام شۇنداق دېگەچ ماڭا قاراپ كۆز قىسىپ قويدى. يولدىشىم قېيىنئانامغا يالۋۇرغىلى تۇردى. ئانام بولسا «ساڭا شۇنداق چىرايلىق، ياخشى خوتۇننى ئېلىپ بەرسەك قەدرىنى قىلىشنى بىلمىسەڭ، بولدى كېتىۋەر» دېدى. يولدىشىم تىت ـ تىت بولغىنىدىن «ئانا، ئەمدى خاپا قىلمايمەن» دېدى. قېيىنئانام ماڭا قارىدى، مەن «بوپتۇ كېتەي» دەپ باش لىڭشىتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن يولدىشىم بىلەن ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز. ئارىمىزدا ئارازلىق بولمىدى دېسەم يالغان بولىدۇ. بىراق، ھەر قېتىم قېيىنئانام مەن دېمىسەممۇ چىرايىمغا قاراپلا بىلىپ قالىدۇ. كۆڭلۈمنى ياسايدۇ. ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلىرىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ ماڭا تەدبىر ئۆگىتىدۇ، تەربىيە قىلىدۇ.

ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا باللىرىنىڭ توي مەرىكىسىنى قىلغاندا «باللىرىم ئۇزاققا قالمايلا ئاجرىشىپ كەتسىكەن»

ياكى «بىر - بىرى بىلەن ئەپ ئۆتمىسىكەن» دېمەيدۇ. ئەكسىچە «بېشى باش، ئايىغى تاش بولسىكەن» دېگەن ياخشى تىلەكنى تىلەپ توينى قىلىدۇ. ئەپسۇس، شۇنداق تىلەكلەر يۇقىرىقى قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىگە ئوخشاش بىر قىسىم ئائىلىلەردە قۇرۇق گەپكە ئايلىنىدۇ.

ئەسلىدە ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئوغلىنى ئۆيلىگەن ئانىلار كېلىن بىلەن ئوغۇلنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدىغان سىلىقلىغۇچ بولسا بولاتتى. نېمە سەۋەبتىن بىر قىسىم قېيىنئانىلار ئۇنداق قىلالماي، كېلىنلىرىنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ؟

مەن تېخى 25 ياشقىمۇ كىرمىگەن، چىرايىدىن بالىلىقى تېخى كەتمىگەن ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ قېيىنئانىسى ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا قاراپ، ئۇ قىزنىڭ قېيىنئانىسىنى تەدبىرسىز قېيىنئانا دەپ ئايرىدىم. مېنىڭچە، مەيلى كېلىن قانچىلىك دەرىجىدە ئىش بىلمەيدىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئۆز ئائىلىسىگە كېلىن قىلىپ ئەكىرگەنىكەن، ئۇنى ئۆز قويىنىغا ئېلىش، تەربىيەلەش قېيىنئانا بولغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى. ئۇ ئانا مەيلى كېلىنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن كېلىنىنىڭ ئالدىدا ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان. كېلىنىگە نىسبەتەن كۆپنى كۆرگەن كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىلمىگەننى بىلدۈرۈش، كەڭ قورساق بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان. بۇ ئانىنىڭ قىلغىنى پەقەت كەيپىياتىغا بېقىپ كېلىنىنى بىردە يېقىن تارتىپ، بىردە ئىتتىرىش بولغان.

ئەكسىچە يەنە بىر قىز قېيىنئانىسى ھەققىدە گەپ قىلىشقان چاغدا تۇرۇپ - تۇرۇپ كۈلۈپ كېتەتتى. مەن ئۇ قىزنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ سۆيۈنۈپ كەتتىم. چۈنكى،

بۇنداق كىيلىن ئانا بولغاندا شۇ خۇشاللىق قان ئارقىلىق بالىغا يېتىدۇ. بالا تۇغۇلغاندا بولسا ئانىنىڭ شۇ خۇشاللىقنى ئوزۇق قىلىپ ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ قىزنىڭ قېيىنئانىسىنى تەدبىرلىك قېيىنئانا دەپ ئاپرىدىم.

ئەمەلىيەتتە، ياخشى ـ يامانىنىڭ چەك ـ چېگراسى ئۇنداق ئېنىق بولمايدۇ. ئۇ بىر خىل تەسىرات. ئادەملەر ئۆز تۇيغۇسىغا بېقىپ ئۆزى يولۇققان ئادەم ۋە ھادىسىلەرنى ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىيدۇ. شۇ ئۆلچەم بويىچە بولغاندىمۇ، مەن يەنىلا خاتالاشمايدىكەنمەن، ياخشى قېيىنئانا تەدبىرلىك بولىدۇ.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە «قېيىنئانا بولماق نېمىدېگەن تەس» دېگەن سادا ياڭرىغىلى تۇردى. بەرھەق، قېيىنئانا بولماق تەس. بىراق ئۇنى ئاسانلاشتۇرۇۋالغىلىمۇ بولىدۇ. پەقەت كېلىننى ئۆز قىزى قاتارىدا كۆرۈپ، بەك كۆپ تەلەپ قويۇۋەتمىسىلا بولىدۇ. كەمچىلىكلىرىگە ئۆز قىزىنىڭ كەمچىلىكىگە قارىغان كۆزى بىلەن قارىسىلا بولىدۇ. كېلىننى ياقتۇرمىغان قېيىنئانا ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كېلىنى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇۋالغان قېيىنئانا بولۇپ، بۇ بەكمۇ ئەخمەقلىق. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتسىلا قېيىنئانا بولماق ئۇنچە تەس بولمايدۇ.

قېيىنئانا بىلەن كېلىن مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدا قېيىنئانا مۇھىم رول ئوينايلا قالماي، ئوغۇلنىڭ رولىمۇ چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئانا بولغۇچى ئوغلىنىڭ كېلىنى تەرەپتە تۇرۇپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىنى ياكى كېلىنىنىڭ گېپىنى راست قىلىپ ئۆزىنىڭ گېپىگە رەددىيە بېرىشىنى خالىمايدۇ. بۇ دەل بىر قىسىم قېيىنئانىلارنىڭ كېلىننى ياقتۇرماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئۇلار كېلىننى بېسىش ئارقىلىق ئوغلىنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى

تەسىرگە ئۇچراتماسلىقنى ئويلايدۇ. ئائىلىدىكى نوپۇزىنى ساقلىماقچى بولىدۇ. بۇنداق روھىي ھالەتتىكى ئانىغا مۇئامىلە قىلىشقا ئوغۇل تەدبىرلىك بولمىسا بولمايدۇ، چۈنكى، ئانىنى خاپا قىلسا، خوتۇنىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ تەسلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ۋىجدانىمۇ ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. خوتۇنىنى باسسا كېيىنكى ھاياتىنى بىرگە ئۆتكۈزىدىغان ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنداق ۋاقىتتا ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئايالىغا ياخشىچاق بولۇشتىن ساقلانمىسا بولمايدۇ. ئانىسىنىڭ گېپىنى رەت قىلىپ ئايالىنىڭ گېپىنى راست قىلسا تېخىمۇ بولمايدۇ، ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، كۆڭلىنى ئېلىشقا سەل قارىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. قېيىنئانىدىن ئازار يېگەن خوتۇن ئۈستىلەپ يولدىشىدىنمۇ ئازار يېسە ياكى تەسەللىگە ئېرىشەلمىسە ئۆزىنى ئۇ ئائىلىدە بىخەتەر ھېس قىلمايدۇ - دە، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى قوغداش ھالىتىگە ئۆتىدۇ. بۇنداق روھىي ھالەتتە قېيىنئانا بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئۆتكىلى بولمايدۇ. «خوتۇن، سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىچىڭنىڭ پۇشۇۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، يۈر كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كىرەي» ياكى «مەن سېنى ياخشى كۆرسەم شۇ كۇپايە ئەمەسمۇ، خاپا بولمىغىن، چوڭلار قېرىغاندا شۇنداق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، مەن سېنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن» دېسە، ئىشلار پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتمىسىمۇ، ئايالىنىڭ قەلبى ئىللىپ قالىدۇ. ھەتتا، قېيىنئانىغا بولغان نارازىلىقى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بەلكىم «خوتۇنغا شۇنداق يېلىنىپ ئىشمۇ؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە، خوتۇنىنىڭ خاتا قىلغان يېرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئەرنىڭ

مەسئۇلىيىتى. بىراق، ئاچچىق ئۇستىدە تۇرغاندا ئەيىبلەش توغرا ئۇسۇل ئەمەس. ئىشتىن كېيىن خاتالىقىنى كۆرسىتىپ سۆزلەشسىمۇ كېچىكمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز كۆڭلىنى ئالىدىغان ئادەم ــ دەل سىز بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتىدىغان، بالىڭىزنى تۇغىدىغان، بېقىپ قاتارغا قوشىدىغان ئادەم بولغاندىن كېيىن، كۆڭلىنى ئېلىپ ئۇنچىلىك گەپنى قىلىسىڭىز ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلارغىلا ئەمەس، ئۆزىمىزگىمۇ ياردەم قىلغىنىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، خالاس.

# ياشانغان ئەر - ئاياللاردىكى ھېسسىيات يىراقلىقىنىڭ سەۋەبى

- قېرىغانىدا ئاجرىشىمىز دەپ، كۆڭلىمىزنى پاراكەندە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز بالىلار قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمىز...

- قېرىغانىدا بىر - بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېيىنكى ئۆمرىنى تىنچ ئۆتكۈزمەي، ئۆي ئايرىۋالدى. بىر - بىرىگە گەپ قىلىشمايدۇ...

- دادام بىلەن ئانامغا ئوچۇق - ئاشكارا يېقىنچىلىق قىلالمايمىز. دادامغا يېقىنچىلىق قىلساق ئانام خاپا بولىدۇ، ئانامغا يېقىنچىلىق قىلساق، دادامنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ قالىدۇ، بىزگە بەكلا تەس بولدى...

ياشانغان ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇرمۇشى توغرۇلۇق يۇقىرىقىلارنى دەپ بېرىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم. نېمە سەۋەبتىن كۆپ قىسىم ياشانغان ئەر - ئاياللار بىر - بىرى بىلەن ئىجىل - ئىناق ياشاپ كېتەلەيدۇ - يۇ، شۇنچە ئۇزۇن يىللارنى بىرگە ئۆتكۈزگەن، بىر - بىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگەن ئاز بىر قىسىم ياشانغان ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە تەتۈر قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ياشانغانلارنى ئىچكىرىلەپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ياشانغانلىق دەۋرى ئۆسمۈرلۈك دەۋرى، ياشلىق دەۋرى، ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىگە ئوخشاش ئادەم ھاياتىدىكى يېڭى بىر

دەۋرنىڭ باشلىنىشى. ئادەم بۇ دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، كۆپ ھاللاردا تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ:

بىرىنچى، ئۆزىنىڭ ياشانغانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى قوبۇل قىلىش باسقۇچى؛ ئىككىنچى، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ ئاجىزلىشىپ، ئاساسلىق پائالىيىتىنىڭ ئائىلىدە بولۇشتەك رېئاللىققا ماسلىشىش باسقۇچى؛ ئۈچىنچى، ئۆزىنىڭ ياشانغانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى ھاياتىنى يېڭىدىن پىلانلاش باسقۇچى؛ تۆتىنچى، شۇ پىلان بويىچە خاتىرجەم، مۇقىم ياشاش باسقۇچى. مەيلى ھۆكۈمەت ئورگىنىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلار بولسۇن ياكى تىجارەتچىلەر بولسۇن جەمئىيەتتىكى ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئارامغا چىققاندىن كېيىن، قوبۇل قىلىش، ماسلىشىش، پىلانلاش باسقۇچلىرىنى تاماملاپ، خاتىرجەم، مۇقىم ياشاش يولىغا كىرگۈچە بولغان جەرياندا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى قوبۇل قىلىشى ئەسكە توختاپ، كەيپىياتىدا ئوخشاشمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ كەيپىياتى بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىشنى خالىماي چىققانلارنىڭ يۇقىرىقى باسقۇچلارنى تاماملىغىچە بولغان جەرياندىكى روھىي ھالىتىدە ئەلۋەتتە ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرق بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ ياشانغانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشى نىسبەتەن تېزرەك بولىدۇ. ئەكسىچە ئەھۋالدا بولسا جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ، بارلىقىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، تىت ـ تىت بولىدىغان، ئارامسىزلىنىدىغان،

تېرىككەك ياكى گەپ قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قېلىش ئەھۋالى نىسبەتەن كۆپ كۆرۈلىدۇ.

دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن بىر قىسىم ياشانغانلار «ئەمدى كۈنلىرىمنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن، ھەر كۈنى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ كېتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلايدۇ. يەنە بىر قىسىم ياشانغان كىشىلەر بولسا «ھەر نېمە بولسا ئاخىر دەم ئېلىشقا چىقتىم، ئەمدى كۆڭلۈم خالىغان ئىشنى قىلىدىغان بولدۇم، ماڭا ئاراملىق بولىدىغان بولدى» دەپ قارايدۇ، ھەم خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. مەيلى قانداقلا ئەھۋالدا بولسۇن، بىر مەزگىللىك زىددىيەتلىك روھىي ھالەتتىن كېيىن دەم ئېلىشقا چىققانلار ئاخىر ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دىققەت ـ نەزىرىنى ئائىلىگە يۆتكەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە پىلان تۈزىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى كېيىنكى باسقۇچلۇق كەيپىياتىنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىلغا ئايلىنىدۇ.

ئائىلە ياشانغانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى. ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلامدۇ ـ يوق؟ بىر ـ بىرىگە كۆيۈنەمدۇ ـ يوق؟ بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتەمدۇ ياكى ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ھېسابلاشمامدۇ؟ بۇ ياشانغانلارنىڭ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنكى كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا پەرزەنتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ ياشانغانلار بىلەن بالىلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسلۇبى، قارىشىدا پەرق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ياشانغانلارنىڭ كەيپىياتى ناچارلىشىشى مۇمكىن. پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشلىرى

كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىق، كېسەل بولۇش ياكى تۇغەپ كېتىش قاتارلىقلارمۇ ياشانغانلارغا ئېغىر روھىي زەربە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆيۈئوغۇل - كېلىنلەر بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتەلمەسلىكمۇ ياشانغانلارغا بېسىم بولىدۇ. ياشانغانلار بىلەن نەۋرە - چۆرىلەر مۇناسىۋىتىمۇ ياشانغانلار كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر قىسىم ياشانغانلار نەۋرە - چۆرىلەرنىڭ ئۆزۈمچىل، باشباشتاقلىقىنى قوبۇل قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى، كىيىنىشلىرى ھەتتا قىلىۋاتقان گەپ - سۆزلىرىنىمۇ ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، گېپىنى ئاڭلىتالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھىي جەھەتتە بېسىم ھېس قىلىدۇ. ياشانغانلارنىڭ تەن سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ئىلگىرىكىدەك بولماسلىقىمۇ ياشانغانلار ئۈچۈن بېسىم بولىدۇ. ئادەم ياشانغانچە تېنى ئاجىزلاپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى، ئاڭلاش ئىقتىدارى، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى قاتارلىق تەرەپلەردە چېكىنىش بولىدۇ، ھەرىكىتى ئاستىلايدۇ، جەمئىيەتكە ئارىلىشىش پۇرسىتى ئازىيىدۇ، ئۇيقۇسى ئازلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسانلا ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلىدىغان، تىت - تىت بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۈمىدسىز كەيپىيات چىرمىۋالىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، 60 ياشتىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ياشانغانلىق مەزگىلىدە ئادەم پىسخىكا جەھەتتە بالىلىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلىدىكىگە ئوخشاشلا مۇھەببەتكە ئېرىشىش ۋە ئاتا قىلىش، ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە كىشىلەردىن بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىش، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا موھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيەت، ئائىلىدە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئېھتىياجىمۇ بولىدۇ. يەنە سالامەتلىك، مۇڭدىشىش ئېھتىياجىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. يۇقىرىقى ئېھتىياجلىرى قانمىغاندا، ئۆتكەن ئۆمرىدىن

ئاغرىنىدىغان، سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەيدىغان، بالىلىرىدىن رازى بولمايدىغان، تولا سۆزلەيدىغان، ئۆزىنى «مەغلۇپ بولدۇم» دەپ ئويلايدىغان، كەيپىياتى تۆۋەنلەپ، ئۆزىنى «ئارتۇق، كېرەكسىز، يۈك» دەپ ئويلىغۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئادەم ياشانغانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئاساسلىق ئورۇندىن چېكىنىدۇ. بۇ ئەسلىدىكى تۇرمۇش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ، دېگەنلىك بولۇپ، مۇشۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ياكى ماسلىشالماسلىق ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىنى بەختلىك، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ياكى ئۆتكۈزەلمەسلىكىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ۋاقىتتا چوڭلارنى يالغۇز قويماسلىق، مۇڭدىشىش، ئۇلارغا ئىش تېپىپ بېرىش، جورىسى يوق بولۇپ قالسا جورىلىك قىلىپ قويۇش، سىرتلارغا كۆپ ئېلىپ چىقىش، ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراش كېرەك. ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ئىش «سەن ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن بىز قىلايلى، سەن ئارىلاشما» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك، چۈنكى بۇنداق سۆزلەر ئۇلاردا «مەن كېرەكتىن چىقىپتىمەن، يۈك بولۇپ قاپتىمەن» دېگەندەك تەسىرات پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناچارلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ياشانغاندا قارايدىغان، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولۇش. خەجلەيدىغان پۇلى بولۇش، ئائىلىسى ئىناق، خاتىرجەم بولۇش، تېنى ساغلام بولۇش. ياشانغانلار بۇ جەھەتلەردە خاتىرجەم بولسا ئۆزىنى بەختىيار ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداش، بالىچاقا، ھەمراھىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىنتايىن مۇھىم. مېھىر ـ مۇھەببەت روھىي جەھەتتە ياشانغانلارنى ھەقىقىي خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياشانغانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ خىل

ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىش، ماسلىشىش ئىنتايىن مۇھىم. كۆپ قىسىم كىشىلەر ياشانغانلار بالىلىرىغا تايىنىپ ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ، ھەممىدە ياشانغان ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ياشانغانلار مۇستەقىل ياشاشنى بەكرەك خالايدۇ. ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلىشىنى خالاپ كەتمەيدۇ. ياشانغانلارنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى بولىدىغانلىقىنى كۆپ قىسىم كىشىلەر نەزەرگە ئالمايدۇ. بىراق ياشانغانلار ئۆز تەجرىبە ـ ساۋىقى، بىلىمى بىلەن جەمئىيەتكە ئازراق بولسىمۇ تۆھپە قوشۇشنى ھەر ۋاقىت خالايدۇ، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ياشانغانلارنىڭ گېپىنى ئېتىبارغا ئېلىش، ئەستايىدىل ئاڭلاش ئىنتايىن مۇھىم.

ياشانغانلارنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ قانداق بولۇشى ئائىلە مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، تەن سالامەتلىكىگىمۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ياشانغانلار ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئازابلايدىغان ئوي ـ خىياللارنى چۆرۈپ تاشلىشى كېرەك. يەنى «ئادەم قېرىغاندا كېرىكى قالمايدىكەن» دېگەن پاسسىپ ئوينى چۆرۈپ تاشلاپ، «ئەمدى ئۆزۈم كۆڭلۈم تارتقان ئىشنى قىلسام بولىدۇ» دەپ ئويلاش، ئۆزىگە يوقىرى تەلەپ قويۇپ ئازابلىنىشتىن ساقلىنىش، ئۆزىدە مەلۇم قىزىقىش يېتىلدۈرۈش، «ئاددىي ئادەم بولۇپ ياشاش نېمىدېگەن راھەت» دەپ ئويلاش. «ئورنۇمدىن ئايرىلغاندىن بېرى ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوق» بۇ خىل ئوينىڭ ئورنىغا «بۇرۇن باشقىلارنىڭ ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىشى پەقەتلا مېنىڭ خىزمەت، قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ خاراكتېرى سەۋەبلىك بولغان، ھازىر مەن خىزمەتتىن ئايرىلدىم، باشقىلارنىڭ ماڭا يەنە ئاۋۋالقىدەكلا قىزغىن مۇئامىلە

قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق» دەپ ئويلاش. «قىلىدىغان ئىش يوق نېمىدېگەن زېرىكىشلىك» دېگەن ئويىنى چۆرۈپ تاشلاپ، «بۇرۇن كۆپرەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاي دېسەم ۋاقىت يوق. ئەمدى كۆپرەك ماتېرىيال كۆرەي، ئۆگىنەي. بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى» دەپ ئويلاش. بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان جايلارغا بېرىش. كۆڭلى كۆتۈرۈلىدىغان ئىشلارنى قىلىش. «قىلىدىغان ئىشىم يوق، ئەمدى ياشىغاننىڭ نېمە پايدىسى» بۇ خىل ئويىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھەمراھىم ۋە باللىرىمغا كۆپرەك ھەمراھ بولىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاش. شۇنداق قىلغاندا ياشانغانلار دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنكى كۈنلىرىنى خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكۈزەلەيدۇ.

ئەمدى باشتىكى گېپىمىزگە كەلسەك، بىر قىسىم ياشانغان ئەر - ئاياللارنىڭ ئەپ ئۆتەلمەسلىكىدىكى سەۋەبنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ئۆزىدە ۋە قارشى تەرەپتە پەيدا بولىدىغان كەيپىيات ئۆزگىرىشىگە توغرا مۇئامىلە قىلالماي، ئۆزىنىڭ ۋە ھەمراھىنىڭ كەيپىياتىنى ئاڭلىق ھالدا تەڭشەشكە سەل قاراش، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش، كۆڭۈل بۆلۈش يېتەرلىك بولماسلىق. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر - بىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق، بىر - بىرىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالماسلىق قاتارلىق تەرەپلەرمۇ ئارىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ. ياشانغان ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ھۆرمەت قىلىش، بىر - بىرىگە ئەسكەرتىدىغان گەپلەرنى ئېرىنمەي دەپ تۇرۇش، بىر - بىرىدىن مىننەتدار بولغانلىقىنى يوشۇرماي ئېيتىش. ئۇنىڭدىن باشقا بىر - بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا سەل قارىماي مۇگدىشىپ تۇرۇش، كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتىش ۋە قارشى تەرەپنىڭمۇ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېرىنمەي ئاڭلاش، بىللە سەيلە قىلىش، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى

قىلىشقىلا بىرلىپ بىر ـ بىرىگە سەل قاراشتىن ساقلىنىش ئارقىلىق ھېسسىيات جەھەتتە بىر ـ بىرى بىلەن يىراقلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنالايدۇ.

ئەپ ئۆتەلمەيۋاتقان ئاتا ـ ئانىلىرىغا ياردەم قىلىش ئۇچۇن پەرزەنتلەرمۇ كۈچ چىقارمىسا بولمايدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن تۇرمۇشتا ئەر ـ ئاياللار زىددىيەتلىشىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزمىسە بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن كۆپ مۇڭدىشىش، ئۇلارغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇش ئارقىلىق زىددىيەتنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ، يۇمشىتىشقا ھەرىكەت قىلسا بولىدۇ. بۇ جەرياندا بىر تەرەپنىڭلا گېپىنى ئاڭلاپ، يەنە بىر تەرەپنى ئەيىبلەشتىن ساقلىنىش كېرەك. بىر تەرەپكە ئېغىپ، بىر تەرەپكىلا يان بېسىش زىددىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.



شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئېھتىياج قانمىغاندا نارازىلىق پەيدا بولىدۇ. نارازىلىق زىددىيەتكە سەۋەب بولىدۇ. زىددىيەت پەيدا بولغاندا ئىناقلىققا تەسىر يېتىدىغان گەپ. پەرزەنتلەر ياشانغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زىددىيىتىنىڭ سەۋەبىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئىنچىكىلىك بىلەن چاندۇرماي ئىگىلىسە بولىدۇ. بىر ـ بىرىگە قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى ئۇستىلىق بىلەن يەتكۈزگەندە، شۇنداقلا ئىككىلا تەرەپتە ئوخشاش ئېھتىياج بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەندە چوقۇم ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەيىبلەش سۆزلىرىنى قەتئىي ئىشلەتمەسلىكى بولمايدۇ. چۈشەنمىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ نېمە ئويلايدىغىنىنى، شۇ ئويىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ھەقىقىي ئېھتىياجىنىڭ نېمىلىكىنى سەمىمىيلىك بىلەن يەتكۈزگەندە، مېنىڭچە ياشانغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارىسىدىكى تۈگۈننى يېشىۋەتكىلى بولىدۇ.

# «بىزگە قانداق قىزلار كېرەك» دېگەن سوئالدىن ھالقىش

«بىزگە قانداق قىزلار كېرەك» دېگەن سوئالنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. جاۋابلارنى يىغىنچاقلىساق «بىزگە دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز، ئاق كۆڭۈل قىزلار كېرەك» دېگەن مەزمۇنلارغا يىغىنچاقلىنىدۇ. گەرچە يۇقىرىقى جاۋابنى خاتا دېگىلى بولمىسىمۇ، بۇ سوئال ئۈستىدە يەنە داۋاملىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى. چۈنكى، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئاللىبۇرۇن ئەقلى - ھوشى جايىدا ھەرقانداق بىر ئادەمگە ئېنىق بولۇپ بولدى. ئەمدى بىزنىڭ بۇ سوئالدىن ھالقىيدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. «قانداق قىلغاندا قىزلاردا ئەنە شۇنداق روھنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟» مانا بۇ، نۆۋەتتە بىزنىڭ جاۋاب بېرىدىغان مەسىلىمىز. چۈنكى، بىزگە كېرەك بولۇۋاتقان ئەنە شۇنداق قىزلار جار سېلىش بىلەن تۇغۇلۇپ قالمايدۇ. بۇ خۇددى ئۇرۇق تېرىماي ھوسۇل ئالغىلى بولمىغاندەكلا بىر ئىش.

ئۇنداقتا، قىزلاردا قانداق قىلغاندا يۇقىرىدا دېيىلگەندەك «دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز، ئاق كۆڭۈل» روھنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى مېھىر - مۇھەببەت. مېھىر - مۇھەببەت — قىزلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا «دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز، ئاق كۆڭۈل» روھنى بىخلاندۇرۇپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزىدۇ - دە، بىز شۇنداق قىزلارغا ئېرىشەلەيمىز. چۈنكى، مېھىر - مۇھەببەتكە تويۇنغان قىزلار باشقىلارغا مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئاق كۆڭۈل بولىدۇ؛ مېھىر - مۇھەببەتكە تويۇنغان قىزلار باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى بىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى پاكىز بولىدۇ، مېھىر - مۇھەببەتكە تويۇنغان قىزلار ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان بولىدۇ، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئىقابلانغان ئازدۇرۇشلارغا ئاسانلا تۇتقۇن بولۇپ قالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق بولىدۇ؛ مېھىر - مۇھەببەتكە تويۇنغان قىزلارنىڭ خاتىرىسىدە - مېھىر - مۇھەببەت تەسىراتى مول بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پەرزەنتكە كۆيۈمچان، لاياقەتلىك ئانا بولالايدۇ.

بەلكىم يەنە «ھەر ئادەم بالىسىنى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىۋاتىدۇغۇ؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن ياپونىيەلىك ئالىم، يازغۇچى جاڭ بېنشىنىڭ ئەپەندىنىڭ «سۇ جاۋابىنى بىلىدۇ» ناملىق كىتابىدىكى مۇنۇ مەزمۇنلارنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمەن.

سۇ زادى قانداق نەرسە؟ بىزنىڭ ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنىمىز، سۇ ھاياتلىق. ئادەم بەدىنىدىكى 50% سۇنى يوقاتقاندا ياشاشقا ئامالسىز قالىدۇ. ئادەم بەدىنى سۇنىڭ ياردىمىدە تۇرلۇك ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىدۇ. قان ۋە بەدەن سۇيۇقلۇقى قوبۇل قىلغان ئوزۇقلۇقنى بەدىنىمىزنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىغا يەتكۈزىدۇ. پەقەت بەدەندىكى سۇيۇقلۇق توسالغۇسىز ئايلىنىپ تۇرسا، ھاياتلىق داۋاملىشىدۇ. ھاياتلىق

نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى، ھاياتلىقنىڭ ئاساسى.





ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇ ئادەم بەدىنىدىكى يەتكۈزۈش ماشىنىسىغا ئوخشاپمۇ قالىدۇ. ناۋادا يەتكۈزۈش ماشىنىسى بۇلغانغان بولسا، ئېلىپ ماڭغان نەرسە بۇلغىنىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، سۇنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش ئىنتايىن زۆرۈر («سۇ جاۋابىنى بىلىدۇ»، 10 ـ بەت).

سۇنىڭ تەۋرىنىشىنى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان جاڭ بىنشىڭ ئەپەندى تاسادىپىي پۇرسەتتە مۇزغا ئايلانغان سۇ تامچىسىنىڭ ئېرىپ كېتىش ئالدىدىكى بىرقانچە دەقىقىدە رەڭگارەڭ شەكىلگە كېلىدىغانلىقىنى بايقاپ، شەكىلگە كەلگەن دەقىقە ئىچىدىكى ھالىتىنى سۈرەتكە تارتىۋالغان ۋە شۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ ياخشى ـ يامان تەسىر ئاستىدىكى

شەكلىنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان. كىتابتا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

تەجرىبىنىڭ نەتىجىسى ئاجايىپ بولدى. بېتخوۋېننىڭ «دالا سىمفونىيەسى»نى ئاڭلىغان سۇ تامچىسىنىڭ كىرىستال ھالەتتىكى شەكلى خۇددى يەڭگىل، سۈزۈك، شۇ مۇزىكىغا ئوخشاش گۈزەل، قىرلىرى تەكشى شەكىلگە كەلگەن. مۇزاتنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش بىلەن تولغان مۇزىكىسى «40 - نومۇرلۇق سىمفونىيە»نى ئاڭلىغان سۇ تامچىسىنىڭ كىرىستال ھالەتكە كەلگەن شەكلى ئىنتايىن ھەيۋەت كۆرۈنگەن.

ئەڭ قىزىقارلىق بولغىنى شوبىننىڭ «ئايرىلىش مۇزىكىسى»نى ئاڭلىغان سۇ تامچىسىنىڭ كىرىستال ھالىتى كىچىك پارچىلارغا بۆلۈنۈپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان شەكىلگە كەلگەن.

سۇ گۈزەل، يېقىملىق مۇزىكىغا جور بولۇپ گۈزەل شەكىللەرگە كىردى. ئەكسىچە غەزەپ، قارشىلىشىش تۈسىنى ئالغان ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندا بولسا شەكىلگە كېلەلمەي، قالايمىقان، پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بىزدە يەنە ئاجايىپ ئوي پەيدا بولدى. ئۇ بولسىمۇ سۇغا خەت ئوقۇتۇش. بىز سۇ تامچىسىنى بىر ئەينەك قۇتىغا سېلىپ، قۇتىغا خەت چاپلاپ قويدۇق. مېنىڭ «رەھمەت»، «ئەبلەخ» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇندىكى خەتلەر چاپلانغان ئەينەك قۇتىدىكى سۇ تامچىسىنىڭ كىرىستال ھالەتكە كەلگەن چاغدىكى پەرقىنى بىلىپ باققۇم بار ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، بىزگە خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق سۇنىڭ كىرىستال ھالەتتىكى شەكلىگە تەسىر قىلىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك بىلىنىدۇ. بىراق، مۇزىكا تەجرىبىسىدىن ئېرىشكەن نەتىجە بىزنىڭ بۇنى سىناپ

بىقىشىمىزغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەجرىبىگە كىرىشىپ كەتتۇق.

تەجرىبە نەتىجىسى چىققاندا مىنى يەنە قاتتىق ھەيران قالدۇردى. «رەھمەت» سۆزى يېزىپ چاپلانغان ئەينەك قۇتىدىكى سۇ تامچىسىنىڭ كىرىستال ھالىتى سۈزۈك، ئىنىق ھەم گۈزەل ئالتە قىرلىق ھالەتكە كەلدى. «ئەبلەخ» سۆزى يېزىپ چاپلانغان قۇتىدىكى سۇ تامچىسىنىڭ كىرىستال ھالىتى بولسا، خۇددى قالايمىقان، قۇلاقسىز قاقشايدىغان مۇزىكىنى ئاڭلىغان سۇ تامچىسىنىڭ كىرىستال ھالىتىگە ئوخشاش شەكىلگە كىرەلمىدى، پارچىلىنىپ، كۆرۈمسىز ھالەتنى ئىپادىلىدى («سۇ جاۋابىنى بىلىدۇ»، 15 ـ بەت).

يۇقىرىقى مەزمۇننى ئوقۇغاندىن كېيىن قانداق ھېسسىياتتا بولدىڭىز؟ بەلكىم ماڭا ئوخشاشلا ھاياجانلانغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، ئادەم بەدىنىنىڭ %70نى سۇ تەشكىل قىلىدۇ. بالا ئانا بەدىنىدىكە تۆرەلگەندە سۇيۇقلۇق ھالەتتە بولۇپ، يېتىلىپ تۇغۇلغىچە بولغان جەرياندا سۇ ئىچىدە تۇرىدۇ. يەككە ھالەتتىكى سۇغا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە بىزارلىقنىڭ تەسىرى شۇنداق ئىنىق بولغان يەردە ئادەم بەدىنىدىكى قان، گۆش بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن سۇيۇقلۇقنىڭ ياخشى ـ يامان تەسىرنى قانچىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى يەنە تەكىتلەپ ئولتۇرۇش ئارتۇقچە. دېمەك، مېھىر ـ مۇھەببەتنى بالىغا بەدەنىگە تۆرەلگەندىن تارتىپلا ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەمدى گەپنى «قانداق قىلغاندا قىزلارنى مېھىر ـ مۇھەببەتكە تويۇندۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا يۆتكىسەك، بالا ئانا قورسىقىغا تۆرەلگەندىن تارتىپ قىزلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت قۇرۇلۇشىنى باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

www.nurkitap.com
نۇر بىكتاپ كىتاب تورى

ئانا ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىدىن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولسا، سۆيۈنسە، بالا بۇنى ھېس قىلىدۇ. ئەرنىڭ ئايالىغا بولغان پوزىتسىيەسى، مۇئامىلىسى ئايالنىڭ شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىش ياكى كەلمەسلىكىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مىجەز - خۇلقى ئىنتايىن ياخشى بىر ئايال ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن يولدىشىنىڭ يېتەرلىك مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىسە، كەيپىياتىنى تەڭشەپ ھەر ۋاقىت ھامىلىدار بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىش، سۆيۈنۈشتەك ھېسسىياتىنى ساقلىشى تەسكە توختايدۇ. «نېمىشقىمۇ ھامىلىدار بولغان بولغىيتتىم، ئۇنىڭغا نېمىشقىمۇ بالا تۇغۇپ بېرىمەن، دېگەن بولغىيتتىم» دېمىگەن تەقدىردىمۇ ھامىلىگە ئېتىبارسىز قارىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن ھامىلىنىڭ، يەنى بىزگە كېرەك بولغان قىزلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجى بوش قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بالا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بىزنىڭ ئادىتىمىزدە ئانا بالىسى بىلەن 40 كۈن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە كۈتۈنىدۇ. سىزنىڭچە، يېڭى ئانا بولغۇچى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟ ياخشى كۈتۈنۈشىدە، بالىنى ياخشى بېقىشىدا گەپ يوق. بىراق، يولدىشىنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇشتىن، يولدىشىنىڭ باشقا ئىشلار سەۋەبلىك ئۆزىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يوقلاپ تۇرالمىغانلىقىدىن ئاغرىنىش ھېسسىياتىدىن ساقلىنىشى تەس. كۆيۈمسىز ئەرگە خوتۇن بولۇپ قالغان بولسا، 40 كۈننى كۆز يېشى بىلەن چىقىرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇنى قىز ئۆزىلا بىلىدۇ. ئانىنىڭ شۇ خىل كەيپىياتى، قاراشلىرى، ھەرىكەتلىرى سۈتى بىلەن بالىغا تەسىر قىلىدۇ. بالا يەنە بىر قېتىم سوغۇق تەسىرنى ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، يەنى ئۆمىلەش، تەمتىلەپ مېڭىش، مۇستەقىل مېڭىش، مۇستەقىل

تاماق يېيىشكە ئۆرۈنۈش.... بۇ جەرياندا بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە، كۆيۈنۈشىگە موھتاج بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنىڭ شۇ خىل مېھىر ـ مۇھەببەت ئېھتىياجىنى پۈتۈنلەي قاندۇرالامدۇ؟ بالا تەخمىنەن بىر ياشقا كىرگۈچە ھەتتا كۆپ قىسىم ئانىلار بالىغا پۈتۈنلەي ھەمراھ بولالمايدۇ. چۈنكى، ئانا خىزمەتكە كىرىشىپ كەتمىسە بولمايدۇ. بوۋاق بالا باققۇچىنىڭ قولىغا قالىدۇ. بالا باققۇچى بالىغا قانداق قارايدۇ؟ ئەلۋەتتە ئانىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بۇنىڭغا ئانىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان باشقا ئامىللارنى، يەنى يولدىشى بىلەن بولغان كۆڭۈل ئاغرىقلىرى، خىزمەت بېسىمى قوشۇلسا، بالىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ئېھتىياجىمۇ زور دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىدۇ. يەنى بىزگە كېرەك قىزلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت بوشلۇقى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تويۇنماي، ئەكسىچە تارىيىدۇ. مۇشۇ بويىچە يەنە داۋاملىق تەھلىل قىلىنىدىغان بولساق، بىر قىز قۇرامىغا يېتىپ ئانا بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت ئېھتىياجى بىلەن ئەمەلىي ئېرىشكەن مېھىر ـ مۇھەببىتى ئارىسىدا چوڭ پەرق شەكىللىنىدۇ، دېمەك، قىزلىرىمىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت ئېھتىياجى كەمچىل. پەقەت تويۇنغانلىق دەرىجىسىدىكى پەرق سەۋەبلىك لاياقەتلىك، لاياقەتسىز بولۇش دەرىجىسىدە پەرق كۆرۈلىدۇ.

يېقىندا بىر ئاتىنى ئۇچراتتىم. ئىككى ياشلارغا كىرگەن بالىسى «ھېرىپ كەتتىم، كۆتۈرۈۋال» دەپ ئاتىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئاتا بولسا «ياق، كۆتۈرمەيمەن» دەپ بالىسىغا تەربىيە ئىشلىگىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئۇ قىزنىڭ يىلىنىپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ توختاپ، ئاتىدىن «كۆتۈرۈۋالسىڭىز بولمامدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ئاتا نېمە دېدى دېمەمسىز؟ «يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ». ئۇ ئاتا

قىزىنى ئۇرۇپ ـ تىللىمىغىنى بىلەن ئۇ قىز موھتاج بولغاندا ئىللىق باغرىنى ئېچىپ، بالىغا مېھىر ـ مۇھەببەت ھېس قىلدۇرۇشنى بىلمىدى. مۇشۇنداق قاتتىق پوزىتسىيە ئىچىدە چوڭ بولغان قىزنىڭ مىجەز ـ خۇلقى قانداق بولۇشى مۇمكىن؟ باشقىنى قويساقمۇ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى، قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسى كەمچىل قىز بولۇپ يېتىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ قىز ئەڭ يېقىن ئادىمىدىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئىنكاسقا ئېرىشەلمىدى.

يەنە بىر ئايال يول بويىدا قىزىنى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. كۆزلىرى نەلەرگىدۇر روھسىز تىكىلىپ قالغان. شۇ ئەسنادا كىچىك قىز ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمەكچى بولدى. ئانا قىزىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماستىن سىلكىشلىگىنىچە يەرگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئانىنىڭ شۇ چاغدىكى بىزارلىق ھېسسىياتىنى مەن ھېس قىلغان يەردە قۇچاقتىكى بالا ھېس قىلماسمۇ؟

ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە قىزى جىمغۇرلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئاتا قىزىنىڭ ئالدىدىلا قىزىنىڭ بىرمۇنچە ئەيىبىنى ئېچىۋەتتى. مەن ئۇ قىز بىلەن ئايرىم كۆرۈشكەندە ئۇ قىز ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ نېمە دېدى دېمەمسىز؟ «مەن دادامنىڭ ئىمتىھاندا تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قالسام ئۇرۇپ تىللىشىدىن ھەممىدىن قورقىمەن، شۇنداق قىلمىسىكەن، دەپ ئويلاپ كېتىمەن» ئىمتىھاندا تۆۋەن ئېلىپ قالغىنى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىدىن تاياق يەيدىغان قىز ئەلۋەتتە، بىر بولسا جىمغۇر بولۇپ قالىدۇ. بىر بولسا ئۆيدىن قاچىدۇ، يەنە بىر بولسا ئاتا ـ ئانىدىن ھېيىقماي جاۋابلىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

گەپنى يىغىنچاقلىسام، بىزگە «دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز،

ئاق كۆڭۈل» قىزلار كېرەك دېيىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن شۇنداق بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ تەربىيەلىشىمىزدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىشىمىز كېرەك.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە يەنە بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت ئېھتىياجى تويۇنماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلىغىلى بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە، بوش قالغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئېھتىياجىنى مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق تولۇقلىغىلى بولىدۇ. بۇنى تولۇقلىيدىغان ئادەم مېھىر ـ مۇھەببەت ئېھتىياجىنى بوش قويغان شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى بولۇشىمۇ ياكى باشقا ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن.



كىچىك ۋاقتلىرىمدا دادام يىلدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بىلىم ئاشۇرغىلى كېتەتتى. ئانام بولسا ئالدىراش ئىشلەيتتى. مەن ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتكەن ئايروپىلاننى كۆرگەندە «مۇشۇ ئايروپىلاندا دادام كېلىۋاتقان بولسىكەن» دېگەننى ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق، دادام ناھايىتى ئۇزاقتا كېلەتتى. ئانامنىڭ دادام ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن دادامنى غايىۋانە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. شۇ چاغلارنى ئانامنىڭ غەيرىتى، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىچىدە ئۆتكۈزگىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئەلۋەتتە دادام ئوقۇشقا بارمايدىغان بولغاندىن كېيىن، ھەتتا ھېيت نامىزىغا چىقسىمۇ مېنى بىللە ئېلىپ چىقىدىغان بولدى. ھازىر ئويلىسام ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە بولغان تەقەززالىقىنى كېيىنكى كۈنلەردە دادام تولۇقلىغاندىن باشقا بوگۇنگە كەلگەندە يولدىشىممۇ تولۇقلاۋېتىپتۇ.

ئۇ ئايالنىڭ تەلىيىگە چىن دىلىدىن سۆيىدىغان بالىلىقتىكى تەقەززاسىنى، بىر مەزگىللىك بوش قالغان مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئادىمى بار ئىكەن. ئارىمىزدا شۇنداق ماسلىققا، تولۇقلاشقا ئېرىشەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتقانلار نۇرغۇن. ئۇلار گاڭگىراش ئىچىدە ئۆزىنىڭ گاڭگىرىشىغا سەۋەب بولغان بوشلۇقنى تولۇقلاش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. قايسى خىل ئېھتىياجى بوش قالغانلىق سەۋەبىدىن تىت - تىت بولۇۋاتقان بولسا، شۇ خىل ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ئوبيېكتنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىزدەشتىن ساقلىنالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى ئائىلە - نىكاھ مۇناسىۋىتى، كەسىپ، بالا تەربىيەلەش پوزىتسىيەسىدىن ئېنىق ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجى قانمىغان ۋە كېيىنكى كۆنلەردىمۇ تولۇقلاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئايال ئائىلە نىكاھ مۇناسىۋىتىدە گۇمانخور، ھەرقانداق ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئالدى بىلەن ئويلايدىغان، ئۆزىگە ئىشەنچىسى كەمچىل، ئۈمىدسىز، ئىشنى ياخشى تەرەپكە ئاكتىپلىق بىلەن بۇراش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ؛

مەن بىر ئايالنى تونۇيمەن. ئۇ ئايالنىڭ ئاتا - ئانىسى كىچىكلا تۈگەپ كېتىپ ئاكىلىرىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان. توي قىلغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولغان. ئارىدىن ئون يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى زورايغاندىن كېيىن ئۇ ئايال يولدىشىنىڭ سىرتتا باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەن. ئۇ ئايال ماڭا «يولدىشىم شۇ ئىشلارنى بوينىغا ئېلىپ ‹خوتۇن

خاپا بولما)، دېگەن بولسا كەچۈرەتتىم. بىراق، ئۇ ساختىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مەن ئۇچۇن قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرى ساختىدەك بىلىنىپ بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنىڭ بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىكىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىمەن» دېدى.

بۇ ئايالنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق ئۇ ئايال ئەينى چاغدا قەلبىدىكى بوش قالغان مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجىنىڭ سۈرىشى بىلەن بارلىقىدىن كەچكەن ۋە شۇنىڭلىق بىلەن قەلبىدىكى ئېچىرقاشنى تولۇقلىماقچى بولغان. بوگۇنكى كۈنگە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئېرىشكەنلىرىنى ساختىدەك ھېس قىلىپ ئۈمىدسىزلىنىپ، يىگىتكە جەھەتتە يولدىشىنى پۈتۈنلەي رەت قىلغان.

تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، ئۇ ئايال ئۈمىدسىزلىك، يالغۇزلۇق، روھىي جەھەتتە چارچاش، بىزارلىق ھېس قىلىش ئىچىدە تۇرغاندا ئاق ئاتلىق شاھزادىدىن بىرى چىقىپ ئۇ قىزغا مېھىر - مۇھەببىتىنى ئاتا قىلسا، ئۇ ئايال قانداق ھېسسىياتتا بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇ ئايال ئەخلاق، ئادەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، دېيەلمەيمىز. چۈنكى، ئادەم قان بىلەن گۆشتىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى مېھىر - مۇھەببەت. ئۇ ئايال ئۆزىنى ئۇ ئاق ئاتلىق شاھزادىنىڭ قوينىغا ئاتمىغان تەقدىردىمۇ، شۇ ئاق ئاتلىق شاھزادىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ.

كۆپ ھاللاردا ئىشلار تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك بولمايدۇ. رېئاللىقتىكى ئاق ئاتلىق شاھزادە ئايالغا غەرەزسىز مېھىر - مۇھەببىتىنى تەقدىم ئەتمەيدۇ. ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغاندىن كېيىن، شەرتسىز مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىشتىن، ئايالدىن تەلەپ قىلىدىغىنى كۆپىيىپ

كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاق ئاتلىق شاھزادىنىڭ ئۆزىمۇ دەل ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە كەم قالغان مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇ ئايالغا يېقىنلاشقان بولىدۇ. ئاق ئاتلىق شاھزادىنىڭ ئېھتىياجى قەدىرلەشكە، ھۆرمەتكە ئېرىشىش ياكى باشقىلارنى قانات ئاستىغا ئېلىش، مەسئۇل بولۇش، ۋە ياكى ئانىسىنىڭ، دادىسىنىڭ، كېيىنكى كۈنلەردە نىكاھتىكى ھەمراھىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇش ئېھتىياجى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا روھىي جەھەتتە زەربە يېگەن ئايالنىڭ ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەت تاپقۇزۇشى تەسكە توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاق ئاتلىق شاھزادىنىڭمۇ، ئايالنىڭمۇ ئېھتىياجى يەنىلا قانائەت تاپمايدۇ. بۇ خىل بىنورماللىق ئەنە شۇنداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە تەكرار قايتىلىنىدۇ.

مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجى قانمىغان ۋە كېيىنكى كۈنلەردىمۇ تولۇقلاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئايالنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدىكى پوزىتسىيەسىگە كەلسەك، بۇنداق ئاياللار تېرىككەك، مىجەزى تۇراقسىز، بىردە بالىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، تۇرۇپلا قوپاللىق قىلىدىغان بولىدۇ. پەرزەنتلىرى ئانىسىنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئاچچىقى كېلىپ، قانداق ۋاقىتتا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بولىدۇ.

ئانىسى كىچىك ۋاقتىدا تۇگەپ كېتىپ تۇغقانلارنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان بىر قىز توي قىلغاندىن كېيىن يولدىشىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ئىچىدە قىينىلىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ بەختسىزلىكى شۇكى، يولدىشىمۇ مېھىر - مۇھەببەت تەشنراتى كەمچىل كىشى بولۇپ، ئۇ ئايالنىڭ بالىلىقتىكى كەم قالغان مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجىنى تولۇقلاش قولىدىن كەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ھەتتا

يولدىشىدىن كۈتىدىغان مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجىنىمۇ قانائەت تاپقۇزالماي، كۆڭلىرىنى قىينىلىش، ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ بالىلىقتىن باشلاپ كەم قىلىنىۋاتقان تەۋە بولۇش، شۇ ئارقىلىق بىخەتەرلىككە ئېرىشىش ئېھتىياجىنى قانائەت تاپقۇزۇش ئۈمىدىدە ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ بالىلىق بولىدۇ (تەۋەلىك ئېھتىياجى دېگەندە مەلۇم بىرسىگە مەنسۇپ بولۇش، قانات ئاستىغا ئېلىش، ئاسراشقا ئېرىشىش ئېھتىياجى بولۇپ، قىزلارنىڭ تەۋەلىك ئېھتىياجى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. قىزلار شۇ ئېھتىياجىنىڭ قانائەت تېپىشى بىلەن ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلىدۇ. ناۋادا شۇ خىل ئېھتىياجى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا، پسىخىكا جەھەتتە ئۆزىگە شۇ خىل تۇيغۇنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئوبيېكتنى ئىزدەشتىن ساقلىنالمايدۇ). بىراق ئەر بالىلارغىمۇ مېھىر - مۇھەببەتنى ئاتا قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئىچىدىكى ئاچچىقنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزىگە ئازار بېرىش ئىقتىدارى بولمىغان بالىلىرىدىن چىقىرىدۇ. ھەر قېتىم بالىلىرىغا ۋارقىراپ تىللاپ ياكى ئۇرۇپ بولۇپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ، بۇ خىل ھالەت تەكرار داۋاملىشىدۇ.

مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجى قانمىغان ۋە كېيىنكى كۆڭلەردىمۇ تولۇقلاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئايالنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى تازا راۋان بولمايدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەت دېگەندە ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنداقلا دوست ۋە كەسىپداشلار، قولۇم - قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجى قانمىغان ۋە كېيىنكى كۆڭلەردىمۇ تولۇقلاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئايال كىشىلىك مۇناسىۋەتتە باشقىلارغا مېھىر - مۇھەببەت ئاتا

قىلىدۇ. بىراق مېھىر - مۇھەببەتكە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قايتۇرۇلغان جاۋابقا ئېرىشەلمىسە، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۆزىنى دەرھال تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تارتىشى ئازار يەپ قېلىشتىن قورققانلىق سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ناۋادا يەنە ئۇستىلەپ ئازار يېسە ياكى ئۇلاردىنمۇ كۆڭلى سۇ ئىچمىسە ئازابى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. قولۇم - قوشنا، كەسىپداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. مېھىر - مۇھەببەتكە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان كىشىلەرگە ئۇچراپ قالغاندا ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. بۇنداق ئاياللارنىڭ تەكشى ئارىلىشىش، مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئىقتىدارى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

بالىلىقتا قانمىغان مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجىنى ئاياللار نىكاھلانغاندىن كېيىنكى ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتى بىلەن تولۇقلاپ كېتەلەيدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇ خىل ئېھتىياجنى تولۇقلىيالماسلىقتىن ياكى نىكاھتىكى ھەمراھىدىن تەلەپ قىلىدىغان ئېھتىياجىمۇ قانائەت تاپماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر نىكاھ تۇرمۇشىنى بۇزىدىغىنى ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش - تالاش دەپ قارايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، نىكاھ تۇرمۇشىنى بۇزىدىغان نەرسە بىر - بىرىنىڭ يۈزەكى ئېھتىياجىغىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى قەلب ئېھتىياجىغا سەل قاراش. قەلبىدىكى ئېھتىياجىنى ئۇچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئېيتالماسلىق، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قارشىلىقىنى، نارازىلىقىنى بىلدۈرمەسلىك ياكى قارشى تەرەپنى مەنسىتمەسلىك، غورۇرىغا تېگىش، سوغۇق مۇئامىلە قىلىش.

مەن تونۇيدىغان بىر ئايال بار. ئۇ ئايال 30ياشتىن ئېشىپلا يولدىشى بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشتىكى سەۋەبى بەكلا ئاددىي بولۇپ، يولدىشى بىلەن ئەزەلدىن ئۇچۇق - يورۇقلۇق بىلەن مۇڭداشمايدۇ. بىر - بىرىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى، نېمىنى خالايدىغانلىقى بىلەن كارى يوق.

بىزنىڭ كۆپ قىسىم قىزلىرىمىزنىڭ مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

بىزگە كېرەك بولغان «دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز، ئاق كۆڭۈل» قىزلارنى ئۆستۈرىدىغان، پەرۋىش قىلىدىغان ئائىلىنىڭ يېتىلىشىنى، ئۇ خىل ئائىلىنىڭ ئادىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىشىنى ساقلىساق ئۇزۇن بىر جەريان كېتىشى مۇمكىن. شۇ كۈنىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ كۈنلىرىمىزنى قۇرۇق شوئار توۋلاش بىلەن ئۆتكۈزسەك تولىمۇ ئەخمەقلىق قىلغان بولىمىز. بىز ئۇچۇن ئەڭ ئاقىلانە تاللاش شۇ قەدەمنى تېزلىتىدىغان ئامال - چارە ئۇستىدە ئىزدىنىش.

ئالدى بىلەن ئېغىزىمىزنىڭ ئۇچىدا ئەمەس، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بىزگە «دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز، ئاق كۆڭۈل قىزلار كېرەك» دېگەن سۆزنى تەكرارلايلى. بۇ سادا چوقۇم ئېغىزىمىزنىڭ ئۇچىدىن ئەمەس، بەلكى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ياڭرىمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمدە ئەرلەر ئايالىغا قارايدىغان كۆزىدىكى تورنى يىرتىپ تاشلاپ، كۆزنى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن نۇرلاندۇرمىسا بولمايدۇ. چۈنكى، بىزدە «قىزلارنىڭ نىكاھلانغاندىن كېيىنكى بەختى ھەقىقىي بەختى» دەيدىغان قاراش بار. ھەقىقەتەن شۇنداق. ئەرلەر ئاياللارنىڭ مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجىنى

پۈتۈنلەي تولۇقلاپ كېتەلەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئەر پەقەت بېخىللىق قىلمىسىلا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھامىلىگە تۇتىمدىغان پوزىتسىيەنى توغرىلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەر - ئايال ئىككىلا تەرەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە بولمايدۇ. بالىلىق بولىدىغانلىقىدىن قانچىلىك دەرىجىدە خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرۇش، بالا بىلەن مۇڭدىشىش، ئەر - ئايال بىرلىكتە بۇ ئالاھىدە مەزگىلدىن ساق - سالامەت ئۆتۈش ئۈچۈن بىر - بىرىنى چۈشىنىش، ھەمدەمدە بولۇش، بولۇپمۇ ئەر ئايالىغا ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆيۈنمىسە بولمايدۇ. بالا تۇغۇلۇپ، ئانىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋە يېڭى سالاھىيىتنى قوبۇل قىلىش باسقۇچىدا ئەرنىڭ يۆلىكى ئېغىرلايدۇ. ئەر نەچچە ھەسسە ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشكەن ئايال يولدىشىغا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، ئايالنىڭ بارلىق نارازىلىقى مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەسلىكتىن پەيدا بولىدۇ. بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئەر - ئايال بىرلىكتە بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، روھىي جەھەتتىكى مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. «دادام ھەر كۈنى سەھەردە مېنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىشىكنى چەكمەيدۇ. پەقەت تامنى يەڭگىل چېكىپ قويىدۇ». مېھىر - مۇھەببەتنى ئەنە شۇنداق كىچىك ئىشلارغىچە سىڭدۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ. قىزلىرىغا ئوچۇق چىراي ئاچماسلىقتىن ساقلىنىش، باغرىنى بېرىشنى، مېھىر - مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلىشنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قاراش ئېڭىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. دادىسى باشلاپ ئېلىپ كەلگەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان جىمغۇر قىز ماڭا دادىسى توغرىسىدا

سۆزلەپ مۇنداق دېگەنىدى: مېنىڭ دادامنى قۇچاقلىغىنىم، دادامنىڭ مېنى باغرىغا باسقىنى ئېسىمدە يوق. قىزلارغا ئاتا – ئانىسى باغرىنى بېرەلمىسە، بۇ خىل ئېھتىياجىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، سىرتتىكى يات جىنىسلاردىن تەلەپ قىلىشتەك ئاقىۋەت كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بالدۇر مۇھەببەتلىشىشنىڭ يىلتىزىنى شۇنىڭدىن ئىزدەپ بېقىشقا بولىدۇ.

بىرگە مېھىر – مۇھەببەتكە تويۇنغان قىزلار كېرەك. قىزلارنى مېھىر – مۇھەببەتكە تويۇندۇرىدىغان كىشىلەر ئالدى بىلەن ئاتا – ئانىلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپىدىكى ئۇرۇق – تۇغقانلار، ئۇنىڭدىن كېيىن نىكاھتىكى ھەمراھى، جەمئىيەتتىكى ھەر بىر كىشى. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەندە ئارىمىزدىكى مېھىر – مۇھەببەتكە تويۇنغان قىزلارنى بارغانسېرى كۆپەيتەلەيمىز. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، بىزگە كېرەك بولغان «دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز، ئاق كۆڭۈل» قىزلارمۇ تەبىئىي ھالدا كۆپىيىدۇ.

ئايالىغا مېھىر – مۇھەببەت ھېس قىلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ھەر خىل. ھەر ئادەم ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مېھىر – مۇھەببەت يەتكۈزۈش ئۇسۇلىنى تاللىسا بولىدۇ. ئايالىغا مېھىر – مۇھەببەت بىلەن قاراش، ھەتتا بىر ۋاق تاماق ئالدىغا كەلگەندە مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇش، مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويۇش، مۇكچىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندە كېلىپ غولىنى تۇتۇپ قويۇش... بۇنىڭ ئۇسۇلى نۇرغۇن. پەقەت شۇنداق قىلىشنى خالىسىلا بولىدۇ. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئەرلەر بەلكىم بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى كىم چۈشىنىدۇ؟ دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقەتەن ھازىر ئەرلەرنىڭ بېسىمىمۇ يەڭگىل ئەمەس. بىراق، مېھىر – مۇھەببەت يەتكۈزۈشتىن ئەڭ چوڭ نەپكە ئېرىشىدىغان ئادەم يەنىلا

ئەرلەرنىڭ ئۆزى. چۈنكى، ئەر ئايالىغا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قارىسا ، ئايالمۇ ئەرگە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان بولىدۇ. ئەر مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرسە ئايالمۇ شۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئەر مۆكچىيىپ ئولتۇرغاندا ئايال كېلىپ غولىغىزنى تۇتىدۇ.....

ئەمدى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، شۇنداق مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدىكى بىر قىزنىڭ يەنە سىرتتىن مېھىر - مۇھەببەت ئىزدىشىنىڭ ئەھمىيىتى قالامدۇ؟ ئېھتىياج ھەرىكەتكە سەۋەب بولىدۇ. ئېھتىياج بولمىسا، ھەرىكەتنىڭ قوزغاتقۇچىسىمۇ بولمايدۇ.

بەزىلەر چەت ئەل تەسىراتى ھەققىدە توختالغاندا چەت ئەللىكلەرنىڭ نىكاھ قارىشى بىلەن بىزنىڭ نىكاھ قارىشىمىزنى سېلىشتۇرۇپ، بىزنى نىكاھ قارىشى تۆۋەن، ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەپ خۇلاسە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ دەۋاتقانلىرى يۈزەكى كۆزىتىشتىن چىقارغان خۇلاسىسى بولۇپ، مەيلى قانداق مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى كىشىلەر بولسۇن، پەقەتلا ئىنسان بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئېھتىياجىدا بەك چوڭ پەرق بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ كۆزىگە مۆكەممەل كۆرۈنگەن نىكاھىدىكى ئەر ئايالنىڭ قەدىر - قىممىتىگە ئېرىشىش، ھۆرمەتلىنىش، ئاسراشقا، ئىشەنچكە ئېرىشىش، بىر ئائىلىگە، ئىللىق ماكانغا ھەقىقىي تەۋە بولغانلىق ھېسسىياتىغا ئېرىشىش ئېھتىياجلىرى قانائەت تاپمىسا ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ نىكاھىمۇ مۇستەھكەملىكىنى يوقىتىدۇ. بۇ يەردىكى پەرق ئاڭ ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدىكى ئالغان مۇھەببەت تەربىيەسى، تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتىكى پەرق.

بىزگە «دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز، ئاق كۆڭۈل» قىزلار كېرەك.

شۇنداق قىزلار مېھىر - مۇھەببەتنى ئوزۇق قىلىپ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ھەربىكىتىمىزنى كونترول قىلىدىغان مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنى دەرھال ئۆزگەرتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. شۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان ۋاقتىمىز دەل ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئالغان ۋاقتىمىز. ناۋادا يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن سىزدە ئۆزگەرتىش ئىستىكى پەيدا بولغان بولسا، بۇ سىزنىڭ بىزگە كېرەك بولغان قىزلارنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ئاڭنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزگە قانداق قىزلار كېرەك؟ دېگەن سوئالنى قويغىنىمىزنىڭ ئۆزى ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشكە تەييارلانغانلىقىمىزنىڭ ئىسپاتى.

ئەگەر يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئوقۇپ توغرا تاپقان بولسىڭىز، بىزگە كېرەك بولغان قىزلارنى يېتىلدۈرىدىغان ئىككىنچى قەدەمنىمۇ ئالغان بولىسىز. ئەمدى شۇنداق قىلىشىڭىزغا توسقۇن بولىدىغان ئىشنى ئويلاڭ. سىز بەلكىم ئۇنداق قىلىشنى ئاۋارىچىلىك دەپ ئويلىۋالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئالدى بىلەن ئاتا قىلىش ئەمەس، باشقىلاردىن تەلەپ قىلىش ئىستىكى بولىدۇ. بۇ يەردە سىز چوقۇم كاللىڭىزدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىسىڭىز بولمايدىغان بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، بىزگە «دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز، ئاق كۆڭۈل» قىزلار كېرەك. سىز شۇنىڭغا ئىنتىزار. شۇ سەۋەبتىن ئالدى بىلەن كاللىڭىزدىكى ئاۋارىچىلىك دەپ قاراشتەك ئاڭنى چۆرۈپ تاشلىمىسىڭىز بولمايدۇ.

www.tuyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى


ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇپ ئىشمۇ؟ ئالدى بىلەن ئۇ ماڭا شۇنداق قىلسۇن. ئۆزۈمنى چۈشۈرگىنىم ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن. غىدىقىم كېلىپ كەتتى. نېمىدېگەن ياسالمىلىق بۇ... مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مېھىر - مۇھەببىتىڭىزنى ئىپادىلىشىڭىزگە توسقۇن بولىدىغان پاسسىپ قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاڭ.

ئۇ ئۇنداق قىلغاننى بىلمەيدۇ، ئۇ ئۇنداق قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ئېھتىياجىمدىن چىقىپ بولالمايدۇ...

بىز مېھىر - مۇھەببەتنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىپادىلەشكە ئادەتلەنمىگەن. دەل بۇ خىل ئادىتىمىز ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزگە توسقۇن بولىدۇ.

خوتۇن دېگەننى ھەپتىدە بىر چۆچۈتۈپ قويمىسا ئەرنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. خوتۇنغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلسا، قانچە ئەتىۋارلىسا، شۇنچە ھەددىدىن ئاشىدۇ. مەن دېگەن ئەركەك، ئۇنداق ياسالمىلىقنى قىلالمايمەن...



ناۋادا يۇقىرىقىدەك باھانە - سەۋەب ۋە ئىدىيەنى ئۆزگەرتمىسىڭىز، بىزگە كېرەك بولغان قىزلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئارزۇسىدا بولماڭ. چۈنكى، ئۇنداق قىزلار مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدە تۇغۇلۇپ، مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدە چوڭ بولۇشى كېرەك. سىز ئۇنى بېرىشنى رەت قىلسىڭىز، ئەلۋەتتە سىز ئارزۇ قىلغان شۇنداق قىزلارغا ئېرىشىشىڭىز تەسكە توختايدۇ. چۈنكى، ئىززەت - ھۆرمەت، قەدىرلىنىش تۇيغۇسى ئادەمنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تونۇيدىغان قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، نېمە قىلىشقا ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قىلىدۇ.

ئۆزى ئادەتلەنگەن قاراشنى ئۆزگەرتىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېڭىلاش ئاسان ئەمەس. ھەتتا ئادەمدە «بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟» دەيدىغان قورقۇنچىنمۇ پەيدا قىلىدۇ.

مەن نوپۇزۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن. مېنىڭ گېپىم گەپ بولماي قېلىشى مۇمكىن...

بىر دوستۇم «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئائىلىلەر خۇددى ئەپسۇن ئوقۇۋەتكەندەك بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. سىزنىڭ شۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتكۈڭىز يوقمۇ؟

ئۇنداقتا، باھانە ـ سەۋەبنى قويۇڭ، ئەنسىرەشلىرىڭىزنى چۆرۈپ تاشلاڭ. سىز مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئوخشاش مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن سىزگە جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. قەلبىڭىزدە شۇ خىل ئىستەك بولسىلا، سىز ئارزۇ قىلغانىدىنمۇ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىسىز.

ئۆزىڭىزنىڭ تۇيغۇسىغا دىققەت قىلىڭ. نېمىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىڭىز ئۆزىڭىزگە ئېنىق بولسۇن. چۈنكى، دەل شۇ خىل ئەنسىرەش سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزگە توسقۇن بولۇۋاتقان نەرسە. بىرەر ئىشنى قىلغان ۋاقتىمىزدا ناھايىتى تېزلا ئۇنۇمىنى كۆرگىمىز كېلىدۇ. ئىشلار بىز ئويلىغاندەك بولماي قالسا «قارا، ئىشلار مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولماي قالدى» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋاقىتتا بىز ئەجرىمىزگە تۇشلۇق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەن بولماستىن، بەلكى يېڭى بىر قەدەمنى ئالىدىغان باسقۇچقا كەلگەن بولىمىز.

بىزگە «دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ، پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ، پاكىز، ئاق كۆڭۈل» قىزلار كېرەك. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ھەرقانداق بىر تۇرلۇك ئادەتنىڭ يېتىلىشىگە بىر جەريان كېتىدۇ. بىز مەلۇم بىر

خىل ھەرىكەتنى تەكرار داۋاملاشتۇرۇش بىلەن شۇنداق ئادەتنى ۋۇجۇدىمىزدا يېتىلدۈرىمىز. بۇ ئادىتىمىز دەل ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئېھتىياجىمىز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئېھتىياج ئۆزگەرسە، ئادەتنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. بىر - بىرىگە قوپاللىق قىلىش، سىلىق - سىپايە، ئەدەپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى خالىماسلىق، بىر - بىرىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىش، ئويۇن - تاماشاغا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىش، تەكرار - تەكرار نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىش... بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر خىل ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسىدە سىزنىڭ ئادىتىڭىزگە ئايلىنىپ كەتكەن. سىزدە ناۋادا يۇقىرىقىدەك يامان ئادەتلەر بولغان بولسا، بەلكىم ئازراق خىجىللىق ھېس قىلىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بولىدى، ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ، ئەيىبلىگەنىڭ ئەمدى پايدىسى يوق. بۇ پەقەتلا سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى تۆۋەنلىتىپ، دادىللىق بىلەن ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزگە توسقۇن بولىدۇ.

بىزنىڭ ھەل قىلماقچى بولغىنىمىز، يۈزەكى مەسىلە بولماستىن، يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىكى ئادىتىمىز. ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىرادە، غەيرەت، يېتەرلىك چەكلەش كۈچى بولسىلا كۇپايە بولمايدۇ. ناۋادا ئىرادە، غەيرەت بىلەنلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان بولسا، ئىرادە، غەيرەت مەلۇم سىرتقى تەسىرلەر سەۋەبلىك سەللا بوشىشىپ قالسا، رولىنى يوقىتىدۇ. بۇ دەل نېمە سەۋەبتىن مەلۇم بىر ئىشنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇنداق ئىشنى تەكرار سادىر قىلىدىغانلىقىمىزنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى.

بىز بىر قەدەم چېكىنىپ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە سەۋەب بولىدىغان ئېھتىياجىمىزغا قاراپ باقايلى. ئۇ ئېھتىياجىمىز بىزنىڭ ھازىر تەلەپ قىلىۋاتقان شۇنداق قىزلارنى ۋۇجۇدقا

كەلتۈرۈشكە پايدىلىق ئېھتىياجمۇ ياكى پايدىسىز ئېھتىياجمۇ؟ ناۋادا پايدىسىز ئېھتىياج بولسا، ئۇنىڭدىن ئىككىلەنمەي ۋاز كېچەيلى. «ماڭا مېھىر ـ مۇھەببەتكە تويۇنغان، قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق قىزلار كېرەك» دەپ بېشارەت بېرەيلى. چۈنكى، شۇنداق قىزلار باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق ئېھتىياجى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى، گەپ ـ سۆزىنى كونترول قىلالايدىغان بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، دەل ئەرلەردىكى ئەرلىك ھورمۇنىنى ئاشۇرىدىغان، ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدىغان ئامىل. ئەكسىچە، ئاياللار «مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەن» دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالسا، پىسخىكا جەھەتتە شۇ خىل ئويىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئېغىزىدا، ھەرىكىتىدە «مەن ھەممىدىن نوچى» دەپ جار سالىدۇ. بۇ گەرچە ئۇلارنىڭ ئېغىزىنىڭ ئۈچىدىن چىقىۋاتقان سادا بولسىمۇ، يەنىلا ئەرلەرنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىدۇ، ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەرلىك ھورمۇنىنى ئاجىزلىتىدۇ.

ئىلگىرىكى بارلىق ئادىتىڭىز سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىزگە تەۋە، ئېرىشمەكچى بولغىنىڭىز سىزنىڭ بۈگۈندىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ئادىتىڭىز بىلەن باغلىنىشلىق. ھازىر سىز باشقىلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت بېرىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنچە تەس ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدىڭىز. «ۋاقىت يار بەرمەيدۇ» دېيىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتىڭىز. قەلبىڭىزدە قارشى تەرەپكە نىسبەتەن چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتلا بولىدىكەن، ئۇنى قارشى تەرەپ ھەرقانداق شارائىتتا ھېس قىلالايدۇ، دېگەن قاراش كاللىڭىزدىن ئۆتتى. ئۇنداق بولسا قېنى ھەرىكەتنى باشلاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى

# نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتتىن نېمىگە ئېرىشىسىز؟

مۇخبىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن مۇڭداشتىم. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقلىرىغا جور بولۇپ كۆلدۈم. ئازابلىق تىۋىشلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۇلارنىڭ شۇ ئازابتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ چىقىشى ئۈچۈن باش قاتۇردۇم، ئىزدەندىم. بۇ جەرياندا پىسخولوگىيە ئىلمى ماڭا ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئازابىنىڭ كەينىدىكى ھەقىقىي ساداسىنى ئاڭلايدىغان، ھەرىكىتىنىڭ كەينىدىكى ھەقىقىي مەقسىتىنى كۆرەلەيدىغان كۆز ئاتا قىلدى، بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. چۈنكى مەن يېنىمغا كەلگەن كىشىلەرگە تېخىمۇ تۇغرا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يولنى كۆرسىتىپ بېرەلەيتتىم. بىراق بۇ جەرياندا مېنىڭمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ۋاقىتلىرىم بولدى. چۈنكى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئىشنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى، پىلانلىغىلى، فورمۇلاسىنى تۈزگىلى بولغىنى بىلەن مۇھەببەت ھېسسىياتى خۇددى ھاۋادەك ئادەمگە تۇتۇق بەرمەيتتى، ئۇنى ئالدىن پىلانلىغىلى، فورمۇلاغا چۈشۈرگىلى بولمايتتى. مەلۇم بىر تۈرلۈك ھېسسىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تاكتىكا دەسلەپتە ئۈنۈم بەرگەندەك قىلغان بىلەن، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۈنۈمىنى يوقىتىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن، بەزىدە ئالدىمغا كەلگەن كىشىنىڭ ئازابىغا قانداق «دورا» بېرىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ۋاقىتلىرىم بولدى. يۇقىرىدا دېگەندەك قەلبىنىڭ ئىشىغا كەلگەندە ھەقىقەتەن ھەممىگە چۈشىدىغان مۇقىم قېلىپ بولمايدىكەن. بۇنداق ۋاقىتتا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى

ئازابلاۋاتقان ئىشقا بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ باقىمەن. چۈنكى، تونۇش ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ شۇ ئادەمگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرغىلى بولىدۇ. تونۇش ئۆزگەرسە ئازابقا سەۋەب بولغان ئىش تەبىئىي ھالدا ئۆز كۈچىدىن قالىدۇ. بىراق، مەلۇم بىر خىل قاراشنى قوبۇل قىلىش، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئۈچۈن شۇنىڭ بىلەن زىت كېلىدىغان قاراشنى چۆرۈپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆزىنى ئازابلايدىغان قاراشنى قانداق چۆرۈپ تاشلاش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتقان كىشىنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى ئۆزىگە ئاغدۇرۇشقا، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قەلب تىۋىشىغا قۇلاق سېلىشقا، ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن يېڭى قاراشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى كاللىسىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىقى باسقۇچنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمنى ئېلىشقا تەييارلانسا بولىدۇ. يەنى ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىش. ئۆزىنى قوبۇل قىلدى، دېگەنلىك ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىدى، دېگەنلىك. بىز كۆپ ھاللاردا باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش، باشقىلارنى خۇشال قىلىش، باشقىلارنىڭ ئارزۇسىنى قانائەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز ـ يۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىدىكى ئارزۇسىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. ئازاب شۇنىڭ بىلەن قەلبىمىزنى ئىگىلەشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ بىزدىكى ئىپادىسى ھەر خىل بولىدۇ. ھە دېسىلا باشقىلارنى ئەيىبلەيدىغان، ئۇلاردىن ئاغرىنىدىغان بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۆزىمىزدىن رازى بولماي، ئۆزىمىزنى كەمسىتىدىغان گەپلەرنى كۆپ قىلىدىغان بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ھەتتا، مەلۇم بىر بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشىمىز ۋە ياكى روھىي جەھەتتە بىنورماللىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئازابلىمايدۇ. ئۆزىنى ئازابلايدىغان قاراشلارنىڭ ئورنىغا

ئۆزىنى بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدىغان قاراشلارنى ئالماشتۇرۇشقا ماھىر بولىدۇ.

مەسىلەن: مەن نېمىدېگەن شور پېشانە.

مەن نېمىدېگەن ئەخمەق.

مەن نېمىدېگەن كۆرۈمسىز.

مېنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ.

مېنىڭ بىرمۇ دوستۇم يوق.

مەن بىر مەغلۇبىيەتچى.

مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى خاتا.

مەن ئىنتايىن ئەسكى ئادەم.

بۇ سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ بېقىڭ، قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز.

ئەمدى بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىغا:

مەن نېمىدېگەن ئەقىللىق.

مەن نېمىدېگەن قاملاشقان.

مېنى بارلىق ئادەملەر ياخشى كۆرىدۇ.

ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دوستۇم.

مەن بىر غالىب كىشى.

مېنىڭ قىلىۋاتقان ھەر بىر ئىشىمنىڭ سەۋەبى بار.

مەن ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل

ئەمدى يەنە يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ بېقىڭ.

ئىككى گۇرۇپپا سۆزنى ئوقۇغان ۋاقىتتىكى ئېرىشىدىغان تۇيغۇڭىز ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ. دېمەك، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئوي - خىيالىنى، مەلۇم مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، شۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتەلمىگىنىمىز بىلەن بىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئاجىزلىتالايمىز. يەنى ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولالايمىز. ئۆزىمىزنىڭ ئوي - خىيالى بىلەن ئۆزىمىزنى ئازابلاشتىن ساقلىنالايمىز.

يېقىندا بىر ئايال بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ئايال نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىپ قالغان، شۇ مۇھەببەت تورى ئىچىدە قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەي ئازابلىنىۋاتقان ئايال ئىدى.



ئىلگىرىكى ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا، يەنى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئەمەس، سىرتقى تۇرقىغا قاراپ باھا بېرىدىغان ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا: «نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلغانسىز؟ سىز قانداقمۇ شۇنداق يولغا مېڭىپ قالغانسىز؟ سىز باشقىلار ئۇچۇنمۇ ئويلاپ باقسىڭىز چوقۇم شۇنداق قىلمايتتىڭىز، ئەخلاقسىزلىق بولۇپ قاپتۇ...» دېگەندەك بىر قاتار ئەيىبلەش تۈسى قويۇق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ياقامنى چىشلىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. چۈنكى مەن ئۇ ئايالنىڭ قەلبىدە ئازابتىن تىپىرلاپ كېتىۋاتقان يۈرەكنى كۆردۈم. ئۇ يۈرەك ئازار يېگەن يۈرەك بولۇپ، مەنمۇ ئازار بەرسەم، ئۇنىڭ بەرداشلىق بەرمىكى تەس

بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق باھا، ھېچقانداق ئەيىبلەشتىن خالىي ھالدا ئۇنىڭ تىڭشىغا قۇلاق سالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ تارتقۇلۇقلىرىنى سۆزلەپ بەردى:

مەن بۇ يىل 30 ياشتىن ئاشتىم. بىر بالام بار. يولدىشىم ئادەتتىكى بىر ئادەم. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ تۇرمۇشتا بەك كۆپ ھەۋىسى يوق، قىزغىنلىقىمۇ يوق. ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. شۇنداق ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقانىدى. مەن ئالدىراپ ئىشقا مېڭىپ كۈنلۈك ئېلىۋالماپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بېكەتكە قاراپ يۈگۈردۈم. بىر ماشىنا ئارقامدىن گۈدۈك ئۇرغىلى تۇردى. ئارقامغا قارىسام ياندىكى بىنادىكى قوشنام ئىكەن، مېنى چىقىۋېلىشقا ئىشارەت قىلدى. مەن كۆپ ئويلانماستىنلا ماشىنىغا چىقىۋالدىم. ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ تونۇيتتىم. مەن ئايالىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ئارىدىكى ئەپسىزلىكنى بۇزدۇم. چۈنكى، ماشىنىغا چىقىپلا «چىقمىسام بوپتىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدىم. ئۆزۈمنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق تۇيغۇغا كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم، يۈرىكىمنىڭ قاتتىق سوقۇپ كېتىشىدىن بىر بېشارەتنى ھېس قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن.

مېنىڭ يېشىم بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يېشى كۆپ پەرقلەنمەيتتى. بەلكىم 4، 5 ياش پەرق قىلىشى مۇمكىن. ماشىنىدىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا ئۇ كىشى مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمنى سوراپ خىزمەت ئىشى بىلەن ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن خۇشاللىق بىلەن ئېيتىپ بەردىم. تەخمىنەن ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ كىشى ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ قىزغىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى سورىدى. مەن ئۇ كىشىنىڭ سورىغىنىغا قارىتا جاۋاب بەردىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ كىشى تۇرۇپ - تۇرۇپلا ماڭا ئۇچۇر يوللاپ ئەھۋال سورايدىغان، ئۆزىنىڭ

شەخسىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىدىن ئانچە ـ مۇنچە قوشۇپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا ئۇ كىشىنىڭ سىلىق ـ سىپايىلىكىگە، قەرەللىك ھالدىكى ئەھۋال سوراشلىرىغا ئادەتلىنىپ قالدىم. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئەنە شۇنداق شەكىلدە خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئەلۋەتتە كېيىنكى كۈنلەردە مەنمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلەن يوللاپ ئەھۋال سورايدىغان بولدۇم. تېلېفوننى كۈتىدىغان، كۆرۈشۈشنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدىم. بىر كۈنى ئۇ ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ «يېقىندىن بۇيان خىزمىتىم بەكلا ئالدىراش، ماڭا تېلېفون قىلماڭ، ئۇچۇرمۇ يوللىماڭ. مەن ئۆزۈم سىز بىلەن ئالاقىلىشىمەن» دېدى. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۆزۈمنى خۇددى كونتروللىغۇچ بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. بىراق مەن ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشقا، ئۇنىڭغا يۈرەك سىرلىرىمنى ئېيتىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدىم. قىسقىسى، مەن ھاياتىمدا ئۇ يوق كۈنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرالمايمەن. كۆرگۈم كەلگەندە كۆرۈشەلمەيمەن. بەزىدە ناتونۇش تېلېفوندا تېلېفون ئۇرسام ئېلىپلا خىزمىتىم ئالدىراش ئىدى، كېيىنچە تېلېفون قىلاي دەيدۇ ـ دە، يەنە يوقاپ كېتىدۇ. تاسادىپىي ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسام، پۇت ـ قولۇم بوشىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالىمەن. مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم قىيناپ كېتىۋاتىمەن. بەزىدە كېچىلىرى تۇرۇپ بىنادىن چىقىپ ئۇ تۇرىدىغان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالىمەن. بىنادىن ئۇستىگە قاراپ كېتىمەن. ئۆزۈمنى كونترول قىلاي دەپمۇ كونترول قىلالمايمەن. قانداق قىلسام بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمەن؟ ئۇنى ئۇچراتمىغان ئاشۇ كۈنلەردىكى تىنچ ھالىتىمنى سېغىنىپ كېتىۋاتىمەن.

كىتاب تورى بىكىتى

بۇ ئايالغا قانداق قىلغاندا ياردەم قىلغىلى بولىدۇ؟ ئەيىبلەش سۆزى پەقەتلا ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە بولغان بىزارلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. قەلبىدىكى ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە پايدىسى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالدى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ شۇ ئىش ھەققىدىكى تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

مەن ئۇ ئايالنىڭ سۆزىنى بۆلمەستىن ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنداق دەپ سورىدىم:

— ئەسلەپ بېقىڭ، ئەينى چاغدا ئۇ كىشىنىڭ قايسى تەرىپى سىزنى ئۆزىگە تارتقان، ئەسلىيەلەمسىز؟

— مەن يامغۇرنى ياخشى كۆرىمەن. بىز يامغۇرلۇق كۈندە ئۇچرىشىپ قالغان. ئۇ ماڭا شۇنداق سىلىق - سىپايە مۇئامىلە قىلغان. مەن قوپاللىقتىن بىزار. ئۇ دائىم ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ ئەھۋال سوراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەندىن ئەھۋال سورىغان ۋاقىتتىكى ئاۋازىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى، ماڭا مېھىر بىلەن قاراشلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسام ئۆزۈمنى تاغدەك يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ تۇرغاندەك بىخەتەر ھېس قىلىمەن.

مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆھبەتتە كۆپ ھاللاردا قارشى تەرەپنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئائىلە ئەھۋالىنى قىسقىچە سورايمەن. چۈنكى ئادەمنىڭ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەردە تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئۆزى قوبۇل قىلغان مۇناسىۋەت شەكلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يەنى كىچىك ۋاقتىدا مېھىر - مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بولسا، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، ئۆزىگە مېھىر - مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلىدىغان بولىدۇ. باشقىلارغىمۇ شۇنداق سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىدىغان بولىدۇ. ئەيىبلەش سۆزىنى كۆپ ئاڭلاپ چوڭ بولغان بولسا، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە بېرىدىغان

باھاسىدا ئەيىبلەش كۆپرەك بولىدۇ. ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى كەمچىل بولىدۇ. كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە تۇتقان مۇئامىلىسى چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئۆزىنىڭ ئۆزىگە تۇتىدىغان مۇئامىلىسىنىڭ قانداقلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان ئادەم كۆپ ھاللاردا بالىلىقىدا ئاتا ئانىسىدىن شۇنداق تەسىراتنى ھېس قىلغان بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بالىدا «ئاتا ـ ئانام مېنى تاشلاپ كەتمىسىكەن» دەيدىغان تۇيغۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە چوڭ بولغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىمۇ شۇ خىل تۇيغۇنىڭ سايىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەمدى گەپنى يۇقىرىقى ئايالغا يۆتكىسەك ئۇ ئايال بالىلارنىڭ چوڭى، ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇلۇشى بىلەن ئاتا ـئانىسىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىدىن بالدۇرلا ئايرىلىپ قالغان. ئۇ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىكى ئىنىسىنى بېقىشىپ بېرىش، ئۆي ئىشىنى قىلىش بىلەن بالىلىقىنى ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا ئەلۋەتتە مەلۇم ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانلىق سەۋەبىدىن دادىسى، ئانىسىنىڭ تايىقىدىن، تىل ـ دەشنامىلىرىدىن مۇستەسنا بولالمىغان. ئۇ قىزنىڭ بالىلىقى ئەنە شۇنداق ئۆتكەن. بۇ خىل مېھىر ـ مۇھەببەتكە بولغان تەقەززالىقى بوغۇلغان بالىلىقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن قىز نىكاھلانغاندىن كېيىنمۇ يولدىشىدىن ئۇنداق قىزغىن ۋە مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلمىگەن. ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىدە ئۇ خىل تەسىرات كەمچىل بولغاچقا، تۇرمۇشتا ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلىشنى، شۇنداق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق يولدىشىنىڭ قەلبىدىكى شۇنداق تۇيغۇلىرىنى قوزغاشقا قادىر بولالمىغان. بۇ خىل بوشلۇقنى پەيدا قىلغان ئېھتىياج يامغۇرلۇق كۈنىدىكى شۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئايال خۇددى سۇغا

نۇر كىتاب تور بېكىتى nurkitap.com



ئېرىشكەن بىلىقتەك شۇ خىل تۇيغۇدىن ھوزۇر ئېلىشقا باشلىغان. بىراق ئۇ ئەرنىڭ مەقسىتى ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بولۇپ، ئايالنىڭ تەلەپ قىلغىنى ئۇ ئەرنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئۇدۇل كەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇزاق قالمايلا ئايال ئەرگە نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتقان. بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم ئايالنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنى قانات ئاستىغا ئېلىنىش، تەۋە بولۇش، مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئېھتىياجى بولغان بولسا، ئەرنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى بويسۇندۇرۇش، ئۆزىنى ئىسپاتلاش ئېھتىياجى بولغاچقا، ئايالنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئايالغا بولغان قىزىقىشى سۇسلاشقا باشلىغان. ئىككى خىل ئېھتىياجنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق سەۋەبلىك، شۇنداقلا ئايالنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىدىن بويسۇندۇرۇش ئېھتىياجى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن ئەر ئايالدىن ئۆزىنى تارتقان. ئەرلەرنىڭ بويسۇندۇرۇش ئېھتىياجى كۈچلۈك بولىدۇ، ئاياللارنىڭ بويسۇنۇش، تەۋە بولۇش ئېھتىياجى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ئاڭلىماققا ماس كەلتۈرۈش ناھايىتى ئوڭاي ئېھتىياجدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بىراق بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ناۋادا ئىككىلا تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ شۇ خىل ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئالماستىن، ئۆز ئېھتىياجىنىلا قوغلاشسا، يەنىلا ماسلىقى ئېرىشكىلى بولمايدۇ. يەنى ئايال ئۆزىنىڭ تەۋە بولۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا ئەرنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلسا، ئەرنىڭ بويسۇندۇرۇشتىن ئېرىشىدىغان قانائەت تۇيغۇسى كەملەپ كېتىدۇ ـ دە، شۇ خىل ئېھتىياجى يەنىلا بوش قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر بۇ خىل ئىستەكتىن يەنىلا قۇتۇلالمايدۇ. ئەر ـ ئايال ئوخشاشلا بۇ خىل مۇناسىۋەت ئىچىدە تەكرار ئايلىنىدۇ.

يەنە يۇقىرىقى گېپىمىزگە كەلسەك، مەن ئۇ ئايالدىن شۇنداق سورىدىم:

— سىزنىڭچە، سىز ئۇ يىگىتتىن ئېرىششنى ئارزۇ قىلىۋاتقان شۇ خىل خاتىرجەملىك، شۇ خىل بەخت تۇيغۇسى ۋە شۇ خىل قانائەتنى يەنە قايسى ۋاقىتتا قانداق ئادەملەردىن كۈتكەن؟

— ئېسىمدە يوق.

— كىچىك ۋاقتىڭىزدىكى ئەھۋالنى ئەسلىيەلەمسىز؟

— كىچىك ۋاقتىلىرىمدا ئانام ئىنىمنى، سىڭلىمنى بېقىپ مېنى باقمىسا، «مېنىمۇ شۇنداق باققان بولسىكەن» دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. دادام، ئانىلار ئىشقا كەتكەندە «قاچان قايتىپ كېلەركىن» دەپ شۇنداق ئىنتىزار بولاتتىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بەش ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىم بولۇشى مۇمكىن. ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن سىڭلىمنى بېقىپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز كۆزۈم ئالدىمدىكى سايىمگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ سايەم ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزۈمنىڭ سايىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئانىلار ئىشىكنى ئېچىپ كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا كۆزۈمنى شۇ سايىدىن ئۈزمەي ئولتۇردۇم. سايەمنىڭ كۈننىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ يۆتكىلىشى خۇددى بىر ئادەم ئۆيىنىڭ ئىچىدە ماڭا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرگەنىدى.

— بۇ گېپىڭىزدىن سىزنىڭ ھازىرقى كۈتۈشىڭىز بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى كۈتۈشىڭىز، شۇ ۋاقىتتىكى ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئارزۇيىڭىز بىلەن ھازىرقى شۇ كىشىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە تەقەززا بولۇش ئېھتىياجىڭىزنى ئوخشاپ قالىدۇ، دەپ قارىسام بولامدۇ؟

— كۈتۈش، تەقەززا بولۇش ھېسسىياتى ئوخشاپ قالىدۇ.

— ئۇنداقتا، سىزنىڭ ھازىرقى ئۇ كىشىگە بولغان تەقەززالىقىڭىزنى بالىلىقتىكى شۇ خىل ئېھتىياجنى قانائەت تاپقۇزۇش. سىزنى تەقەززا قىلىۋاتقىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئەمەس، شۇنداق دەپ چۈشەنسەم بولامدۇ؟

ئۇ ئايال گەپ قىلماي جىم تۇراتتى.

بىر، ئىككى قېتىملىق سۆھبەت ئارقىلىق ئۇ ئايالنىڭ ئازابىغا سەۋەب بولغان تونۇشنى ئۆزگەرتىپ قەلبىدىكى سېغىنىش ئازابىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا ۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى بىردىنبىر چارە «مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا بەرگەن تۇيغۇسى» دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلدۇرۇش. ئايال شۇنىڭغا ئىشەنسە، كالللىسىدىن ئۆتكۈزسە، ئۇ ئازابتىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە نىكاھتىن سىرتقى ئەر - ئاياللار مۇناسىۋىتىدە ئېھتىياجنى قانائەت تاپقۇزۇشلا بولۇپ، مۇھەببەت بولمامدۇ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ.

ئەخلاق نۇقتىسىدىن بىز نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتنى ئىنكار قىلىمىز. ناۋادا نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتتىكى ھەقىقىي مۇھەببەتنى ئېتىراپ قىلساق، جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشى تۇرغان گەپ. بۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتتىمۇ ھەقىقىي مۇھەببەت بولىدىغانلىقىنى روھىي جەھەتتە چەتكە قېقىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. روھىي جەھەتتە چەتكە قېقىش بولغانىكەن، ھەقىقىي مۇھەببەت بولغان تەقدىردىمۇ تېگىرقاش، ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش، قارشى تەرەپنىڭ مۇھەببىتىدىن گۇمانسىراش، مۇھەببىتىنى ئاتا قىلىشتا ئىككىلىنىش تۇيغۇسى بولىدۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتتىن ئېرىشىدىغان بەخت تۇيغۇسىنى قىرقىيدىغان تۇيغۇلار. قارشى تەرەپ مېنى مەن ئۈنى سۆيگەندەك سۆيەمدۇ؟ بۇ خىل گۇمان قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان ھەرىكەتكە سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئادەم ئۆزى ئويلىيالايدىغان ئامال - چارىلەر بىلەن ئۆزىگە ئاساس تاپماقچى بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى ئىككىلا تەرەپتە شۇ خىل گۇمان بولىدىغان بولغاچقا، بىر - بىرىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەردىن ساقلانغىلى

بولمايدۇ. گۇمان سەۋەبلىك قەلب ئىشىكىنى بىر - بىرىگە توسالغۇسىز ئاچالمايدۇ. ئاچقان تەقدىردىمۇ، ناھايىتى تېزلا قايتىدىن ئېتىۋالىدۇ. قەلب ئىشىكى ئېتىلگەنىكەن، مۇھەببەت ئۇلارنى ئازابلايدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ئازابتىن ياكى ئۆزلىرى قۇتۇلۇپ چىقالمايدۇ، ياكى قارشى تەرەپنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمايدۇ. بۇ خىل تېگىمرقاش، گۇمانسىراش تۇيغۇسى نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت قايىنىمىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن يۈزلىنىدىغان ئازابى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى. كۆپ قىسىم كىشىلەر بولۇپمۇ ئەرلەر نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت ھەمراھىنى مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرسۇن، نىكاھتىكى ھەمراھىنىڭ بىلىپ قېلىشىنى قەتئىي خالىمايدۇ. ئۇلار «بىلىپ قالسا تۇرمۇشۇم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ» دەپ ئەنسىرەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەر - ئايال ئىككىلا تەرەپ دەككە - دۈككىدىن خالىي بولالمايدۇ. يېقىندا بىر ئەر ماگىا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى، يەنى رەڭلىك سورۇندا ئولتۇرغاندا، ياكى ئايال ھەمراھى بىلەن ئايرىم ئۇچراشقاندا ئايالىدىن تېلېفون كېلىپ قالسا، پۇت - قولى تىترەپ، تەر چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە بىر ئاماللارنى قىلىپ يوگۇرەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئەلۋەتتە ئايالمۇ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببىتىنىڭ ئائىلىسىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش زىددىيەتلىك روھىي ھالەتتە قىينىلىدۇ. روھىي جەھەتتە قىينىلىش، ئىككىلىنىش بولغانىكەن، ئازاب بولىدۇ. مەيلى نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت قانچىلىك چوڭقۇر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشقىنى قويغاندىمۇ يۇقىرىقى ئىككى خىل تۇيغۇنىڭ ئۆزىلا نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتتىن ئېرىشىدىغان بەخت تۇيغۇسىنى كەملىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەمنىڭ قارشى تەرەپتىن ھېس قىلىدىغان مۇھەببەت تۇيغۇسى كەملەپ

كەتكەنىكەن، ئۆز مۇھەببىتىنى «قەدىرلەشكە ئېرىشەلمىدى» دەپ ئويلىمۇۋېلىشتىن، ئۆزىگە قانچىلىك بەدەل تۆلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنالمايدۇ. بىراق بۇ چاغدىمۇ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت ئىچىدىكى ئەر - ئاياللار يەنىلا بىر - بىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئائىلىگە ئادەتلىنىپ كەتكەن، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت ئائىلىدىكى كەم قالغان مېھىر - مۇھەببەتنى تولۇقلاش مەقسىتىدە پەيدا بولغان بولغاچقا، يەنىلا ئائىلىدىن كېيىن تۇرىدۇ. يەنى ئەر ياكى ئايالنىڭ ئائىلە ئۈچۈن ئاتا قىلغانلىرىنى نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببىتىگە ئاتا قىلىشى تەسكە توختايدۇ. بۇ رېئاللىقمۇ ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتتىن ئازار يېيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش تارتىپ چىقارساق، مۇھەببەتنى قىرقىيدىغان ئامىللار يەنە چىقىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت سىرتتىن قارىغۇچىلارغا خۇددى رومانتىك، ئادەمنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدىغان مۇھەببەتتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بىراق، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقانلارنىڭ ھەقىقىي ساداسىغا قۇلاق سالسىڭىز ئۇنىڭ سىز ئويلىغاندەك ئادەمنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدىغان مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى بايقايسىز.

ئۇنداقتا نېمە سەۋەبتىن بۇ خىل مۇناسىۋەت ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە، يەنىلا ئادەمنىڭ بەخت تۇيغۇسىغا بولغان ئىنتىلىشىگە تاقاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەم بۇ ئۆمرىدە بەخت تۇيغۇسىنى قوغلىشىپ ياشايدۇ. گاھىدا بەخت تۇيغۇسىنى تۇتۇۋالسا، گاھىدا يوقىتىپ، تۇرمۇشىنى رەڭگارەڭ ھېس - تۇيغۇلار بىلەن سۇغىرىدۇ. ئادەمنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدىغان تۇيغۇلار ئىچىدە مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئەڭ زور. مۇھەببەت ئادەمگە ئەڭ زور دەرىجىدىكى بەخت تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

مۇھەببەتنىڭ دەل شۇ خىل كۈچى ئادەمنى ھەر خىل - ھەر يانغا تەۋەككۈلچىلىكلەرگە باشلايدۇ. ئادەم ئۆزى ئىزدەۋاتقان بەخت تۇيغۇسىغا، مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇھەببەتلىشىدۇ. ئۆزى ئىزدىگەن تۇيغۇغا ئېرىشەلمىگەندە بولسا، ئۆزىنىڭ ئىمىشقا كۆتكەندەك تۇيغۇنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، يەنە تەكرار ئىزدەيدۇ، يەنە تەكرار مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

يۇقىرىقى ئايال بىرقانچە قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن «تولىمۇ ئەخمەقلىق قىپتىمەن. ئۇ مېنىڭ شۇنچىلىك تەلپۈنۈشۈمگە ئەرزىمەيدىغان، شەخسىيەتچى، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا مەسئۇل بولۇشنى بىلمەيدىغان، سۆيگۈگە سۆيگۈ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەيدىغان ساختىپەز ئەبلەخ ئىكەن» دېدى.

بىز بۇ يەردە ئۇ ئايالنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى باھالىمايمىز. پەقەت ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا باھانە ئىزدەشكە باشلىغانلىقىنى بىلىۋالساقلا بولىدۇ.

مېنىڭ ھازىرغىچە ئائىلە نىكاھ، مۇھەببەت مەسىلىلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىم پەقەت ئائىلە، نىكاھ مۇناسىۋىتى، مۇھەببەت ھېسسىيات مەسىلىلىرى ھەققىدىكى تۇرلۇك قاراشلارنىڭ بىر خىلى. ئۇنى شۇ خىل قاراشلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى قاراش دېيەلمەيمەن. پەقەت ئۆزۈم ئۇچراتقان ئوبيېكتلارنىڭ مۇھەببەت - نىكاھ مەسىلىلىرىگە ئاساسەن چىقارغان بىرقەدەر توغرا ۋە ئۈنۈملۈك قاراش دېيەلەيمەن. بىراق مېنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە، نىكاھ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىم، تەۋسىيە ئۇسۇللىرىم قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقان كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىپ بېقىشىغا، تونۇشنى ئۆزگەرتىشتە سىناپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئادەم ۋە سەرگۈزەشت ئوخشاش بولمىغىنى بىلەن ئادەمنىڭ

ئېھتىياجىدا بەك چوڭ پەرق بولمايدۇ. ھېسسىياتنى كونترول قىلماق تەس بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئوخشاش. بۇ يەردىكى پەرق ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە ماس كېلىدىغان ئۇسۇلنى تېپىش ياكى تاپالماسلىقتا. كاللىمىزدا ئۆزىمىزگە كېرەك بولغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق قىلىۋالساقلا ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىسىنى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىزمۇ ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت قايىنىمىدا ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېرىشىپ، نېمىنى يوقىتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقانلار يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمدىن مەلۇم ئىلھامغا كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

# ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشقا قانداق ماسلىشىش كېرەك؟

نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن قارىغاندا، بىز ئېتىراپ قىلايلى ياكى قىلمايلى ھەقىقەتەن بىر نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. تەرەققىيات رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا، شۇنداقلا خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر بۇنىڭ تىپىك ئىپادىسى. ئۇنداقتا، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىنىڭ بازار ئىگىلىك دەۋرىگە ئۆزگىرىشى، بېكىنمە، يېرىم بېكىنمە جەمئىيەتنىڭ ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىشى... قاتارلىقلار. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك - تۈمەن خىل ئۆزگىرىشلەرنى، يەنى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئائىلە قارىشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قارىشى، تەپەككۇر شەكلى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، جەمئىيەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش كۆپ تەرەپكە چېتىلىدىغان مۇرەككەپ جەريان بولغاچقا، ئۇنى بىردىنلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭغا جەريان كېتىدۇ. بۇ جەريان دەل بىزنىڭ

كتاب نور بیكتاپ ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.nurkitap.com

ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش داۋامىدا دۇچ كېلىدىغان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىمىزدۇر. ئۇنداقتا، بىز ئالدى بىلەن يۈزلىنىدىغان مەسىلە نېمە؟



بىرىنچى، ئائىلىۋى مۇناسىۋەت مەسىلىسى.

بىر قىسىم كىشىلەر، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە ئاياللار سىرتقا چىقىپ سودا قىلىشى، قويۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى شەكىللەندۇرۇپ، ئائىلىدىكى رەپىقىلىق ئورنىدىن مۇستەقىل ئورۇنغا ئۆتۈشى، ئىدىيە، ئاڭ، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاياللار ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشقا ماسلاشقان بولىدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئۆيدىن چىقىپ مەلۇم بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى، ھەتتا سودا قاينىمىغا شۇڭغۇشىنى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ئۆسۈشى، ئىقتىسادىي بېسىم قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر بەلگىلىگەن. بىراق، نوقۇل شۇنىلا تەكىتلەش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئايال ئالدى بىلەن ئائىلىدە

رەپىقە، ئانا. ئاياللار كەسپىي ئىشلار، قويۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى سودا ئىشى بىلەن بولۇپ ئائىلىدىكى رولى، مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتىنى ئۆتتۈپ قالسا ياكى ئۇنىڭغا سەل قارىسا، ئائىلىدە زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ زىددىيەت كەلگۈسىدە ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى تۇرلۇك كۆڭۈلسىزلىكلەر، پەرزەنت تەربىيەسىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ خورۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ دېگەنلىك، ئاياللار ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، بۈگۈنكىدەك ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئاياللار تېخىمۇ سەگەك، تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇشى كېرەك، دېگەنلىك. بۈگۈنكى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرى ئاياللاردىن ھەقىقەتەن كۆپرەك بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. يەنى كەسپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىش، ئائىلىدە ياخشى ئايال، ياخشى ئانا بولۇش ئۈچۈن ئۆز رولىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش، بۇنىڭدىن باشقا ئاياللار ئىدىيەسىدىكى قۇلچىلىق، بوشاڭلىق، ئۆگەنمەسلىك، ئىزدەنمەسلىكتەك پاسسىپلىقنى يېڭىشى كېرەك.

ئەرلەرگە كەلسەك، بىر قىسىم كىشىلەر، سىرتلاردا سودا قىلىپ، پۇل تاپىدىغان ئايالغا قاراپ ئۆيدە بالا بېقىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ئولتۇرۇشى — ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشقا ماسلاشقانلىقى دەپ قاراۋاتىدۇ. ئەر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، ئەردە ئائىلىگە، خوتۇن ـ بالىغا نىسبەتەن يۈكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئائىلە روناق تاپىدۇ، ئائىلىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولىدۇ. مەيلى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بولسۇن، ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە بولسۇن، ئائىلە ئەرلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ياساۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ

ئەرلىرىمىزنىڭ ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھىدا سۇسلاش بولۇۋاتىدۇ. بۇنى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشقا ماسلاشقانلىق دەپ قارىساق توغرا بولمايدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە بارلىق يۈكنى ئاياللارغا يۈكلەپ تىرىشمايدىغان، سىرتتىن كۆڭۈل خوشى ئىزدەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى، خوتۇن - بالىنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى تونۇمايدىغان، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە ساختىلىق قىلىدىغان ئەرلەر ئاز ئەمەس. بۇ ساغلام جەمئىيەت كەيپىياتى يارىتىپ، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشكە پايدىسىز ئامىل.

ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى ياشلارغا كەلسەك، بىر قىسىم كىشىلەر، ياشلار رىقابەتنى ھېس قىلىپ تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەۋاتىدۇ، بۇ ياشلارنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش قەدىمىگە ماسلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراۋاتىدۇ. بۈگۈنكى رىقابەت دۇنياسى ياشلاردىن تىرىشىپ ئۆگىنىشنى، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ رېئال تەقەززاسى. بىراق، بۈگۈنكى دەۋردە ياشلار پەقەت تىرىشىپ بىلىم ئىگىلىسىلا يېتەرلىك بولمايدۇ. تىرىشچانلىق روھى، مول بىلىم بولۇش بىلەن بىرگە توغرا ياشاش نىشانى، توغرا قىممەت قارىشى، توغرا ئېتىقاد تەربىيەسىگە ئىگە بولۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، ياشلار سىرتقى تەسىرنى ئەڭ تېز قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ساغلام قىممەت قارىشى ۋە ياشاش مىزانىغا ئىگە بولمىسا، ئاسانلا نىشاندىن ئېزىپ قالىدۇ. ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى جەمئىيەتكە كېرەك بولغىنى، ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە تەڭ يېتىشكەن ياشلار.

ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكىدەك نوقۇل جان باقتىلىقنى، يەنى قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈش، قانداق خىزمەت قىلىشنىلا ئۆگەتسە ئېتىقاد، غايە

تەربىيەسى بىرىشكە سەل قارىسا، كىچىكىدىن تارتىپ توغرا قىممەت قارىشى تىكلىنىشىگە ئاساس سالمىسا، ئىچكى ئىنىرگىيەسى ئاجىز بىر ئەۋلاد تەربىيەلىنىپ چىقىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقىشى تەسكە توختايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھازىر ئاتا ـ ئانىلار خىزمەت ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ، بالىلىرىنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆز بالىسىنىڭ پسىخىكىسىدىكى يالغۇزلۇق، زىرىكىش، ئىچى تىتىلداشتەك بىنورماللىقنى ۋاقتىدا بايقىيالماي، «دەۋر ئۆزگەردى، بالىلارنىڭ نېمە ئويلايدىغىنىنى بىلگىلى بولماس بولۇپ كەتتى» دېگەندەك مەسئۇلىيەتسىز يەكۈن ئارقىلىق ئۆزىنى ئالداشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. يېقىندا ياپونىيەلىك جەمئىيەتشۇناس ئىكارى كوئىچىنىڭ ياپونىيە جەمئىيىتىنى تەھلىل قىلىپ يازغان «دادا ـ ئانا خۇشال ئۆتەيلى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇدۇم. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بىر پارچە شېئىر ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى. بۇ شېئىردا يالغۇزلۇق ئىچىدە ياشايدىغان ياپونىيە بالىلىرىنىڭ پسىخىكىسىدىكى بىنورماللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىكەن.

جان ئاتا، جېنىم ئانا كەتتىڭ نەلەرگە،
ئالتۇن بېلىق قېشىدا يالغۇز قالدۇرۇپ.
كەلمىگەچكە سەن، ئىچىم سىقىلىپ،
ئۆلتۈردۈم بىر بېلىقنى يىڭنىدە چوقۇپ.

ئۈچ ئاش پىشىم چاغ ئۆتتى يەنە ئاردىن،
ئانا ئۆيگە يەنىلا كەلمىدىڭ يېنىپ.
تەقەززالىق، زىرىكىش دىلنى غەش قىلىپ،
بېلىقتىن مەن ئىككىنى ئۆلتۈردۈم سىقىپ.

كتاب تور بېكىتى www.ushurkitap.com

نېمە ئۈچۈن نە سەۋەب كەلمەيسەن يېنىپ،
ئۈچىنچى بىلىقنىمۇ ئۆلتۈردۈم چىمدىپ.
كۆزۈم ياشلىق كەچ بولدى ـ كۈنىمۇ ئۇلتۇردى،
ئۆلدى ئالتۇن بېلىقلار بىر ـ بىرلەپ جىمىپ.

بۇ شېئىردا بالىنىڭ ئۆزىنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئانىسىغا بولغان نارازىلىقى، يالغۇزلۇقتىن قورقۇشتەك مۇرەككەپ ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «بىزنىڭ بالىلىرىمىز شۇنداق يالغۇزلۇق ئىچىدە قالمايۋاتىدۇ» دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ. بىز ئالدىراشلىقىمىزنى باھانە قىلىپ، بالىلارنىڭ روھىي ھالىتىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلمايۋاتامدۇق ـ قانداق؟ بۇ جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ياساۋاتقان مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا ئۆزىمىزگە قىلىنغان مەسئۇلىيەتسىزلىك بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى بالا ئۈچۈن ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن قىلىنغان، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز بولمايدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىك.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى.

تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقىدا ئېشىش، شۇنداقلا مەنىۋى بايلىقىدىمۇ كۈنسېرى موللىشىش بولۇۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجى كۈندىن ـ كۈنگە تويۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەر مەنىۋى جەھەتتە ئېچىرقاشقا پېتىۋاتىدۇ. جەمئىيەتكە قارايدىغان بولساق، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى بوخىل بوشلۇقنى ئويۇن ـ تاماشاغا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش ئارقىلىق تولدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ ـ يۇ، بىراق يەنىلا قانائەتكە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم

كىشىلەر رېئاللىقتىن ۋايساپ، يا روھىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلالماي، يا مەنىۋى جەھەتتە تەڭپۇڭلۇقنى ئېرىشەلمەي خامۇشلۇق ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمىگە ھەقىقىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

جەمئىيەت ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ياسىغان بۈگۈنكى دەۋردە ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش، مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنى توختىماي بېيىتىپ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا روھىي ۋە پىسخىك جەھەتتە ئۆزىنى تەڭشەپ، مەنىۋى جەھەتتىكى ساغلاملىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

1 . بىلىم ئىگىلەش ۋە بىلىمدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش.

بىز جەمئىيەت يۈكسەك دەرىجىدە ئۇچقۇرلاشقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بىز ۋۇجۇدىمىزدىكى بوشاڭلىقنى يېڭىپ، تەرەققىياتقا ئاكتىپلىق بىلەن يۈزلىنىشىمىز كېرەك. بىلىم ئىگىلەپلا قالماي، ئۆزىمىزدە بىلىمدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنىمۇ يېتىلدۈرمىسەك، دەۋر بىزنى رەھىمسىزلەرچە ئارقىغا تاشلايدۇ. جەمئىيەتكە نەزەر سالساق بىزنىڭ ئارىمىزدا بىلىملىكلەر يوق ئەمەس. بىراق، بىلىمگە لايىق جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتىۋاتقانلار، جەمئىيەتتە توغرا قىممەت قارىشىنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جان باقتىلىق يولىغا كىرىۋالغان. جەمئىيەتتە ئاساسىي مۇقام قانداق تووۋلانسا، شۇنىڭغا ئەگىشىشكە ئادەتلەنگەن. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتتە ئىدىيە جەھەتتە يېتەكچىلىك ئورۇنغا ئۆتۈشنى خالىمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيەتتە كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلەشتىكى مەقسىتى تازا ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، ھازىر تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ جەمئىيەتكە چىقىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىمنىڭ ئىچىگە كىرەلىگەنلەر، ئۆگەنگىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە ۋە جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزەلەيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن بىر ئوقۇغۇچى جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن بىر رادىيونى ئۇڭشاپ رېمونت قىلالماسلىقى، كومپيۇتېر كەسپىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى بىر ئاددىي پىروگراممىنى تۈزەلمەسلىكى، ئىنگلىز تىلى كەسپىنى پۈتكۈزگەن بىر ئوقۇغۇچى ئىنگلىز يېزىقىدىكى ماتېرىيالدىن پايدىلىنالماسلىقى مۇمكىن. بۇنى ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىدىكى كەمتۈكلۈككە ئارتىشقىلا بولمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ روھىيىتىدىكى بوشاڭلىق ئامىلىنىمۇ قازىدىغان چاغ بولدى. ھەممىمىزگە ئايان بولغاندەك، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى، ھەتتا پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز يەنە نېمە سەۋەبتىن ئۆگەنمەيمىز. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئارقىلىق بىر جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىتاب ئوقۇش نىسبىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزدە بولسا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىتاب ئوقۇش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن. ئايدا ـ يىلدا بىرەر پارچە كىتاب ئوقۇمايدىغانلار ساماندەك.

2. ئاكتىپ خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش.

بۈگۈنكى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە پسىخىك ساغلاملىقىغا ئېرىشىشنىڭ ئاساسى ئۆز كەيپىياتىنى قانداق تەڭشەش. چۈنكى ئىقتىدار بىلىم بىلەنلا ئۆلچىنىپ قالماي، خاراكتېر ئامىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىقتىدارى ئاساسەن ئوخشاش كىشىلەر ئىچىدە بەزىلەر ئاسانلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا خاراكتېر جەھەتتىكى ئاجىزلىقى سەۋەبلىك ئىقتىدارىغا يارىشا نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ ئارىمىزدا چەت ئەللەردە ۋە مەملىكىتىمىزدىكى داڭلىق ئونىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغان، بىلىم قۇرۇلمىسى مول كىشىلەر خېلى بار. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى خاراكتېر جەھەتتە پاسسىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىقتىدارىغا يارىشا جەمئىيەتتە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ، ئەكسىچە بىلىم قۇرۇلمىسى ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئانچە مۇكەممەل بولمىغان كىشىلەر ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولغاچقا، جەمئىيەتتە يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتەلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان رىقابەت ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. بۇنى نۇرغۇن كىشىلەر ھېس قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەردە رىقابەتنى، ئۆزگىرىشنى كۈتۈۋېلىشقا يېتەرلىك روھىي تەييارلىق يوق. ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشقا نىسبەتەن تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادچانلىق كەمچىل.

توغرا بولغان قىممەت قارىشى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرگە ۋە ھادىسىلەرگە بولغان قارىشى ۋە

باھاسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى، كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەلۇم نەرسىنى تاللاپ، مەلۇم نەرسىنى تاشلايدۇ. مەلۇم بىر خىل ھادىسىگە ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بۇ يەردە رول ئويناۋاتقان نەرسە دەل كىشىلەرنىڭ ئادەتلەنگەن قىممەت قارىشى. قىسقىسى، ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر نېمىنى ئېلىپ نېمىنى تاشلاشنى بىلەلمىگەن كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالدى. بۈگۈنكىدەك جەمئىيەت ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ياساۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋردە، ئەگەر سەگەك بولمىساق، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان سىرتنىڭ ئۆزىنى مەركەز قىلىش، پۇلپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ئىدىيەسىنىڭ، شۇنداقلا تارىختىن قېپقالغان خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىكنىڭ تەسىرىدە جەمئىيەتتە توغرا قىممەت قارىشى مىزانىنى تۇرغۇزۇشىمىز تەسكە توختايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن روھىيىتىمىزدىكى ئاجىزلىقنى يېڭىپ رېئال تۇرمۇش بىلەن ئۆزىمىزنىڭ غايىسى، ئېتىقادى، قىممەت قارىشى مىزانلىرىنى ماسلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ توغرا بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت پىرىنسىپلىرىمىزنى، ئائىلىۋى مۇناسىۋەت قاراشلىرىمىزنى، ياشاش پىرىنسىپلىرىمىزنى قوغدىشىمىز، ئۆزىمىزدە جەمئىيەتنى يېتەكلىيەلەيدىغان ئاكتىپ پوزىتسىيەنى تۇرغۇزۇپ، تەرەققىياتىمىز بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشىنى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلالىساق، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنى توغرا يۆنىلىشكە يۈزلەندۈرۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

# باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى

يېقىنىدا بىر ناتونۇش كىشى تېلېفون ئۇرۇپ 80 ياشقا كىرىپ قالغان دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى ۋە قانداق شەكىلدە رەھمىتىنى بىلدۈرۈشنى بىلەلمەي قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئاممۋى ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئۆيگە قايتىش يولىدا دادىسىنىڭ يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ يىقىلىپ چۈشكەندە ئۇ يىگىت قىلچە ئىككىلەنمەستىن يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىكى دوختۇرلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىنلا خاتىرجەم بوپتۇ.

يېقىندا بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ئايال شۇنداق دېدى: يولدىشىم ھەر كۈنى شۇنداق كەچ كېلىدۇ. كېلىپلا يەنە سىرتقا يۈگۈرەيدۇ. «بالىنى تەڭ بېقىشىڭىز بولمامدۇ، مەن جاپا تارتىۋاتسام سىز سىرتتىن كىرمەيسىز» دېسەم، «ياتقۇزۇپ قويسا ياتىدىغان بالىنىڭ نېمە جاپاسى بار، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشقا ئېپى يوق، بىر كۈن كەچكىچە بىر ۋاق تاماقنى ئېتىپ بولالمايسىز» دەيدۇ. ئىككىلا بالام كىچىك، ئىككىسى بىلەن ئۆي تازىلىمىقىم، كىر - قات يۇمىقىم، تاماق ئەتمىكىم شۇنداق تەس. بالىلار مەن نەگە كىرسەم شۇ يەرگە تەڭ ئۆمىلەپ ياكى پېشىمغا ئېسىلىپ كىرىدۇ... شۇ گەپلەرنى دەپ بەرگەچ كۆز يېشى قىلغان ئۇ ئايال دەل

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يولدىشىنىڭ چۈشىنىشىگە، ياردىمىگە، مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتقان ئايال. ئۇ ئايالنىڭ يولدىشى ئەلۋەتتە ئايالىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئايالىغا دائىملا «ھەممە نەرسىنى تېپىپ ئەكېلىپ بېرىۋاتىمەن، سىزگە يەنە نېمە كېرەك» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ئازابلايدۇ.



سىزنىڭچە، بوۋاينى قۇتقۇزغان يىگىت بىلەن ئۇ ئەردىكى پەرق نەدە؟

ئۇلاردىكى پەرق شۇكى، بىرى باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، يەنە بىرىدە بولسا ئۇنداق ئىقتىدار يوق.

«باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى... بۇ قانداق ئىقتىدار؟» دەپ ھەيران بولۇۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان ئىقتىدار. ئادەم شۇنداق ئىقتىدارنىڭ بولۇش ياكى بولماسلىقى بىلەن ھەتتا بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدۇ.

ئۇنداقتا، ئۇنداق ئىقتىدار نېمە سەۋەبتىن بىر قىسىم كىشىلەردە بولىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەردە بولمايدۇ، ياكى ئاجىز بولىدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، ئۇ خىل ئىقتىدارنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يىلتىزىنى بالىلىقتىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. كۆزىتىپ باقىدىغانلا بولساق، يەتتە، سەككىز ئايلىق بولغان بوۋاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغلىغاننى دورىساق بالا ئېغىزلىرىنى ئۈمچەيتىپ تەڭ يىغلايدۇ. بۇ دەل بالىلاردا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بىر ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن بالا دوستلىرىنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرگەندە يۆلەش ھەرىكىتىنى قىلىدۇ ياكى چوڭلارنى چاقىرىدۇ. ئىككى ياشلاردىن ئېشىپ ئۈچ ياشلارغا يېقىنلاشقاندىن باشلاپ، بالا خەتەرنى سەزسە توسماقچى بولىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە خاتىرەمدىكى بىر ئىشنى قىستۇرۇپ قوياي. ئوغلۇمنىڭ ئۈچ ياشقا كىرگەن ۋاقتى ئىدى. بىر قانچە دوستۇم بىلەن بالىلارنى ئېلىپ باغچىغا باردۇق. يەنە بىر دوستۇمنىڭ ئەمدى تەمتىلەپ ماڭغان بالىسى بار ئىدى. بىز پاراڭ قىلغاچ بالىلارنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتۇق. تۇيۇقسىز ئوغلۇم غۇلىچىنى كېرىپ دوستۇمنىڭ بالىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ بىر نېمىلەرنى دېگىلى تۇردى. بىز بالىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەيران قالدۇق. چۈنكى، ئوغلۇم ئالدى تەرەپتىكى

كىتاب تورى www.Uyghurkitap.com



كىچىككىنە ئورەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ دوستۇمنىڭ بالىسىنى توسۇپ تۇرغانىكەن.

بالىلاردىكى باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش، ياردەم قىلىش ئىقتىدارى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يەنى بالا بىرەر ئىشنى خاتا قىلغاندا «ھۇ دۆت، نېمىشقا شۇنداق قىلىسەن» دەمدۇ ؟ ياكى «مەن بەك بىئارام بولدۇم ياكى سېنىڭچە بۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمامدۇ؟» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتەمدۇ؟ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشلەتكەن سۆزى، بالىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بالىنىڭ شۇ خىل ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنداقتا، ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بۇ خىل ئىقتىدارنى نورمال تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەندە، بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

ئاقىۋىتىنى تۆۋەندىكى مەنزىرىدىن كونكرېت ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ مەنزىرىنى مەن دوختۇرخانىنىڭ ئوكۇل سېلىش ئۆيىدە يولۇقتۇرغان.

ئەمدىلا 12 ياشلارغا كىرگەن بىر قىز بىر ياشلارغا كىرىپ تازا پاخلان بولغان بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ئىككى تەرەپكە لىڭشىتىپ ئۆرە تۇراتتى. ئوكۇل ئۇرغۇزىدىغانلار خېلى كۆپ بولغاچقا، ئۇ قىز تەخمىنەن 40 مىنۇت ئەتراپىدا بالىنى لىڭشىتىپ شۇنداق ئۆرە تۇردى. ئۇ قىزنىڭ سەل نېرىسىدا بىر جۈپ ياش ئەر ـ خوتۇن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى.

مەن ئۇ كىچىك قىزدىن سورىدىم:

ـ سىڭلىم، ھېرىپ قالىسىز، ئولتۇرۇپ تۇتۇپ تۇرسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟

ـــ ئولتۇرساملا ئويغىنىپ، غىڭشىپ كېتىۋاتىدۇ، ـ ئۇ قىز شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى.

— بەك ئىغىردۇ؟ قولىڭىز ئاغرىپ كەتمىدىمۇ؟ — مەن يەنە شۇنداق دېدىم.

— بەك ئىغىر، قولۇم تىلىپ كەتتى... ئۇ قىز يەنە شۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى:

— قولۇم ئاغرىسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ... مىنىڭ ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تېخىچىلا كۆلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرغان ياش ئەر - خوتۇننىڭ قېشىغا بېرىپ شۇنداق دېدىم:

— قارىسام بالا بەكلا بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بالىنى قولۇڭلارغا ئالساڭلار بوپتىكەن.

ئايال جاۋابەن ئالدىراپلا «قىزىم بۇ قىزغا بەكلا ئامراق. مۇشۇ قىز ئەللەيلىسە ئۇخلايدۇ. ھەتتا تاماقنىمۇ مۇشۇ قىز بەرمىسە يىغلايدۇ.»

مەن يەنە شۇنداق دېدىم:



— بالا ئۇچۇن ئانىنىڭ باغرى ئەڭ بىخەتەر، ئىللىق بولىدۇ. ناۋادا ئانا بالا بىلەن كۆپرەك بىرگە بولمىسا، كۆپرەك بىرگە بولۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالمىغان باشقا كىشىلەرگە ئادەتلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىراق، بۇ دېگەنلىك بالا ئانىنىڭ باغرىغا موھتاج بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، بالا ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قىزنىڭ قولى تىلىپ كېتىپتۇ، دىققەت قىلمىدىڭلارمۇ؟ — دېدىم.

مەن ئۇلارنى تېپىك باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن كىشىلەر ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

بەلكىم يەنە «كىچىك بالا نېمە بىلەتتى، ئۇنداق قىلغانغا نېمە بولاتتى؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولىدۇكى، ئۇلار تەربىيەلىگەن بالىنىڭمۇ شۇ خىل ئىقتىدارى كەمچىل چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن كۈتىدىغان مېھىر - مۇھەببەت، كۆيۈم ئېھتىياجى

قاندۇرۇلمىغان. شۇ سەۋەبتىن شۇ خىل ئىقتىدارى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. ناۋادا تۇزىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەندە بۇ بىر ئادەمنىڭلا بەختسىزلىكى بولماستىن، بەلكى بىرقانچە ئەۋلادقىچە داۋاملىشىدىغان بەختسىزلىككە ئايلىنىشى مۇمكىن.

باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى يەككە شەخسنىڭ ھاياتىنى مەنىگە ئىگە قىلىپ، بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، پۇتكۇل جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئادىتى بولۇپ شەكىللىنەلەيدۇ.

باشقىلارنىڭ ئازابىغا ھېسداشلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ئازابىنى ھېس قىلىش بىلەن بىر خىل ئىقتىدار. بىز باشقىلارنى ئازابلىماسلىق ئۇچۇن بەزىدە يالغان سۆزلەيمىز، بەزىدە باشقىلار ئۇچۇن ئېغىرنى ئاسان قىلىپ بەرگىمىز كېلىدۇ. ھەتتا ھەرقانچە ئالدىراش ئىشىمىز بولسىمۇ، دوستىمىز دەرد ئېيتىپ كەلسە كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۇچۇن، سائەت - سائەتلەپ بىللە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرىمىز. بەزىدە ھەتتا باشقىلارنىڭ ئازابى ئۇچۇن كۆكرەك كېرىپ چىقىمىز.

ئۇنداقتا، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل بولۇشنىڭ ئىجتىمائى ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

تۈرلۈك جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ئەمەلىيەتتە دەل كىچىكىدىن تارتىپ باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن، ھەمدە شۇ خىل تەسىراتى كەمچىل كىشىلەر. مەسىلەن، بىر باسقۇنچى جىنايەتچى باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغۇچىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئازابلىنىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ھەتتا بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. پەقەتلا ئۇنداق قىلغانغا نېمە بولاتتى؟ ياكى

ئۇنداق قىلىشنى ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ خالايدۇ. دەپ ئويلايدۇ. بالىسىنى داۋاملىق خارلايدىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تاياق يېگەن ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىنى ھېس قىلالمايدۇ. خوتۇنىنى ئۇرىدىغان ئەر خوتۇنىنىڭ تاياق يېگەن ۋاقىتتىكى قورقۇنچىنى، روھىي ئازابىنى ئوخشاشلا ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇ خىل قىلمىشىنى سادىر قىلىشى كۆپ ھاللاردا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى سەۋەبلىك بولماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ بولمىغانلىقى ياكى كەملىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۇلاردا قورقۇش، كۆڭلى يېرىم بولۇش تۇيغۇسى كەمچىل بولىدىغان بولغاچقا، باشقىلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ.

بىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ئەتراپىمىزدا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز، ھەتتا يوق كىشىلەر نۇرغۇن. بىز شۇنداق كىشىلەر بىلەن بىللە ياشايمىز. ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئازار بېرىشىگە سۈكۈت قىلىمىز. شۇنداقتىمۇ كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلمايلى. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئۇ خىل ئىقتىدارى مېھىر ـ مۇھەببەت ئىچىدە پەيدا بولغانىكەن، مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ئوزۇق بېرىپ قايتا بىخلاندۇرغىلى بولىدۇ. يەنى مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق شۇنداق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئېرىتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بىر بالا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر قىز بىلەن نىكاھلانسا، قىزنىڭ قەلبىدىكى شۇ خىل روھ ئوغۇلغىمۇ ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلىپ، قەلبىدە بۇ خىل تۇيغۇنى ئويغىتىشى مۇمكىن. ھەتتا، ئەڭ ئۆكتەم بىر كىشىگە ئىللىق باغرىمىزنى بەرسەك ئۇنىڭ قەلبى ئىللىپ كۆزىگە ياش كېلىشى مۇمكىن. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق

كىرەككى، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل كىشىلەر ھاياتتا شەخسىيىتىنى قوغلىشىپلا ياشىشى مۇمكىن. بىراق، شۇنداق كىشىلەرنى چەتكە قاقساق، ئۇلاردىن قاچساق، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىغا سۈكۈت قىلساق خاتالاشقان بولىمىز. چۈنكى، بىز بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىكەنمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ تەسىرىگە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇچرايمىز. ھېچبولمىغاندا كۆزىمىز كۆرگەن، قۇلىقىمىز ئاڭلىغان ئىشلار سەۋەبلىك كەيپىياتىمىزغا تەسىر يېتىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە جەمئىيەتكە مېھىر - مۇھەببەت ئۇرۇقى تېرىساق ئۇلارغا ئۇن - تىنسىز تەسىر قىلالايمىز، ئۇلارنى تەسىرلەندۇرەلەيمىز.

# چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۇمىد ۋە خىرىس

ئەسلەپ باقىدىغان بولساق، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىز ھەر يىلى بىر قىسىم كىشىلەرنى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىشقا باشلىغان. بۇ كىشىلەر ئىچىدە 80% كىشى مائارىپ سىستېمىسىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، 1980 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلىغا قەدەر مائارىپ سىستېمىسىدىن چەت ئەلگە چىققانلارنىڭ سانى 1000 غا يەتكەن. 1996 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ سانى 1000 نەپەرگە يەتكەن. دېمەك، مائارىپ ساھەسىدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چىققانلارنىڭ سانى 1996 ـ يىلىدىن كېيىن يىلىغا 100 نەپەر ئەتراپىدا بولغان. چەت ئەلگە بىلىم ئاشۇرۇش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات بىلەن چىققانلار مائارىپ ساھەسىدىكى «ئىستىقبالى بار» دەپ قارالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدىكى غوللۇق كىشىلەرگە ئايلاندى. ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلار 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ، ئەلۋەتتە بىزدىكى ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چىققانلارنىڭ چەت ئەلدىكى تۇرمۇشى نىسبەتەن كاپالەتكە ئىگە بولغان بىلەن، ئۆز خىراجىتى بىلەن چىققانلار ھەممە نەرسىنى ئۆز

تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ يارىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى پىلانلاۋاتقان كىشىلەر چەت ئەلدە ئوقۇش، ياشاش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۈچۈرنى ئالدىن بىلىشكە موھتاج. ئەتراپىمىزدىكى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئويلايدىغانلار ئىچىدە چەت ئەل مائارىپى ھەققىدە، چەت ئەلدە دۇچ كېلىدىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ھەققىدە بىرقەدەر توغرا، ئەتراپلىق ئۈچۈر ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغانلار ئاز. ۋاسىتىچىلىك شىركەتلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بويىچىلا، دەسلەپكى بىر يىللىق ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن 150 مىڭ يۈەندىن، نەچچە ئون مىڭ يۈەنگىچە بولغان پۇلنى تاپشۇرۇپ، تەۋەككۈل قىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلار خېلى كۆپ.

بىر پەرزەنتنى چەت ئەلدە ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىر يىلدا كېتىدىغان، كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن، ئاز بولغاندىمۇ نەچچە ئون مىڭ يۈەن چىقىمنى كۆتۈرەلەيدىغانلار كۆپ ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان كىشىلەرگە بۇ ھەقتە كۆپرەك ئۈچۈر بېرىپ، ھەرقايسى جەھەتتە ئورۇنسىز زىيان تارتىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدىغان ياخشى پۇرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىدا ئازراق بولسىمۇ ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئېلخەت ئارقىلىق زىيارەت قىلدىم. مالايشىيادىكى ئەكرەم ئەپەندى، فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى perpignan ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان ئوبۇلتالىپ ئەپەندى، ئامېرىكىدىكى «لەيلى» مەن يوللىغان سوئاللارنىڭ بىر قىسمىغا جاۋاب قايتۇردى. ئەنگلىيەدىكى رەپقەت ئەپەندى، ياپونىيەدىكى ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى يوللىغان سوئاللىرىمغا تولۇق جاۋاب يېزىپ ئەۋەتتى. ئۇلارغا

چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

1 ـ سوئال: چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟

ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى (ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەبىئىي پەنلەر بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان): چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇنداق ئۈچ شەرتنى چوقۇم ھازىرلاش كېرەك:

1) چەت ئەل تىلى ئاساسى؛

2) ئىقتىسادىي ئاساس؛

3) مۇۋاپىق يول تېپىش.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ شەرت ئىچىدىكى 2 ـ، 3 ـ شەرت ھازىرلانسىلا چەت ئەلگە چىققىلى بولىدۇ. ئەمما چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن شۇ دۆلەتتە پۇت دەسسەپ تۇرۇش، چەت ئەلگە چىقىشتىكى مەقسەت ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چەت ئەل تىلىنى بىلىش زۆرۈر. چوڭ





جەھەتتىن ئالغاندا بۇ ئۈچ شەرتنى ھازىرلىغان ئادەمنىڭ چەت ئەلگە چىقىشى ۋە چەت ئەلدە ياشىشى بەك تەسكە توختاپ كەتمەيدۇ. بىراق، چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، بەلگىلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۆڭۈلدە ئېنىق، كونكرېت نىشان تىكلىۋېلىش كېرەك. ئەلۋەتتە، جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىدىيەۋى تەييارلىقنىڭ بولۇشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

**رەپىقەت ئەپەندى** (ھازىر ئامېرىكا شىمالىي ۋېرگىنىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لوندونـدىكى قارىمىقى لوندون خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىدا MBA سودا - سانائەت باشقۇرۇش كەسپى بويىچە ماگىستىرلىقنى پۈتكۈزگەن): مېنىڭچە، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېتەرلىك ئىقتىساد تەييارلاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى، ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى، مۇئەييەن كەسپىي قابىلىيەت، شۇنداقلا تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن ياكى مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولغان بولۇش كېرەك. ناۋادا دۆلەت ئىچىدە ياكى چەت ئەلدە بىرەر ئورۇننىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشكەن بولسا، ئوقۇغۇچى ئىقتىسادىي جەھەتتە غەم قىلمىسىمۇ بولىدۇ. بىراق، چەتكە چىقىپ ئوقۇۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغانلار بولغاچقا، مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئاساس بولمىسا بولمايدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيەگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىشتىكى زۆرۈر ئۈچ شەرتنىڭ بىرى، بىر يىللىق تۇرۇش كاپالىتى ئۈچۈن 7000 ياۋرو، يەنى تەخمىنەن 70000 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى گېرمانىيە بانكىسىغا قويۇش كېرەك. ئەنگلىيەگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى بانكىغا ئۈچ ئايلىق قويغانلىق ئىسپاتىنى

كۆرسىتىش كېرەك. گېرمانىيەدە ئوقۇش ھازىرغا قەدەر ھەقسىز. بىراق، ھەرقانداق ئادەم سالامەتلىك سۇغۇرتىسى سېتىۋېلىشى كېرەك (سالامەتلىك سۇغۇرتىسىغا قاتناشماسلىق قانۇنسىزلىق). سالامەتلىك سۇغۇرتىسى ئۈچۈن ئېيىغا تەخمىنەن 30 ـ 50 ياۋرو سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ياتاق پۇلى ئېيىغا تەخمىنەن 200 ـ 250 ياۋرو ئەتراپىدا (رايونلار ۋە ياتاق شارائىتقا بېقىپ ئوخشىمايدۇ). ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىللىق ئوقۇش پۇلى تەخمىنەن 8000 ـ 10000 فوندستېرلىڭ (بىر فوندستېرلىڭ تەخمىنەن 14يۈەن) . ياتاق ئىجارىسى ھەپتىلىكى تەخمىنەن 60 ~ 80 فوندستېرلىڭ (ئەگەر يالغۇز تۇرۇشقا توغرا كەلسە). ئۇنىڭدىن باشقا قاتناش بېلىتى سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. لوندوننىڭ ئاپتوبوس بېلىتى تاق يۆنىلىشلىك بېلەت، كۈنلۈك بېلەت، ھەرقايسى رايونلار ئارا قاتناش بېلىتى، شەھەر ئىچىدە قاتنايدىغان مېترو بېلىتى دەپ ئىنچىكە ئايرىلغان. ئوقۇغۇچىلار قاتناشتا ئېتىبار قىلىدىغان كارتىغا ئىلتىماس قىلغان بولسا، كۈندىلىك بېلەتتىن باشقىسى 30% ئېتىبار قىلىنىدۇ. گېرمانىيەدىكى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۈلچىمى سائىتىگە 5.25 ياۋرو. ئوقۇغۇچىلار سائىتىگە 5.25 ~ 7 ياۋرو ئەتراپىدا ئىش ھەققى ئېلىپ ئىشلىشى مۇمكىن. لېكىن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشقا رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرغۇچە قوشۇمچە ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەندىن كېيىن باج تۆلەپ، يىلدا 90 كۈن ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ (ھەپتىسىگە 20 سائەت ئىشلەشكە بولىدۇ)، بەلگىلىمە بويىچە ئايلىق كىرىمى 325 ياۋرودىن ئاشمىسا باج ئېلىنمايدۇ ھەمدە بۇ ئىشلەش ۋاقتى 90 كۈنلۈك ئىشلەش ۋاقتى ئىچىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. قانۇنسىز ئىشلەش ئىمكانىيىتى يوق

دېيەرلىك. ئەنگلىيەدىمۇ ئوخشاش، ئوقۇغۇچىلارغا ھەپتىسىگە 20 سائەتلىك ئىشلەش رۇخسىتى بېرىلگەن. ئەنگلىيەدە ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمى سائىتىگە 4.75 فوندستېرلىڭ. لېكىن كۆپىنچە ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلار باج تۆلىمەي قارا ئىش قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سائەتلىكىگە 4 ~ 5 فوندستېرلىڭ ھەق ئالىدۇ.

مۇئەييەن كەسپىي قابىلىيەت بولۇش دېگەنلىك، ئوقۇماقچى بولغان كەسىپ دائىرىسىدە بەلگىلىك ئەمەلىي ئىقتىدار ۋە بىلىم بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. كەسپىي ئاساس بولمىغاندا، سەرپ قىلىنىدىغان ئىقتىساد، ۋاقىت ۋە زېھىن كۆپ بولۇپ كېتىدۇ.

گېرمانىيە ياكى ئەنگلىيەدىكى مۇنتىزىم مەكتەپلەردە ئوقۇسا، بەلگىلىمە بويىچە دۆلەتلىك ياكى خەلقئارالىق تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. گېرمانىيە ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلغاندا 800 سائەتلىك نېمىس تىلى كۇرسىدا ئوقۇغانلىق ئىسپاتىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىر گېرمانىيە ئەلچىخانىلىرى گېرمانىيەگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلاردىن مۇمكىنقەدەر جۇڭگودا تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنگلىيە ئەلچىخانىلىرى بۇنى كەسكىن شەرت قىلمىسىمۇ، ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا كىرىپ ئوقۇش ئۈچۈن، جەزمەن TOEFL ياكى IELTS ئىمتىھانلىرىدىن بەلگىلىك نومۇر ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنۇملۇك ئاسان ئۇسۇلنى ئىزدىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق يول يوق. مەيلى نەدىلا ئۆگەنمىسۇن، ئوخشاش ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر گىرامماتىكىلىق قائىدىنى مەيلى گېرمانىيەدە بولسۇن ياكى ئەنگلىيەدە بولسۇن ۋە ياكى جۇڭگودا بولسۇن

ئوخشاش كۆچ چىقىرىپ ئەستە تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. تىل ئۆگىنىش دەرسخانىدا ئۆگىنىش بىلەن ئۆزى تەكرار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئەگەر سىز 4 ~ 5 سائەت دەرسنى باشقا چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئولتۇرۇپ دەرسخانىدا ئاڭلاپ، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ياتاققا قايتىپ، يەنە 4 ~ 5 سائەت تەكرار قىلسىڭىز، چەت ئەلنىڭ ئەۋزەل تىل مۇھىتى نەدە قالدى، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، سودا - سېتىققا چىققاندا، چەت ئەللىكلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تىل ئۆگىنىپ ساۋاتىنى چىقىرىش ئارقىلىق، ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىپ ئوقۇش سەۋىيەسىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئاكادېمىيەلەرنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتكۈدەك سەۋىيەنى ھازىرلاش ئۈچۈن چوقۇم مۇنتىزىم مەكتەپلەردە تىل ئۆگىنىش كېرەك). چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن تىل ئۆگىنىشنى باشلىغانلار ئىچىدە چەت ئەلدىكى بىر قىسىم تىل مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇشى جۇڭگودىكى مەكتەپلەرنىڭ تىل ئوقۇتۇشىغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تىل ئۆگىتىش ئۇسۇلىغا كۆنۈشمىسىمۇ تەسكە توختايدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، چەت ئەلدىكى تىل كۇرسلىرىنىڭ ئۆگىتىش ھەققى قىممەت. گېرمانىيەدىكى تىل مەكتەپلىرىنىڭ سائەتلىك ھەققى تەخمىنەن 4 ياۋرو. جۇڭگودا تۇرۇپ تور ئارقىلىق تاپقىلى بولىدىغان ئەنگلىيە ئەلچىخانىلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان تىل مەكتەپلىرىنىڭ سائەتلىك ئوقۇتۇش ھەققى ئەڭ تۆۋەنلىرىنىڭ 2 فوندستېرلىڭ، ئادەتتىكىلىرىنىڭ 4 فوندستېرلىڭ. ئەلۋەتتە لوندوندا سائەتلىكى 2 فوندستېرلىڭدىن تۆۋەن تىل مەكتەپلىرى نۇرغۇن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ناچار. بەزىلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ مەكتەپلەرگە تىزىمغا ئالدۇرۇپ ۋىزا ئۇزارتىشى ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىي دەرس

ئۆتمەيدۇ. ئەنە شۇنداق ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولمايدىغان سىنىپتا ئولتۇرغاندا، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىن بۇرۇن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئادەم چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

2 ـ سوئال: چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق قايسى؟

**ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى:** چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ئىچىدە تۆۋەندىكى ئىككى خىلىنىڭ سالمىقى ھەممىدىن ئېغىر، دەپ قارايمەن:

1) يۇرتىنى سېغىنىشتىن پەيدا بولىدىغان روھىي بېسىم؛

2) ئىقتىسادىي بېسىم.

مەيلى چەت ئەلگە يېڭى چىققانلار بولسۇن ياكى چەت ئەلدە ئۇزۇن مەزگىل ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بولسۇن، ئانا يۇرتىنى سېغىنىپ كۆز يېشى قىلمايدىغانلار، ئايرىلىش ئازابى تارتمايدىغانلار يوق دېيەرلىك. چەت ئەلدە تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل سېغىنىش ھېسسىياتى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. بۇنى چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق دېيىشكە بولىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان، ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى بولغان ئەللەرگە چىققانلار (مەسىلەن، ياپونىيەگە ئوخشاش) نىڭ كۆپ قىسمى بىر مەزگىل ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتىدۇ. ياپونىيەدىكى ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتساق، توكيو قاتارلىق شەھەرلەردە مال باھاسى ئۈرۈمچى بىلەن 10 ھەسسىدىن 15ھەسسىگىچە پەرقلىنىدۇ. تىل بىلىدىغان ۋە جاپاغا چىدايدىغانلار ئۈچۈن ئىشلەش پۇرسىتى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن، غەيرەت قىلغانلار بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي بېسىمدىن ئىبارەت بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ

كېتەلەيدۇ.

**رەپقەت ئەپەندى:** چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق مەن ئۈچۈن يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش بولدى. گېرمانىيەگە كېلىپ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن مارتىن لوتېر ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى شتولسېن ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇن مىنۇتلۇق سۆھبەتتىن كېيىن، «پايتىمام سۆغا چىلاشقان» دەك ھېسسىياتقا كەلگەنىدىم. يىللاپ چەت ئەلگە تەلپۈنۈپ، بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئۆزىنى چەت ئەلدە كۆرۈپ، ئارزۇلىغان ئىشى ئۇڭغا تارتمىسا، ئادەم ئۆزىنى شۇنداق سېزىدىكەن. بۇ بەلكىم «ئالىي مەكتەپلىرىمىز چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋالغىنىغا ئوخشاش بىزنىمۇ شۇنداق كۈتۈۋالىدۇ» دېگەن تەمەدە بولۇپ قالغانلىقىمىزدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ پىروفېسسور «تىلدىن ساۋاتىڭ يوق ئىكەن، ئالدى بىلەن تىل ئۆگىنىپ كەل، قالغان گەپنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى» دېدى، ۋەسسالام. تىل مەكتىپى نەدە، مەن نەدە ياتىمەن، مەكتەپكە قانداق ئىلتىماس قىلىمەن؟ بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى. شۇ كۈنى خالتىلىرىمنى ئۆشنەمگە ئارتىپ پىروفېسسورنىڭ يېنىدىن چىققاندىن تارتىپ، خېلى بىر چاققىچە ئۆزۈمنى خۇددى «قاڭقىپ كەتكەن توپ» تەك ھېس قىلدىم. دەسلەپكى چاغلاردىكى قىيىنچىلىقلارنى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاش قىيىن. ھەرھالدا مەن يولۇققان قىيىنچىلىقلار تۆۋەندىكىچە:

1) ياتاق مەسىلىسى. تۆت ئاي توختىماي ئەرزان، قىسقا مۇددەتلىك ياتاق ئىزدىدىم. ئۇلار جۇڭگولۇقلارغا ئاسانلىقچە ياتاق بەرمەيدىكەن؛

2) سالامەتلىك سۇغۇرتىسى ئېلىش. بۇنى قانداق ئېلىشنى بىلمەي، ھەتتا دونېر كاۋىپى ساتىدىغان تۈرك ئەھمەتنىڭ

يېنىغا ئۈچ قېتىم باردىم؛

3) ۋىزا ئۇزارتىش، ئەلچىخانا گېرمانىيەگە تۇنجى كەلگۈچىلەرگە پەقەت 90 كۈنلۈكلا ۋىزا بېرىدۇ. بۇ 90 كۈن ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار ئېتىراپ قىلىنغان بىرەر تىل مەكتەپلىرىگە كىرىشى ياكى ئۇنىۋېرسىتېتقا تىزىمغا ئالدۇرۇشى، سالامەتلىك سۇغۇرتىسى ئالغان بولۇشى، توختاملىشىپ ئۆي ئىجارە ئېلىپ، توختامنى نوپۇس تىزىملىتىدىغان ئورۇنغا تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك. مۇشۇ ئىسپاتلارنى ۋە بانكا ھېسابات ئىسپاتىنى كۆتۈرۈپ ۋىزىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ؛

4) تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆي ئىجارە ئالىمەن، دەپ ئۆي ئىگىسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆي ئىجارە ئالىدىغانلارغا تېلېفون قىلغان ۋاقتىمىز بولغان؛

5) قىممەتچىلىك. بەزىدە نەرسە سېتىۋالغىلى تاللا بازىرىغا كىرىپ، قىممەتلىكىدىن سېتىۋالماي قايتىپ چىققان چاغلىرىم بولغان؛

6) مەكتەپكە ئىلتىماس قىلىش.

**3 ـ سوئال: چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ياش باسقۇچى قايسى، نېمە ئۈچۈن؟**

**ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى:** مېنىڭچە، ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتكۈزۈپ باكلاۋۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن، چەت ئەلگە چىقسا مۇۋاپىق بولىدۇ (بولۇپمۇ ياپونىيەگە نىسبەتەن شۇنداق). بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەبنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن (ياپونىيەنى مىسال قىلماقچىمەن):

بىرىنچى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىققاندا، ئالدى بىلەن ياپونىيەدە ئىككى يىل

ئەتراپىدا ياپون تىلى ئۆگىنىپ ئاندىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا ھەر يىلى مەكتەپكە ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن تەخمىنەن 50 ~ 70 مىڭ يۈەنگىچە (جۇڭگو پۇلى) پۇل كېتىدۇ. ئۆي ئىجارىسى ۋە باشقا تۇرمۇش خىراجەتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ ئىقتىسادىي چىقىمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈندە 6 ~ 7 سائەت ئوقۇغاندىن باشقا 7 ~ 8 سائەتلەپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت تاماق ئېتىپ يېيىش، كىر يۇيۇش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت ئاجراتمىسا بولمايدۇ. ھەر بىر كۈن مۇشۇنداق ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان بولغاچقا، دەرس تەكرارلاش ئىمكانىيىتىمۇ كۆپ بولمايدۇ. ياپونىيەدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچى ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىغان ئىش يوق. شۇ سەۋەبتىن ئوقۇشنى نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىش ياكى بارالماسلىق پۈتۈنلەي ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالمىسا، ئوقۇشتىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.



ئىككىنچى، ئالىي مەكتەپتە مەخسۇس كۇرس ئوقۇپ ياكى ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىققاندا، (ياپونىيەدە جۇڭگونىڭ مەخسۇس كۇرس ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ) تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتكۈزۈپ (باكالاۋۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئالغان بولۇش كېرەك) چىققاندا، بىرنەچچە ئايلىق سىناقتا ئوقۇش باسقۇچىنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىرگىلى بولىدۇ. نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئوقۇش

مۇكاپاتىغا ئېرىشىش، مەكتەپنىڭ ئەرزان باھالىق، شارائىتى ياخشى ياتاقلىرىدا تۇرۇش، مەكتەپ ئىچىدە ئىشتىن سىرتقى تەتقىقات ۋە تەجرىبە ياردەمچىسى بولۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىش پۇرسىتى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا، تەتقىقاتلارغا ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن قاتنىشىش پۇرسىتىمۇ بولىدۇ.

تۆتىنچى، خىزمەتكە قاتنىشىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىققاندا ياش چەكلىمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئىلتىماس قىلىش، مەكتەپنىڭ ئەرزان باھالىق ياتىقىغا ئىلتىماس قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولايسىزلىقلارغا دۇچ كېلىش مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقىشنى ئويلايدىغانلار ئالىي مەكتەپتە تولۇق كۇرسنى ئوقۇپ، بۇ جەرياندا ياپون تىلىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئاندىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقسا، بىرقەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ.

**رەپقەت ئەپەندى:** چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ياش باسقۇچى ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن، جۇڭگودا مۇمكىنقەدەر ماگىستىرلىقنى تۈگىتىپ، زادى بولمىغاندا باكلاۋۇرلۇقنى تۈگىتىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. بۇ تەخمىنەن 23 ~ 26 ياش ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر چەت ئەلگە قانچە بۇرۇن چىقسا، شۇنچە ياخشى دەپ قارايدۇ. شەخسەن مەن بۇ قاراشقا قوشۇلمايمەن. مەسىلىگە ئەمەلىيەك قاراش كېرەك. مېنىڭ بىرنەچچە تونۇشۇم باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى باللىرىنى چەت ئەلگە چىقىرىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇلارغا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، چەت ئەلگە چىقىرىش تەكلىپىنى بەردىم. مەسىلەن، گېرمانىيەگە چىقىشنى ئالايلى،

گېرمانىيەدىكى ئالىي مەكتەپلەردە كەسىپ ئوقۇش ئۈچۈن، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشتىن سىرت، چوقۇم جۇڭگودىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە بىر يىل، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە بىر يېرىم يىل ئوقۇغانلىق ئىسپاتى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىر يىل شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىدە تىل بىلەن تەڭ باشقا پەنلەرنى ئوقۇپ ئىمتىھان بېرىشى كېرەك. گېرمانىيەگە ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن كېلىپ باشلانغۇچ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلار بار. گەرچە ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرى بىللە تۇرۇپ خاتىرجەم بولسىمۇ، ئوقۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە تىل توسالغۇسى تۈپەيلىدىن ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بىۋاسىتە كىرىپ ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇماي، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇغاندا، تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىلا ئوقۇشقا بولىدۇ. كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىپ ئوقۇشقا بولىدۇ. گېرمانىيە، ئەنگلىيەدە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزمەيلا چىققانلار بار. ئۆتكەن يىلى پارىژغا بارسام بىرسى بىر بالىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى. ئۇ ئەمدى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى ئىكەن. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى فىرانسىيەگە ئوقۇشقا چىقىرىپتۇ. لېكىن ئۇ بالا پارىژدا قىينىلىپ قاپتۇ. «قايتىپ كېتىمەن» دېسە، ئاتا ـ ئانىسى «شۇ يەردە يول تاپ» دەپ ئۇنىماپتۇ. ئۇ بالا ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگەچكە، ئۆي ئىگىسى ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆۋرۈك ئاستىدا تۈنەشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئاقىۋەت ساقچىلار ئۇ بالىنى تۇتۇۋاپتۇ. يۇقىرىقى ئەھۋالنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە، مەسىلىنىڭ ئوقۇل ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى ھېس

قىلغىلى بولىدۇ. يات مۇھىتتا ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. يەنە كېلىپ، ئەنگلىيەگە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەنلەر يۇقىرى ئوقۇش پۇلى ۋە يۇقىرى كەسپىي تەلەپ تۈپەيلىدىن مۇنتىزىم كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىپ ئوقۇپ بولالمايدۇ. ئادەتتىكى ئەرزان، ئوقۇتۇش تەلىپى مۆۋاپىق بولغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭكىدىن تۆۋەن. بۇنداق مەكتەپلەردە خاسلا چەت ئەللىكلەر ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدىن ئاتا - ئانىلار ئارزۇ قىلغان ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار «بالدۇر چەتكە چىقىپ ئوقۇش ياخشى» دېگەن قاراش ئۈستىدە ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ.

مەيلى گېرمانىيەدە بولسۇن ياكى ئەنگلىيەدە بولسۇن باكلاۋۇرلۇقنى تۈگىتىپ، ماگىستىرلىق ئوقۇشقا كەلگەندىمۇ، جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوخشاش كۆپ ئوقۇغۇچى بىر سىنىپتا دەرس ئالىدۇ. مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك شۇ دۆلەتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا يېتىشىش ئۈچۈن ئىككى مەۋسۇم ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ قىيىنچىلىق ۋە تىل مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ماگىستىرلىقنى تۈگىتىش جۇڭگودا ئوقۇغانغا قارىغاندا بىر، ئىككى يىل ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ناۋادا چەت ئەلدە ماگىستىرلىق ئۈچۈن سەرپ قىلغان شۇ ۋاقىتنى جۇڭگودا سەرپ قىلسا، ھەم ۋاقىتنى ئۇتقىلى، ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپ چىقىمدار بولۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. جۇڭگودا ماگىستىرلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن، چەت ئەلگە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن چىقسا، مېنىڭچە ماگىستىرلىق ئوقۇشقا چىققانغا قارىغاندا كۆپ ئۈنۈمگە

ئىرىشكىلى بولىدۇ (ۋىزا ئۇزارتىش، قوشۇمچە ئىش تېپىپ ئىشلەش، ئائىلىسىدىكىلەرنى يېنىغا ئەكېلىپ بىللە تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە). بۇنىڭدىن باشقا، دوكتورلۇقتا ئوقۇش ئۈچۈن يەرلىك تىلنى بىلىش شەرت قىلىنمايدۇ. ئىنگلىز تىلىنى بىلسىلا كۇپايە. شۇڭا ۋاقىت چىقىرىپ يەرلىك تىلنى ئۆگىنىشمۇ ھاجەت ئەمەس. يەنە كېلىپ دوكتورلۇق ئوقۇشىدا سىنىپتا بىرسىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاش شەرت قىلىنمىغاچقا، كەسپىي جەھەتتە كەم تەرەپلىرىنى ماتېرىيال كۆرۈپ تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ.

**4 - سوئال: سىز چەت ئەلگە قانداق ۋاستە بىلەن چىققان؟ سىزنىڭچە، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن قايسى يولدا ماڭغان ئەڭ بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك؟**

**ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى:** مېنىڭچە، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىكى ھەم پۇل تېجەيدىغان، ھەم بىخەتەر يول ئۆز - ئۆزىگە تايىنىپ يول تېپىشتۇر.

چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن، ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان (چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان بىرەر ئۇيغۇر تونۇشى ياكى بىرەر چەت ئەللىك) بىرەر تونۇشىنىڭ ياردەم قىلىشىغا ئۈمىد باغلاش، مەكتەپ تونۇشتۇرغۇچى ۋاستىچى شىركەتلەرگە ھاۋالە قىلىش، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چىقىشنى ساقلاش. . . .دېگەندەك ۋاستىلەر ئارقىلىق يول تاپمىسا چەت ئەلگە چىققىلى بولمايدۇ، دېگەن قاراش خاتا. تۆۋەندە مەن ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن (مەن مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ياپونىيەدىكى توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن).





1) ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتكۈزۈپ، باكالاۋۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئېلىش بىلەن تەڭ ياپون تىلىدا خەت ئالاقىسى قىلالايدىغان سەۋىيەنى ھازىرلاش.

2) ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ياپونىيەدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئۇچۇرىنى ئىگىلەش.

3) ئۆزىڭىز مۇۋاپىق دەپ قارىغان مەكتەپتىكى ئۆزىڭىز تاللىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پىروفېسسورغا ئېلخەت يوللاپ، شۇ كەسىپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراش.

4) ئەگەر ئۇ پىروفېسسور سىزگە قىزىقسا، جاۋاب قايتۇرۇپ ئەھۋالىڭىزنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرىدۇ. مەسىلەن، سىزنىڭ چەت ئەل تىلى ئاساسىڭىز، ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىز، نېمە ئۈچۈن ئۇ پىروفېسسورنىڭ قولىدا ئوقۇشنى تاللىغانلىقىڭىز، كېيىن قايسى تېمىدا نۇقتىلىق تەتقىقات بىلەن

شۇغۇللىنىشىنى خالايدىغانلىقىڭىز... قاتارلىق ئەھۋاللارنى سورايدۇ. سىز ھەر قېتىملىق ئالاقىدە سورالغان مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئوقۇش ئارزۇيىڭىزنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىڭىزنى مۇۋاپىق سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەڭ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ پىروفېسسوردا سىزگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە بىرلا قېتىمدا بۇ خىل مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. بىردە مەغلۇپ بولسا، يەنە بىرنى سىناپ بېقىشقا بولىدۇ. بۇ ئىشتا باشتىن ـ ئاخىر سەۋرچان، ئەستايىدىل بولۇش كېرەك.

5) پىروفېسسور سىزنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلسا، سىزگە مەكتەپنىڭ ئىلتىماس جەدۋىلىنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

6) سىز شۇ جەدۋەلدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتلارنى تەييارلاپ، مەكتەپكە ئەۋەتىسىز.

7) ئەگەر مەكتەپ تەرەپ سىزنىڭ ماتېرىياللىرىڭىزنى كۆرۈپ قوبۇل قىلىشقا قوشۇلسا، پىروفېسسور ئارقىلىق سىزگە مەكتەپنىڭ قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى ۋە ۋىزا ئېلىشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئەۋەتىدۇ.

8) سىز شۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن پاسپورت بېجىرىپ، ياپونىيەنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىسىدىن ۋىزا ئېلىپ، ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقسىڭىز بولىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا ھەم ئارتۇقچە چىقىمدار بولۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ھەم مۇستەقىل ياشاشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

**رەپىقەت ئەپەندى:** مەن چەت ئەلگە ئۆزۈم ئالاقىلىشىپ چىققان. بەلكىم ۋاسىتىچىلىك شىركەتلىرى ئارقىلىق

چىققانـدا تېـزرەك بولۇشى مـۇمكىن. بـىراق مەنـدە ئۆلارغـا تۆلەيـدىغان ئـۇنچە كـۆپ پـۇل يـوق ئىـدى. شـىركەتلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشـى بىـلەن چىققانـدا مەكتەپلەرنىـڭ شـارائىتى شـىركەتلەرنىڭ تونۇشـتۇرغىنىغا ئوخشـاش بولمـاي قالـدىغان ئەھـۋال كۆرۈلۈشـىمۇ مـۇمكىن. ئەگەر ئـۇ ئوقۇغـۇچى شـىركەت ئالاقىلىشـىپ بەرگەن تىـل كۇرسـى ۋە كەسـىپنى تاللىمـاي، باشـقا مەكـتەپكە يـۆتكەلمەكچى بولسـا، شـىركەتكە تـۆلىگەن ئوقـۇش پۇلـىدىن ۋاز كېچىشـكە تـوغرا كېلىـدۇ. بـۇ كـۆپ يـۈز بېرىدىغان مەسىلە. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتا، نەگە بېرىـپ، نېمە ئوقـۇش ھەققىـدە ئېنىـق نىشـان بولۇشـى كېـرەك. ئىنتېرنېـت تورىـدىن پايـدىلىنىپ مەكتەپنـى ۋە مەكتەپنىـڭ تەلەپ قىلىـدىغان ئـۆلچىمىنى تـاپقىلى بولىـدۇ. ئەگەر ئەلچىخانىنىـڭ بەلگىلىـگەن ئـۆلچىمى بـويىچە ماتېريـال تەييارلىسـا، ئەلچىخانـا ۋىـزا بېرىـدۇ. گېرمـانىيەدە بىـر جۇڭگولۇقنىـڭ توققـۇز قېـتىم ۋىـزا ئىلتىمـاس قىلىـپ، گېرمـانىيەگە بارغـانلىقىنى ئاڭلىغانـدىم. يەنە ئامېرىكىغـا بارغـان بىـر تونۇشـۇممۇ ئـۈچ قېـتىم ئىلتىمـاس قىلىـپ كەلگەنىدى.

**5 ـ سوئال: سىز چەت ئەلگە قايسى كەسىپتە ئوقۇشنى ئويلاپ چىققان، چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن قايسى كەسىپنى ئوقۇش قارارىغا كەلدىڭىز، نېمە ئۈچۈن؟**

**رەيھەت ئەپەنـدى:** مەن لوندونـدا سودا ـ سانائەت كەسـپى بويىچە ماگىستىرلىقتا ئوقۇدۇم. دەسلەپ گېرمانىيەگە پەلسەپە ئوقـۇش مۇددىئاسى بىلەن چىققـان. مېنىـڭ ئەسـلي كەسـپىم خەنزۇ تىلى بولغاچقا، گېرمانىيەدە ئوقۇشنى نۆلـدىن باشلاشـقا توغرا كەلدى. جەمئىي 9 مەۋسـۇملۇق ئوقۇشـنى 10 مەۋسـۇمدا تاماملىدىم، تىل ئۆگىنىشكە بىر يىل ۋاقىت، ماگىستىرلىقتا

ئوقۇغۇچ ئۆچۈن ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۆز خىراجىتى بىلەن ئالتە يىل ئوقۇپ چىققاندا ئاران ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكىلى بولاتتى. يەنە كېلىپ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىن مۇۋاپىق خىزمەت تاپقىلى بولۇشىمۇ ناتايىن. مۇشۇ خىل زىددىيەتلىك خىيال ئىچىدە تۇرغاندا، سۇغۇرتا شىركىتىدىكى تونۇشۇم ساكسىن ئەپەندى بىلەن ئوتتۇرىمىزدا مۇنداق بىر سۆھبەت بولۇپ قالدى (ئۇ كىشى خىمىيە دوكتورى. ئۇنىۋېرسىتېتتا 10 يىل ئىشلەپ، كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرغان). مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىدا كېتىۋېتىپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان «مېرسېدس» ماركىلىق پىكاپنى كۆرسىتىپ: «بۇنى قانچە پۇلغا ئالغىلى بولىدۇ؟» دېدىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «ئەگەر سەن ئالتە يىل پەلسەپە ئوقۇماقچى بولساڭ، بۇنىڭ باھاسىنى سورىمايلا قوي. ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن تاكسى ھەيدەيسەن» دېدى (ئەلۋەتتە، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن). كەسپىم تىل بولغاچقا، ئاخىر نېمىس تىلشۇناسلىقىغا ئىلتىماس قىلىشنى قارار قىلدىم. لېكىن بۇ يەردە مەسىلە يەنە ئاددىي بولمىدى. گېرمانىيەنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىنچىكە بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى كەسىپلەر ماگىستىرلىق كەسىپلىرى، دىپلوم كەسىپلىرى دەپ بۆلۈنگەن. ماگىستىرلىق كەسىپلىرىنى تاللىغاندا ئوقۇغۇچى بىر ئاساسىي پەن ۋە ئىككى قوشۇمچە پەننى تاللىشى ياكى ئىككى ئاساسىي پەننى تاللىشى كېرەك، بۇ پەنلەرنى ئەركىن تاللاشقا بولىدۇ. لېكىن تاللىغان پەنلەر يېقىن پەنلەر بولۇپ قالماسلىقى كېرەك (يەنى نېمىس تىلشۇناسلىقى ۋە نېمىس ئەدەبىياتى دېگەنگە ئوخشاش). ماگىستىرلىق كەسىپلىرى ئۈچۈن جەمئىي 72 خىل پەن ئوقۇش كېرەك (ھەپتىسىگە ئىككى سائەتتىن بىر مەۋسۇم ئوقۇلىدىغان دەرسلىك بىر بىرلىك قىلىپ ھېسابلىنىدۇ). بىر مەۋسۇم ئادەتتە 15 ~ 16

ھەپتە بولىدۇ. دىپلوم كەسىپلىرىنى تاللىغاندا پەقەت بىر يەنىلا ئوقۇيدۇ. جەمئىي 54 خىل يەن تۆگىتىلىشى كېرەك. ئەپسۇسكى، مەن ئوقۇماقچى بولغان نېمىس تىلشۇناسلىقى ماگىستىرلىق كەسپىدە بولۇپ، ئىككى قوشۇمچە يەننى ئاساسىي يەن قىلىپ تاللاشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىنى قوشۇپ تاللىدىم. لېكىن بۇ ئىككى خىل كەسىپنى نېمىس ياشلىرى بىلەن تەڭ ئېلىپ ماڭماق تەسكە توختىدى. جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىنى قايرىپ قويۇپ، تىلشۇناسلىققا قاتنىشىپ يۈردۈم. بىراق، بۇ ياخشى چارە ئەمەس ئىدى. چۈنكى گېرمانىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇش دەسلەپكى ئوقۇش باسقۇچى، كېيىنكى ئوقۇش باسقۇچى دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا لاياقەتلىك بولغاندا ئىككىنچى باسقۇچقا ئۆرلەپ ئوقۇشقا بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك بىرىنچى باسقۇچتىكى تۆت مەۋسۇمدا ئىككىلا ئاساسلىق يەننى ئۆگىنىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىشىم كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا كېيىنكى باسقۇچتىكى بەش مەۋسۇملۇق ئوقۇشنى باشلىيالايمەن. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگوغا قايتىپ ماگىستىرلىقنى تۈگىتىپ ئاندىن كەلمەكچىمۇ بولدۇم. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇدا ئىككى مەۋسۇم دەم ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىسا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيەگە تىل ئوقۇش ئۈچۈن كەتتىم. ئەنگلىيەدە 10 ئاي تۇرۇپ ئىنگلىزچە ئۆگەندىم. ئاندىن گېرمانىيەدىكى مارتىن لۇتېر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئوقۇش نەتىجەم ۋە ماتېرىياللىرىمنى سوۋكۇپ، ئەنگلىيەدىكى ماگىستىرلىق ئوقۇشۇمنى باشلىدىم.

مەن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئوقۇشقا چىقىشتىن بۇرۇن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن كەسىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپ، مەكتەپنىڭ شارائىتى، ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، كەسىپ

ئوقۇش شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق ئۆچۈرغا ئىگە بولۇش زۆرۈر ئىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ مەسىلىلەرنى «چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن ئۆگىنىشىمەن» دېگەندە مەكتەپ، كەسىپ تاللاش ئۈچۈن ۋاقىت، ئىقتىساد كۆپ سەرپ بولۇپ كېتىدىكەن.

**6 - سوئال: چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئادەتتە قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىنىدىكەن؟**

**ئەخمەتجان لىتىپ ئەپەندى:** تىل ئاساسىنى جۇڭگودا پۇختا تىكلىۋالمىغاندا ياپونىيەگە بېرىپ تىل مەكتەپلىرىدە تىل ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە تۇرمۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك سەۋىيەدىكى تىل ئاساسىنى ھازىرلاش ئۈچۈن، بىر يىل ئەتراپىدا، گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرۈش، ئىلمىي ماقالە يېزىش سەۋىيەسىگە يېتىش ئۈچۈن تەخمىنەن ئۈچ يىل ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ. ئەلۋەتتە ھەر بىر كىشىنىڭ تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تىل ئاساسىنى چەت ئەلگە چىققاندا پۇختىلايمەن، دېيىش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

**رەيھەت ئەپەندى:** چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن ئەگەر تىل ئۆگىنىشنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كەلسە، تەخمىنەن بىر يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە مۇقىم بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. مەن بىلىدىغانلار ئىچىدە تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانلارمۇ، ئۈچ يىل سەرپ قىلغانلارمۇ بار. گېرمانىيەدە تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىت ئىككى يىل. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، بەزى ئىشتاتلاردا ۋىزا ئۇزارتىپ بەرمەيدۇ.

مىنىڭچە، تىل ئۆتكىلىدىن تېز ئۆتۈشتە كىرىزىس تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇش، قىزغىنلىق بولۇش، ئىقتىساد يېتىشىش، بېسىپ ئولتۇرالايدىغان بولۇش، لۇغەت ئاختۇرۇشتىن زېرىكمەسلىك كېرەك. تىل ئۆتكىلىدىن تېز ئۆتەلمەسلىكتە جىددىيلىك تۇيغۇسى كەم بولۇش، ئۆز مىللىتىدىكى ياكى ئۆز دۆلىتىدىكى كىشىلەر بىلەن بىللە تۇرۇش، يېتەرلىك ۋاقىت ئاجراتماسلىق، خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقۇش، تەرجىمە قىلىپ ئۆگىنىش قاتارلىق سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ مېنىڭ شەخسىي قارىشىم. تىل ئۆگىنىشتە پەقەت بىرلا قائىدە بار. «قازانغا نېمە سالسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ». بىر سائەت ۋاقىت سەرپ قىلغان بولسا، بىر سائەتلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. قانداقتۇر بىرىنچى ئادەم ئىككىنچى ئادەمدىن ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن تېز ئۆگىنىۋالىدىغان ئىش يوق. پەقەت كۆپ ئۆگەنگەنلەر، كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانلار تېز ئۆگىنىدۇ. مېنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى ئۇسۇلۇم:

(1) دۇچ كەلگەن ھەر بىر سۆزنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئۆگىنىپ مېڭىش.

(2) ئۆگەنمەكچى بولغان تىلنى ئانا تىلدەك سۆزلىيەلەيدىغان بولۇش، ھەر بىر ئادەم مېنىڭ ئۇستازىم دەپ ئويلاپ، تارتىنماي سوراپ تۇرۇش.

(3) چوقۇم توغرا سۆزلەش مەجبۇرىيىتىم يوق.

**7 ـ سوئال: چەت ئەل مائارىپى بىلەن بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك پەرقى ھەققىدە قانداق قاراشقا كەلدىڭىز، سىزنىڭچە، قايسى مائارىپ باسقۇچىدا چەت ئەل مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەن؟**

**رەپقەت ئەپەندى:** چەت ئەل مائارىپى بىلەن جۇڭگو

مائارىپىنىڭ پەرقى ئىنتايىن زور. بۇنى قىسقىچە نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. ئەڭ چوڭ پەرق مېنىڭچە، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش شەكلى، ھەق ئېلىش تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرق بولۇشى مۇمكىن.

گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيەدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئوقۇتۇش قۇرۇلمىسى ئېلاستىكلىققا ئىگە. گېرمانىيەدە باشلانغۇچ مەكتەپنى تۆت يىل ئوقۇيدۇ. (6 ~ 7 ياشتىن باشلىنىدۇ) باشلانغۇچتىن كېيىن ئوقۇغۇچى ئوخشىمىغان ئۈچ خىل ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدۇ:

(1) «GymnaSium» ئوقۇش باسقۇچى 9 يىل. بۇ باسقۇچتىكى ئوقۇشنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلى «Abitur» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ باسقۇچ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) «Realschule» ئوقۇش باسقۇچى ئالتە يىل داۋاملىشىدۇ. ئۇنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن تېخنىكوملارغا ۋە باشقا كەسپىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشقا بولىدۇ. ياكى يەنە ئىككى يىل «Abitur» دا تەييارلىقتا ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

(3) «Hauptschule» ئوقۇش باسقۇچى بەش يىل داۋاملىشىدۇ. پۈتكۈزگەندىن كېيىن كۆپىنچە ھاللاردا پېداگوگىكا مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدىمۇ «Abitur» دا تەييارلىقتا ئوقۇپ، يەنە داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولىدۇ.

ئەنگلىيەدە ئادەتتە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئاتا - ئانىلار، مەكتەپ خادىملىرى، يەرلىك مائارىپ ئىدارىلىرىدىكى خادىملاردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. كۆپىنچە مەكتەپلەر ئاممىۋى فوند ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دىنىي ياكى باشقا خەير - ساخاۋەت فوندى مەكتەپلىرىمۇ، ھۆكۈمەت فوندى بىلەن مەۋجۇت

بولىدىغان مەكتەپلەرمۇ بولىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتلار مەيلى گېرمانىيەدە بولسۇن ياكى ئەنگلىيەدە بولسۇن، تارقاق جايلاشقان. ئوقۇغۇچىلار بىر دەرسنى شەھەرنىڭ بۇ چېتىدىن ئالسا، يەنە بىرسىنى ئۇ چېتىدىن ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ھەر بىر فاكۇلتېت مەۋسۇملۇق ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ ئىسمى، دەرس ئوقۇتقۇچىسى، دەرسنىڭ ۋاقتى، ئورنى، بۇ دەرس ئۈچۈن پايدىلىنىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ تىزىملىكى، دەرسكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ شەرتى قاتارلىقلارنى جەدۋەللەشتۈرۈپ ئېلان قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار شۇنىڭغا ئاساسەن نەچچە پەننى ئوقۇش، قايسى ۋاقىتتا ئوقۇشنى بېكىتىدۇ. كۇتۇپخانىلارنىڭ رولى ئالاھىدە گەۋدىلىك، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا چوڭ كۇتۇپخانا بولغاندىن باشقا، ھەر بىر فاكۇلتېتتىمۇ كۇتۇپخانا بولىدۇ. كۇتۇپخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىش شەكلىمۇ ئاددىي ھەم رەتلىك. توردا ئارىيەت ئالىدىغان كىتابنىڭ تىزىملىكىنى يوللىۋەتكەندە، كىتابخانا خادىمى كىتابنى شۇنىڭغا ئاساسەن ئالدىن تەييارلاپ قويىدۇ.

گېرمانىيەدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار قانچە ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىلتىماس سۇنسا بولىۋېرىدۇ، كەلگەن چاقىرىقنا قاراپ، بارىدىغان مەكتەپنى تاللايدۇ. ئەنگلىيەدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئالتە ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىلتىماس سۇنۇشقا بولىدۇ. گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەسلەپكى تۆت مەۋسۇم ئىچىدە كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتتا كەسىپ، ئىمتىھان، قوشۇمچە خىزمەت توغرۇلۇق مەخسۇس مەسلىھەت بېرىش ئورنى بولىدۇ. پىروفېسسورلار ئادەتتە ھەپتىدە بىر سائەت ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. پىروفېسسور بىلەن كۆرۈشىدىغان ئوقۇغۇچىلار كەم دېگەندە بىر ھەپتە بۇرۇن

كۆرۈشۈشكە تىزىملىتىشى كېرەك. ئوقۇغۇچى ھەر بىر پەننى تۈگەتكەندىن كېيىن، نەتىجىنى يىغىپ قويىدۇ. ئوقۇش بەلگىلەنگەن پەنلەرنى تۈگەتكەندە، ئۆزى ئىمتىھان مەركىزىگە بېرىپ ئارىلىق ئىمتىھانىغا ياكى ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىغا تىزىملىتىدۇ. ئىمتىھان مەركىزى ماتېرىياللارنى دەلىللىگەندىن كېيىن، ئىمتىھان بېرىشكە چاقىرىق ئەۋەتىدۇ. فاكۇلتېتلار ئادەتتە دەرس ئۆتۈشكىلا مەسئۇل بولىدۇ. ئىمتىھاننى ئىمتىھان مەركىزى ئالىدۇ. گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ بىر ياكى ئىككى مەۋسۇم ئوقۇپ كېلىشىنى قوللايدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگىلا ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەل تىلىنى پىششىقلىشى، مەدەنىيەت ئۆگىنىشى، مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈشى، ئەتراپلىق پىكىر قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق، دەپ قارايدۇ.



ئەنگلىيە، گېرمانىيە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشى پۈتۈنلەي ھەقسىز. ئەنگلىيەدە ئوقۇش پۇلىدىن باشقا دەپتەر، كىتاب، قەلەملەرمۇ ھەقسىز تەمىنلىنىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن دەپتەر - قەلەمنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى سېتىۋالىدۇ. مەيلى ئەنگلىيەدە بولسۇن ياكى گېرمانىيەدە بولسۇن، بىلىم ئېلىش مەلۇم بىر گۇرۇھنىڭ ياكى تەبىقىنىڭ ئىشى بولۇپ قالماستىن، جەمئىيەتتىكى ھەر بىر كىشىنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقى باباراۋەر بولىدۇ. گېرمانىيە ئالىي مەكتەپلىرى ئەرمىنىيەلىكلەرگە، چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاشلا ھەقسىز (خەۋەرلەرگە قارىغاندا، گېرمانىيەدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر ھەق ئېلىشنى سىناق قىلىۋېتىپتۇ، بىر قىسىم رايونلاردا ھەق ئېلىش

تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ بوپتۇ. گېرمانىيەگە ئوقۇشقا چىقىشنى ئويلايدىغان كىشىلەر بۇ ھەقتىكى ئۆچۈرنى يەنىمۇ ئىنچىكە ئىگىلەپ باقسا بولىدۇ). ئەنگلىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇش ھەققى ئېلىنىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەردىن باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەنلەردىن ئېلىنىدىغان ھەق ئۈچ - تۆت ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. 2005 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 1175 فوندستېرلىڭدىن توغرا كەلگەن. لېكىن ئوقۇش پۇلى ئېلىشتىمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بېقىنىدىغان ياكى بېقىنمايدىغانلىقى، ئاتا - ئانىسىنىڭ كىرىمى قاتارلىقلارغا قارىلىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئوقۇش پۇلى تاپشۇرمايدىغانلار، بىر قىسمىنى تاپشۇرىدىغانلار ۋە ھەممىنى تاپشۇرىدىغانلار بېكىتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتلاردا قەرز پۇل ئېلىپ ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ. قەرز پۇلنىمۇ كېيىن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنكى كىرىمگە قاراپ قايتۇرىدۇ. ئەگەر كىرىمى يۇقىرى بولمىسا، قايتۇرمىسىمۇ بولىدۇ. باشقا دۆلەتلەردىمۇ، يەنى ئاۋستىرالىيە 1989 - يىلى ئوقۇغۇچىلارغا قەرز پۇل بېرىپ، ئوقۇش پۇلى ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بەلگىلىمە بويىچە ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئالغان ئىش ھەققى ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىگەن ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولسا قەرزنى قايتۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئاۋستىرىيە 2001 - يىلىدىن باشلاپ قەرز پۇل بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلى يەرلىكلەرگە 363 ياۋرو، چەت ئەللىكلەرگە 730 ياۋرودىن توغرا كېلىدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار قەرز پۇلنى دۆلىتىگە قايتىشتىن بۇرۇن تۆلىشى كېرەك. گوللاندىيەدە ئوقۇش پۇلى ئېلىشنى 1986 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇش پۇلى ئالىدۇ. ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئوقۇش پۇلى 25 مىڭ دوللاردىن ئاشىدۇ.

**8 ـ سوئال: چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن، جۇڭگو مائارىپى ھەققىدە قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟**

**ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى:** مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بىزنىڭ مائارىپىمىزدىكى بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ مائارىپىمىزدىكى ئەڭ گەۋدىلىك سەۋەنلىك تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئىكەن:

1) ئوقۇغۇچىنىڭ قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلماسلىق.

2) ئوقۇغۇچىلارنى مۇجمەل ئۇقۇملار دۆۋىسىگە ئىتتىرىپ، كونكرېت ئادەم بولۇشتىن يىراقلاشتۇرۇش.

قىزىقىشقا تىرىشچانلىق قوشۇلغاندا ئاندىن نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. قىزىقمايدىغان ئىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئاخىرىغا بېرىپ، نېرۋىنى كاردىن چىقىرىشتىن باشقا ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە دەرسلىكلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلماستىن، مەجبۇرىي تېڭىلىدۇ. شۇنى ئوقۇمىسا، دىپلوم بەرمەيدۇ. ياپونىيەدە بولسا ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار كۆپ قىسىم دەرسلىكلەرنى ئۆز قىزىقىشىغا ئاساسەن تاللايدۇ.

بىزنىڭ مائارىپىمىزدىكى يەنە بىر ئېغىر مەسىلە، ئوقۇغۇچىلارغا توم ـ توم كىتابلار تارقىتىپ بېرىلىدۇ ھەمدە شۇ كىتابتىكى مەزمۇنلار يادلىتىلىپ، شۇ بويىچە ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. يەنى شۇ كىتابنى پۇختا تەييارلىسىلا 100 نومۇرغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا بۇ خىل شەكىل ئوقۇغۇچىلارنى كەڭ دائىرىدە ئىزدىنىش

پۈرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ياپونىيەدە بولسا كۆپ قىسىم ئىمتىھانلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر تېما قىلىپ بەلگىلەپ بېرىلىپ، شۇ تېمىدا ماقالە يېزىش ئىمتىھانى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار شۇ بويىچە ماقالە يېزىپ تاپشۇرىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، بىزنىڭ مائارىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلماسلىقنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى شۇكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرەرىدىن «نېمە ئىش قىلغۇڭ بار» دەپ سورىسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. «نېمە ئىش قىلالايسەن» دەپ سورىسىمۇ، ئوخشاشلا دەرھال جاۋاب تاپالماي قالىدۇ. مېنىڭچە بۇ خىل شارائىتتا، ئوقۇغۇچىلار كونكرېت ۋە ئەمەلىي ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىشى، «ئەلاچى ئوقۇغۇچى» بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ئەمەلىي بىلىمى بار» ئوقۇغۇچى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

**رەپقەت ئەپەندى:** دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكى ئېغىر. ئوقۇتۇش شەكلى بەكلا مۇنتىزىم. بۇ، ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن پايدىسىز. ئالىي مەكتەپلەردە بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن مەزمۇنلارنى تولۇق ئىگىلىسىلا بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، دەرسلىكنى كەڭ دائىرىدە ئىگىلەشكە ئادەتلەنمىگەن. يازما ئىمتىھان ئاساس بولۇپ، پروفېسسورلار ئېغىزچە سىناق ئالمايدۇ. يازما ئىمتىھان دەرسلىك ماتېرىيال ئاساسىدا ئېلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان سىناقلار يوق. ئەنگلىيەدە گېرمانىيەلىك ئاغىنەم لارىس بىلەن بۇ ھەقتە سۆھبەتلىشىپ قالغان. مەن: «ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى ئۆتكەن دەرسلىكنى تەكرار قىلىش ئارقىلىق

ئىمتىھان بېرىمىز» دېسەم، «ئۇ دېگەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئالىي مەكتەپتە كېرەكلىك بىلىمنى دەرسلىك كىتابتىن ئەمەس، كۇتۇپخانىدىن كۆپ ماتېرىيال كۆرۈپ ئىگىلەش كېرەك، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان كىتابنى ئوقۇتقۇچى بەلگىلەپ بەرسە، ئۇنى قانداقمۇ ئۇنىۋېرسىتېت دېگىلى بولسۇن» دېگەن. ئومۇمەن ئالغاندا، بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشىمىز بىلەن ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش شەكلى ئالمىشىپ قالغان. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئاسان، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە بولسا ئۆگىنىش بېسىمى ئېغىر، ئوقۇش تەس. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار خۇددى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مەزگىلدىكىگە ئوخشاش جەمئىيەتتىن ئايرىۋېتىلگەن ھالەتتە ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان پاسسىپ تەسىرى زور بولىدۇ. يەنى، كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەت بىلەن ئايرىۋېتىلگەن مۇھىتتا، قانداقتۇر بىر خىل ئەۋزەللىك تۇيغۇسى بىلەن مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالمىسا، ئۇمىدسىزلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئوقۇتۇش شەكلىدە ساقلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيەۋى جەھەتتىن يېتىلىشىگە كۆچەپ، ئەمەلىي قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك ئۆلۈك ئوقۇتۇش شەكلىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ.

**9 - سوئال: چەت ئەل ئالىي مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قانداق قاراشقا كەلدىڭىز؟**

**ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى:** چەت ئەل مائارىپىنىڭ مەندە قالدۇرغان ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1) ئوقۇغۇچىنىڭ قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىش.
2) كونكرېت ۋە ئەمەلىيەتچانلىقنى ئاساس قىلىش.
3) ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقات ھەقىقىي مەنىدە بىر گەۋدىلەشكەن.
4) ھەرقانداق شەكىلدىكى قۇرۇق شوئار ۋە كوللېكتىپ ھالدىكى ئۆگىنىش دولقۇنلىرىدىن خالىي بولۇش.

**رەپىقەت ئەپەندى:** شەخسەن مەن گېرمانىيەنىڭ مائارىپ تۈزۈمىنى قۇۋۋەتلەيمەن (لېكىن مېنىڭ گېرمانىيەلىك دوستۇم ئامېرىكىنىڭ پىلاتونچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى، يەنى ئوقۇتقۇچى ھەممە مەزمۇننى سۆزلەپ ئولتۇرماي، ئوقۇغۇچىلارنى ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئۆزئارا بەس - مۇنازىرە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتەك يېتەكلەپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللايدۇ). چەت ئەل مائارىپى ھەققىدە ئۆزۈم ھېس قىلغان بىرنەچچە نۇقتىنى تىلغا ئالىمەن:

(1) ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىشتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ قالماي، ئېغىزچە سىناق ئالىدۇ.

(2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان دەرسنى، دەرس ۋاقتىنى، ئىمتىھان ۋە پىراكتىكا ۋاقتىنى پۈتۈنلەي ئۆزى تاللايدۇ.

(3) جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچلۈك. ئالىي مەكتەپ نوقۇل ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلماي، ئوقۇغۇچىلارنى مەلۇم دائىرىدىكى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنىلىق رولىنىمۇ ئۆتەيدۇ. بۇ ئوقۇتۇشنى كۈچلۈك ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە قىلىپلا قالماي، ئوقۇغۇچىلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى قامداش

پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن، ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلسا، شۇنداقلا پىراكتىكىنى خالىغان شەھەرگە بېرىپ قىلسا بولىۋېرىدۇ.

4) ھەممە ئادەمنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتى بولىدۇ.

5) ئاكادېمىيەلىك پۈرىقى كۈچلۈك. قەرەللىك ھالدا ئىلمىي مۇھاكىمىلەر، دوكلاتلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار فاكۇلتېت، مەكتەپلەر ئارا، ھەتتا شەھەر ئاتلاپ تۇرلۇك بەس - مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ تۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى داڭلىق مۇزېي، شەھەر ۋە تارىخىي ئورۇنلارغا ئېكسكۇرسىيەلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

**10 - سوئال: چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغانلار ئىچىدە نەتىجە قازانغانلاردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك قايسى، بۇ ھەقتە ھېس قىلغانلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقامسىز؟**

**ئەخمەتجان لىتىپ ئەپەندى:** مېنىڭچە، چەت ئەلگە چىقىپ نەتىجە قازانغانلاردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك چەت ئەلگە چىقىشتىن بۇرۇنلا تىل ئاساسىنى تىكلىگەن، روھىي جەھەتتە پۇختا تەييارلىق قىلغان. يەنى ئۇلاردا مەيلى قانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمىسۇن، بەل قويۇۋەتمەي ئۆگىنىشتەك روھ بار. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىكى مەقسەت - نىشانى ئېنىق بولغاچقا، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

**رەپقەت ئەپەندى:** ھېس قىلىشىمچە، ئۇلاردا تۆۋەندىكىدەك ئورتاقلىق بار:

1) ياش جەھەتتە 26 ~ 27 ياش ئەتراپىدا چەت ئەلگە چىققان.

2) چەت ئەلگە چىقىشتىن بۇرۇن كەسپىي جەھەتتە مەلۇم ئىلمىي نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن.

3) ئاسپىرانتلىقنى جۇڭگودا تۇگەتكەن.
4) تىل ئۆتكىلىدىن جۇڭگودا ئۆتۈپ بولغان.
5) ئۆزىدە كۈچلۈك ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئۆتۈق قازىنىش روھى تىكلىگەن.

ئۇلار چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن تىل ۋە كەسىپكە ئاساس سېلىشقا ۋاقىت سەرپ قىلماي، بىۋاسىتە كەسىپ ئوقۇغان. كۆپىنچىسى ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىپ ئوقۇغان. ئوقۇش داۋامىدا پىروفېسسور ياردەمچىسى بولغان.

**11 ـ سوئال: چەت ئەلدە تەتىل ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى كۆپ بولىدىكەن، بۇ چاغلاردا ئوقۇغۇچىلار قانداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ؟**

**ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى:** ياپونىيەدىكى كۆپ قىسىم چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئاسىيا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار زور ئىقتىسادىي بېسىم ۋە ئۆگىنىش، تەتقىقات خىزمىتىنىڭ بېسىمىدا دەم ئېلىش كۈنلىرىنىمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

**رەپقەت ئەپەندى:** ئەنگلىيەدە 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 ـ ئايغىچە ئۈچ ئاي يازلىق تەتىل قويۇپ بېرىلىدۇ. قىشتا مىلاد بايرىمى ۋە يېڭى يىلدا ئىككى ھەپتىدىن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەتىيازدا تىرىلىش بايرىمىدا يەنە ئىككى ھەپتە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. گېرمانىيەدە ئالىي مەكتەپلەر 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يازلىق تەتىل قويۇپ بېرىدۇ. قىشتا 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قىشلىق تەتىل قويۇپ بېرىلىدۇ. مىلاد بايرىمى ۋە يېڭى يىلدا يەنە ئىككى ھەپتىدىن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. لېكىن گېرمانىيەدە ئوقۇۋاتقان

ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەتىل بىلەن دەم ئېلىش كۈنىنىڭ ئانچە كۆپ پەرقى بولمايدۇ. چۈنكى ئوقۇغۇچىلار تەتىلدە ئىلمىي ماقالە يازىدۇ. چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن دەم ئېلىش كۈنلىرىدە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىش ئىشلەپ كېيىنكى ئوقۇش، تۇرمۇش پۇلىنى تېپىش. بولۇپمۇ ئەنگلىيەدە شۇنداق. ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار كەچلىرى ۋە ھەپتە ئاخىرلىرىدا ئىشلەيدۇ. ئىشلىمىگەن ياكى ئىقتىسادى يار بەرگەن ئەھۋالدا ساياھەت قىلىدىغانلارمۇ بار. مەن ئانچە ـ مۇنچە ساياھەت قىلىپ قويىمەن. كەچلىرى بەزىدە خاتىرە يازىمەن.

**12 ـ سوئال: چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئىقتىساد سەرپ قىلدىڭىز؟ سىز بۇنى ئەرزىيدۇ، دەپ قارامسىز؟**

**رەپقەت ئەپەندى:** گېرمانىيەدە ئوقۇغان مەزگىلدە ھەر مەۋسۇملۇق تىزىملاش ھەققى ۋە باشقۇرۇش ھەققى ئۈچۈن 30 ياۋرودىن 50 ياۋروغىچە پۇل تاپشۇرغانىدىم. ئەنگلىيەدىكى شىمالىي ۋېرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ MBA ئوقۇش ئۈچۈن ئىككى يىلدا 10 مىڭ فوندستېرلىڭ (تەخمىنەن جۇڭگو پۇلىغا 140 ~ 150مىڭ يۈەن) تاپشۇردۇم. «بۇ پۇلنى تۆلەپ چەت ئەلدە ئوقۇش ئەرزىمدۇ» دېگەنگە قانداق جاۋاب بەرسەم بولا... مېنىڭچە، قىسقا مۇددەتلىك ئويلىغاندا، ئەرزىمەيدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلاننى ئويلىغاندا ئەرزىيدۇ.

**13 ـ سوئال: سىز چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش يولىنى تاللىغىنىڭىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ باققانمۇ، سەۋەبى نېمە؟**

**رەپقەت ئەپەندى:** چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغىنىم ئۈچۈن ئاساسەن پۇشايمان قىلىپ باقمىدىم، دېسەممۇ بولىدۇ. بۇ بەلكىم مېنىڭ يالغۇزلۇقتىن زېرىكمەسلىكىم، روبىنزون

كىروزونىڭ دېڭىز تەۋەككۇلچىلىكىگە ھېرىسمەنلىكىمدىندۇر.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، 9 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا بىر قىز ساۋاقدىشىمغا يازغان خېتىمدە «ئەگەر پۇرسەت يار بەرسە، ھازىرقى زامان غەرب ياشلىرىنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقىنى، نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ باقسام دەيمەن» دېگەنىدىم. ئۇ چاغدا دۇنيانىڭ ئىككى تەرىپىدە ياشايدىغان دەۋرداشلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا ياشاپ، ئۆلۈپ كېتىشى بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دەپ قارايتتىم. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزۈمنى ياۋروپادىكى بىر كىچىك شەھەرنىڭ خىلۋەت كوچىسىدا سىم ـ سىم يامغۇر ئىچىدە ئالدىراش كېتىۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. 10 يىل چەت ئەلگە چىقىشنى ئارزۇلىدىم. چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن ياۋروپانىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ساياھەت قىلدىم، جەمئىيەتنى، خەلقلىرىنى چۈشەندىم، غەربىي ياۋروپادا ئىسپانىيە، شىۋېيتسارىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە باردىم. مەن بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ سەنئەت، مەدەنىيەت، تارىخ ۋە ئەنئەنىلىرىنى كۆزەتتىم، سېلىشتۇردۇم. بۇ مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ھەم قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

**14 ـ سوئال: يۇرتىڭىزدىكى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلارغا قانداق تەكلىپ ۋە مەسلىھەتىڭىز بار؟**

**ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى:** دۇنيانى كۆرۈپ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىش ئىنسان ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم. چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن بۇرۇن ھېس قىلمىغان، ئېتىبار قىلمىغان نۇرغۇن نەرسىنىڭ قەدرى بىلىنىدۇ. ئادەم باي دۆلەتتىكى مىجەز ـ خۇلقى غەلىتە خەلقلەر بىلەن بىللە ياشىغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزى كەمبەغەل بولسىمۇ، ئىنسانغا خاس يۈرىكى بىلەن ياشايدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر

ھېس قىلىدۇ. مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان كىشىلەرگە دەيدىغىنىم: تەييارلىق پۇختا بولسۇن. تەييارلىق پۇختا بولسا، چەت ئەلدە ئوقۇش ئىشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. چەت ئەل جەننەت ئەمەس، بۇ نۇقتا ئېنىق بولۇشى كېرەك. چەت ئەلدە تىرىشچانلىق بولمىسا، پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولمايدۇ.

**رەپقەت ئەپەندى:** مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغانلاردا كۆرۈلىدىغان ئاساسىي سەۋەنلىكلەر: بىرىنچىدىن، ئۇچۇرغا ئېتىبار بەرمەسلىك، ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلماسلىق. ئىككىنچىدىن، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئۆزىنى سەل چاغلاش. ئۈچىنچىدىن، ئاسان ئۇمىدسىزلىنىش، بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىلا بەل قويۇۋېتىش، چىقىش يولىنى مەلۇم بىر ئىشقىلا باغلىۋېلىش، كەڭ دائىرىدە ئىزدەنمەسلىك.



مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولۇۋاتقانلارغا تەۋسىيە قىلىدىغىنىم:

1) ئىمكانىيىتىڭلار يار بەرسە، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەييارلىقىڭلار پۇختا بولسا، تىل ئاساسىڭلار ياخشى، مەلۇم جەھەتتە ئالاھىدىلىكىڭلار بولسا، چەت ئەلدە داۋاملىق ئوقۇپ، ئىلغار مائارىپ تەربىيەسىگە ئىگە بولۇش يولىنى تاللىساڭلار بولىدۇ.

2) چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ قاراپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ھەر تەرەپتىكى تەييارلىقى پۇختا بولماي تۇرۇپلا، چەت ئەلگە چىقىشقا ئالدىراپ كەتمەڭلار. ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇۋاپىق پۇرسەتنى تاللاڭلار.

3) چەت ئەل بىزنىڭ يۇرتىمىز ئەمەس. بىز چەت ئەلدە مۇساپىر ھېسابلىنىمىز. ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، لېكىن چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن تۆت قۇلاق سەككىزگە

ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇنى چەت ئەلگە چىقىشتىن بۇرۇن كاللاڭلاردىن ئۆتكۈزۈۋېلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ئالدىدا ئاسانلا بەل قويۇۋەتمەيسىلەر.

4) چەت ئەلگە چىقىش مەسىلىنىڭ ھەل بولغىنى ئەمەس، بەلكى مەسىلىنىڭ باشلانغىنى. ئۇ ئەۋزەللىككە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر خىل تۇرمۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى تاللاشنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئاجىز. كۆپ ئىشلىرىنى ئاتا - ئانىلار قىلىپ بېرىپ ئۆگىتىپ قويغان. بۇنداق شارائىتتا چەت ئەلگە تەييارلىقسىزلا چىقىپ قالسا، بالىلاردا ئاسانلا ئۈمىدسىزلىنىش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، ئۆز ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىش پىسخىكىسى پەيدا بولىدۇ. چەت ئەلگە چىقىش تەييارلىقىنى «چەت ئەل چەت ئەلدىكى ئوقۇش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ بولغۇچە غايىب بولۇپ كەتمەيدۇ» دېگەن ئىدىيەدە تۇرۇپ قىلىش كېرەك. بۇ چەت ئەلگە چىقىپ ئارتۇق جاپا تارتقاندىن ياكى تەييارلىقنى پۇختا قىلمىغانلىق سەۋەبىدىن يېرىم يولدا ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەندىن ياخشىراق.

5) ماشىنا ھەيدەشنى بىلسە، كومپيۇتېردا ئادەتتىكى مەشغۇلاتلارنى قىلالايدىغان بولسا، بۇنىڭدىن سىرت ساتىراشلىق، تامچىلىق، قۇلۇپ ياساش، توكچىلىق، تاماق ئېتىش، (قىزلار بولسا) بالىغا قاراش، كۇتكۇچىلىك قاتارلىقلاردىن ئاز - تولا خەۋەردار بولسا، بۇنىڭ چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن پايدىسى تېگىپ قالىدۇ (مەن شىتوتكار شەھىرىدە نېمىس بانكىسىنىڭ تاش تېمىنى تېشىۋاتقاندا، مېيۇنخېن شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت مەركىزىدە خىزمەت ئىزدەپ مۆگدەپ ئولتۇرغاندا «دادام بولغان بولسا مەندىن ياخشىراق ياسار ئىكەن» دەپ ئويلىغانىدىم. ھەنىك ئەپەندىنىڭ

ئاشخانىسىدا ئىشلىگەندە بىلىق تازىلاشنى شۇ يەردە ئۆگەنگەن. شورپىغا سالىدىغان قۇلۇلىنى يېرىم كۈن ئادالاپ، گۆشىنى تاشلىۋېتىپ، قېپىنى شورپىغا سېلىپ غوجايىننى خاپا قىلغان. خوت ئەپەندىنىڭ «پىۋا باغچىسى»دا ئىشلەۋېتىپ، پىۋا ئىستاكانىدىن بىر كۈندە ئالتىنى چېقىۋەتكەنىدىم.)

**15 ـ سوئال: چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئىلتىماس قىلسا بەھرىمەن بولالايدىغان ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن قايسىلىرىنى بىلىسىز؟**

**ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى:** ياپونىيەدە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئىلتىماس قىلسا (شەرتى توشقان ئوقۇغۇچىلار) بەھرىمەن بولالايدىغان ئېتىبار سىياسەتلىرى:

1) ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ياكى شەخسلەر تەسىس قىلغان ئوقۇش مۇكاپاتىدىن بەھرىمەن بولۇش.

2) ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىشتىن بەھرىمەن بولۇش.

3) مەكتەپنىڭ ئەرزان باھالىق، شارائىتى ياخشى ياتىقىدا تۇرۇش. بۇنىڭ باھاسى سىرتتا ياتاق ئىجارە ئالغان باھادىن 10 ھەسسە ئەتراپىدا ئەرزان.

4) شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئەرزان باھالىق ئۆيلەردىن بەھرىمەن بولۇش.

5) بىر قىسىم چوڭ شىركەتلەرنىڭ شىركەت خىزمەتچىلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ئولتۇراق ئۆيلىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش.

6) ھەر مەۋسۇمدا بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولۇش (ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئورتاق بەھرىمەن بولالايدۇ).

7) ئەرزان باھادا داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولۇش. ئوقۇغۇچى خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان دوختۇرخانىدا داۋالانسا ھۆكۈمەت داۋالىنىش ھەققىنىڭ 70% ىنى، مەكتەپ 24% ىنى، پەقەت

6% ىنى ئوقۇغۇچى ئۆزى تۆلەيدۇ.

8) ئوقۇشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتا داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن بولۇش.

9) ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىشلەش گۇۋاھنامىسى بېرىلىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش (ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇۋاتقان ھەم بىر قىسىم سىناقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا).

10) باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ بىر مەزگىل ئوقۇپ كىرىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ.

11) ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا، تەجرىبە ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە تۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن بولۇش. يەنى شەرتى توشقان ئوقۇغۇچىلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى چاقىرتىپ بىللە تۇرسا بولىدۇ.

12) ئۆسمۈر بالىلىرى ئۈچۈن بېقىنىش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇش. يەنە 5 ياش (بۇ ياش باسقۇچى ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ) قا توشمىغان بالىلىرى بارلار، بالىلىرى ياپونىيەدە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ھەر ئايدا بېقىنىش ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلەيدۇ.

13) ئايالى ياپونىيەدە بىللە تۇرماقچى بولسا، دوختۇرخانا ھەققى ۋە بالىنىڭ بېقىنىش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

14) مەكتەپنىڭ كومپيۇتېرىنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئائىلىدە ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن بولۇش.

15) ئەگەر ئوقۇغۇچى خالىسا، باشقا مەكتەپلەرگە بېرىپ

دەرس ئاڭلىسا بولۇۋېرىدۇ. نەتىجىسىنى مەكتەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىدا نەتىجىسى قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ.

16) قاتناش ھەققى ۋە تېلېفون ھەققى دېگەندەك ئىشلاردا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ (سىناقتا ئوقۇش باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن باشقا ئوقۇغۇچىلار). بۇنىڭدىن باشقا ئېتىبارلار بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇ ھەقتە يەنە تەپسىلىي سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ.

**16 ـ سوئال: چەت ئەلگە چىققان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە مەكتەپكە ئورۇنلىشىش، خىزمەت تېپىش، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلىرى ئۈچۈن يۆرتىغا قايتىپ كېتىشتىن باشقا قانداق يول بار؟**

**ئەخمەتجان لېتىپ ئەپەندى:** چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئادەتتىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە پۇختا بولۇپ، كەم دېگەندىمۇ بىر يىل بۇرۇن «كېلەر يىلى نېمە ئىش قىلىمەن» دېگەن پىلاندا بولۇش كېرەك. ياپونىيەگە نىسبەتەن بەلگىلىك تىل ئاساسى بار، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىش پۇرسىتى كۆپ بولۇپ، غەيرەت قىلسىلا قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ. مەكتەپكە ئورۇنلىشىش قاتارلىق ئۈچۈرلارنى مەكتەپ تەرەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىن ياكى بولمىسا مەكتەپتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن ئىگىلىسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىرەر ئاممىۋى تەشكىلات بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. ياپونىيەدە ئۇيغۇر ياكى يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار خېلى كۆپ.

**مالايشىيادا ئوقۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئەكرەم ئەپەندىدىن كەلگەن جاۋاب:**

مەن بىلەن مالايشىيا ۋە بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە سۆھبەتلەشمەكچى بولغانلىقىڭىزغا رەھمەت. چۈنكى بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن ئوقۇش ئارزۇسىدىكى ياشلىرىمىزغا ئازراق بولسىمۇ ئالدىن ئۇچۇر بېرەلەيمىز. سىز سورىغان سوئاللارغا مۇشۇ يەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۆزۈمنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ جاۋاب بەرمەكچى. ھازىر مالايشىيادا ئوقۇۋاتقان ياشلار ئىچىدە 20 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان باللار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. 18 ~ 19 ياشلىق باللارمۇ، ھەتتا 16 ~ 17 ياشلىق باللارمۇ ئۇچرايدۇ. 25 ياشتىن ئاشقان، خىزمەت ئېھتىياجى ياكى ئۆزلۈكىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەرمۇ بار. مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىر مالايشىيادا 200 گە يېقىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدۇ. يەنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردىمى بىلەن ئوقۇيدۇ. مالايشىيادا مەخسۇس تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن تىل ئۆگىتىش مەكتەپلىرىدە ھەر ئايدا تەخمىنەن 1600يۈەن خەلق پۇلى ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ قىممەت بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتاب - ماتېرىيال ھەققى، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان زاكالەت، ئايرودۇرۇمغىچە چىقىپ كۈتۈۋېلىش ھەققى، سۇغۇرتا قاتارلىق تۈرلۈك ھەقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. يېڭى ئوقۇغۇچى دەسلەپ كەلگەندە بۇ پۇللارنى تاپشۇرىدۇ. دېمەك، ھەممە پۇلنى قوشقاندا ئالتە ئايلىق ئوقۇش ئۈچۈن خەلق پۇلىغا 18 مىڭ يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە پۇل كېتىدۇ.

مالايشىيادا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر، ئەرەب دۆلەتلىرى، ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن كېلىپ ئوقۇيدىغانلار ئىنتايىن كۆپ.

مالايشىيىاغا دەسلەپ كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئۆرۈق - تۇغقانلىرى ياكى يېقىن تونۇش - بىلىشلىرى ئارقىلىق چاقىرىق ئەكەلدۇرۇپ چىققانلار. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا تونۇشتۇرىدىغان شىركەتلەر بارلىققا كەپتۇ. مەن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچى، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە ئۇچۇر ئىگىلىگەن تۈزۈك. بىرلا تەرەپنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلىنىپلا چىقىدىغان دۆلەتنى، مەكتەپ ۋە كەسىپنى تاللاش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىكى ۋاقىتنى توغرا تاللاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. مەسىلەن، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە روژدېستۋا، مىلاد بايرىمىدا دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلسە، مالايشىياغا ئوخشاش مۇسۇلمان ئەللىرىدە روزا ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىلىدە دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مەزگىلگە ئۇلگۈرۈپ كېلىپ قالغاندا ئۇن كۈنلەپ بىكار يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مالايشىيادا خىزمەت تېپىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. مالايشىياغا ئوقۇشقا چىقىشنى ئويلايدىغانلار پۇتۇنلەي ئۆز خىراجىتىگە تايىنىپ ئوقۇشنى ئالدىن پىلانلاپ چىقىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، مالايشىيادا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بار. بىراق، ئىنتايىن ئاز ساندا. مالايشىياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئالاقىلىشىپ، تىزىملاتقان مەكتەپتىن باشقا مەكتەپكە ئالماشماقچى بولسا، تونۇشتۇرغۇچى شىركەت ئارقىلىق رەسمىيەت بېجىرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىر قىسىم پۇل تۆلەپ قېلىنغاندىن باشقا، كۆپ ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ. مالايشىياغا كېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم كېلىدىغان مەكتەپ ھەققىدە ئىنتېرنېت تورى، مالايشىيادا ئوقۇۋاتقانلار، ئوقۇپ قايتىپ كەلگەنلەر ئارقىلىق ئەتراپلىق

ئۇچۇر ئىگىلەش كېرەك.

بۇ يەرگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. چۈنكى تىرىشمىسا تىل ئۆگىنەلمەيدۇ. تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتمىسە، كەسپتە ئوقۇيالمايدىغان گەپ. ئاتا - ئانىسىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن ئىقتىسادنى بۇزۇپ چېچىپ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس. مالايشىياغا كېلىۋاتقانلارنىڭ بىر قىسمى مالايشىيادا تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، باشقا دۆلەتلەرگە بېرىشنى ئويلايدۇ. بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئويلىغاندەك چوڭ ئەمەس. ئەگەر مالايشىياغا چىقىپ، مالايشىيا ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگە چىقىشنى ئويلايدىغانلار بولسا، ئەڭ ياخشىسى بۇ جەھەتتە يەنىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئۇچۇر ئىگىلىشى كېرەك. مالايشىيادا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە، ئوقۇشىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قايتىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس. ئاساسلىق سەۋەب: ياقا يۇرتنىڭ شارائىتىغا كۆنەلمەسلىك. ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەسلىك... يەنە باشقا سەۋەبلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن.



مېنىڭچە، چەت ئەلگە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ياكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن مەلۇم دەرىجىدىكى ئىنگلىز تىلى ئاساسىغا ئىگە بولغان ئوقۇغۇچىلار چىقسا مۇۋاپىق. چۈنكى، پۈتۈنلەي ئاتا - ئانىلىرىغا تايىنىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن ئۇيغۇر بالىلىرى چەت ئەلگە بەك كىچىك ئوقۇشقا ئەۋەتىلسە، ئۇلاردا يېتىمسىرەش، مۇھىتقا ماسلىشالماسلىق، ئۆگىنىشكە پۈتۈن دىققىتىنى بېرەلمەسلىك قاتارلىق ئەھۋاللار ئاسانلا كۆرۈلۈپ، چەت ئەلگە چىقىشتىكى ھەقىقىي مەقسەتكە يەتكىلى بولمايلا قالماستىن، بالىلارنىڭ ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەش ئىشلىرى دەخلىگە ئۇچرايدۇ.

**ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان «لەيلى» دىن جاۋاب:**

سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرەلەمدىم، ئۇقمايمەن. لېكىن مېنىڭ مۇئەييەن كۆز قارىشىم بار. مەن پەقەت ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتىمەن.

ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىنگلىز تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش كېرەك. ئىنگلىز تىلىنى كىچىكىدىن تارتىپ ئۆگەنگەندە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ھازىر يۇرتىمىزدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تىل ئۆگىتىش سىنىپلىرى كۆپ ئىكەن. ئىنگلىز تىلى كۇرسلىرى داۋاملىق ئېچىلىپ تۇرىدىكەن. مەكتەپتە ياكى كۇرسلاردا ئىنگلىز تىلى دەرسىگە قاتنىشىپ ئىنگلىز تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتسىمۇ بولىدۇ. بىرىم يولدا تاشلاپ قويماي، ئىزچىل ئۆگىنىش، شۇنداقلا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش روھى بولۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇن مەكتەپلەر ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىمتىھاننى ئىلگىرى لەنجۇ، شىئەنلەردە ئالاتتى. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ ئېلىنىدىكەن. بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ئۈچۈن قەغەز يۈزىدە ئېلىنىدىغان ئىمتىھاندىن 550 نومۇر، كومپيۇتېردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھاندىن 213 تىن يۇقىرى نومۇر ئېلىش شەرت قىلىنىدۇ. تولۇق كۇرس ئوقۇيمەن دېگۈچىلەر ئىمتىھاندا چوقۇم لاياقەتلىك بولۇشى كېرەك. بۇ بىرىنچى قىلىدىغان ئىش. ئىككىنچى قىلىدىغان ئىش، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىدىكى ئوقۇش باسقۇچىدا E-mail ئارقىلىق چەت ئەلدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىش كېرەك. قايسى مەكتەپلەرنىڭ، قايسى كەسىپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، ئوقۇش مۇكاپاتى بارمۇ - يوق قاتارلىق مەزمۇنلارنى http://www.meripat.com./main/QAUyghur2.htm

ئىنتېرنېت تورىدىن ئىزدىسە بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار بار. تاللىغان بىرنەچچە مەكتەپكە بىرلا ۋاقىتتا ئىلتىماس يوللىغاندا، ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. ئادەتتە پىروفېسسورلارغا بىۋاسىتە ئۇچۇر يوللاشقىمۇ بولىدۇ. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم ئالىي مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىغا چىققۇچە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بولسا، بۇ ئىشلارنى ئۆزى تاماملاپ كېتىدۇ. 9 - ئايدا يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىشى بىلەن مەكتەپتىن نەتىجىلىرىنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ قىزىقىشى، ئوقۇش نىشانى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى «personal statement » قىلىپ يېزىپ چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك پىروفېسسورلارغا كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالسا بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىش مۇشۇ ماتېرىياللار بىلەن نەتىجىگە باغلىق. ئۇنىڭدىن كېيىن قابىلىيىتىڭىزگە قول قويىدىغان، ئارتۇقچىلىقىڭىزنى بىلىدىغان ۋە ياكى بىرەر تۈردە ھەمكارلاشقان پىروفېسسورلاردىن تونۇشتۇرۇش خېتى ئالىسىز، ئىمزاسىنى قويدۇرىسىز. بۇ ماتېرىياللارنى ئايرىم - ئايرىم كونۋېرتقا سېلىپ تەييار قىلىسىز. ماتېرىياللىرىڭىزنى بىرنەچچە مەكتەپلەرگە ئەۋەتىدىغان بولغاچقا، كۆپ تەييارلايسىز. سىز ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلغان مەكتەپلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئوقۇش شارائىتى ياخشى، ئوقۇش مۇكاپاتى يۇقىرى بولسا، ئاخىرىدا شۇنى تاللىسىڭىز بولىدۇ. چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشتا بۇ خىل ئۇسۇل بىرقەدەر مۇۋاپىق ۋە ئىشەنچلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جەريانىدا خېلىلا پىششىپ قالىسىز. چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇنچە بەك تەمتىرەپ كەتمەيسىز.

چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق يۇرتنى سېغىنىش ۋە ئىقتىسادنىڭ كەم بولۇشى. ئادەتتە ئامېرىكىدا تىل ئۆگىنىش ئۇچۇن بىر ئايدا 1000 دوللار

كېتىدۇ. ياتاق، تاماق پۇلىنى قوشقاندا تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

مېنىڭچە، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش يولىنى تاللىغاندا بىرقەدەر ئاقىلانىلىك بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش پۇرسىتى كۆپرەك بولىدۇ. ئەگەر ئىقتىساد يار بەرسە، ئالىي مەكتەپنى چەت ئەلدە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. بىراق، بۇنىڭغا كېتىدىغان ئىقتىسادنى كۆتۈرەلەيدىغان ئائىلىلەر يۇرتىمىزدا ئاز. چەت ئەلگە چىقىشتىكى مەقسەت چوقۇم ئېنىق بولۇش كېرەك. سىزنىڭ مەقسىتىڭىز بىرەر ساھەدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ ياكى بازارلىق بىرەر كەسىپنى ئۆگىنىپ جان بېقىشمۇ؟ مەقسەت قانچە ئېنىق بولسا، ئۇنىڭغا يېتىشمۇ شۇنچە تېز بولىدۇ.

ئامېرىكىدا تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن كۆپ ئىقتىساد كېتىدۇ. بولۇپمۇ مۇنتىزىم مەكتەپلەردە شۇنداق. كۇرسلاردا تىل ئۆگىنىدىغانلارمۇ بار. بىراق كۇرسلاردا كۆپىنچە ھاللاردا دىنىي ساۋاتلارنى بېرىش ئارقىلىق تىل ئۆگىتىدۇ. تىل ئۆگىنىش جەريانىدا خىرىستىيان دىنىغا كىرگەنلەرمۇ بار. مېنىڭچە، تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ بولۇپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش يولىنى تاللىغان تۈزۈك. چۈنكى بۇ، ئىقتىساد كۆپ كەتمەيدىغان ياخشى ئۇسۇل.

مەن ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپنى كۆزىتىشىمگە قارىغاندا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار كەسىپنى خالىغانچە تاللاپ ئوقۇيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار دائىم ئالمىشىپ تۇرىدىكەن. بۇ، جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەردە بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتكۈزگىچە بىرگە ئوقۇشتەك شەكىل بىلەن پەرقلىنىدىكەن. سوئاللىرىڭىزغا ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك جاۋاب يازاي.

كتاب نور بيكلى
www.kitap.com

**فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى perpignan شەھرىدىن ئوبۇلتالىپ ئەپەندىنىڭ جاۋابى:**

مېنىڭ فىرانسىيەدە ئوقۇۋاتقىنىمغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، چاقىرىق كەلگەندە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى قارار قىلدىم. ئاتا - ئانام بىرىنچى يىلىدىكى ئوقۇشۇم ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش رەسمىيىتى ئۈچۈن ۋاستىچىلىك شىركىتىگە 130 مىڭ يۈەن تۆلىدى. بۇ پۇلنىڭ سەرپ قىلىنىشى ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى خېلى تەۋرىتىپ قويدى. مېنىڭ ئېسىم دەسلەپتە تازا ئوڭۇشلۇق بولمىدى. بېيجىڭغا بېرىپ كونسۇلخانىغا كىرىش ئۈچۈن بىرگە بارغان بىرنەچچىمىز ساق بىر ئايدىن كۆپرەك ساقلىدۇق. كونسۇلخانىغا كىرىپ، ئىككى ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن پاسپورتنى ئالدۇق. شۇ چاغدا كاللامدا بىرلا خىيال بار ئىدى «چوقۇم مېڭىشىم كېرەك».

ئاخىر فىرانسىيە تۇپرىقىغا قەدەم باستىم. مېنىڭ مەكتىپىم فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقانىكەن. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئاساسلىقى باغۇەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. تۇرمۇش رىتىمىمۇ پارىژ قاتارلىق شەھەرلەردىكىدەك تېز ئەمەس، نوپۇسىمۇ ئاز ئىكەن. دەسلەپ بۇ شەھەرگە كەلگەندە سەل ئۈمىدسىزلەندىم. بىنالار پاكار - پاكار، تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئېگىز - ئېگىز بىنالار كۆرۈنمەيدۇ. كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ بىنالار قەدىمىي شەكلىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئىچىگە كىرسە ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن پۇختا ۋە زامانىۋى ئىكەن. مەن بۇ شەھەرنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ قەدىمىيلىك بىلەن زامانىۋىلىقنى شۇنچە ياخشى بىرلەشتۈرگەنلىكىدىن ھەيران بولدۇم.

شەھەر كىچىك بولغاچقا، خىزمەت قىلىش پۇرسىتى چوڭ شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۇنچە كۆپ ئەمەس. بىراق خىزمەت يوقمۇ ئەمەس. ئوچۇق – يورۇق، مۇناسىۋەتكە ماھىر بولسىڭىز خىزمەت چىقىدۇ. مەن ئوقۇۋاتقان مەكتەپتە يازلىق تەتىل ئۈچۈن بەش ئاي قويۇپ بېرىلىدۇ. قىشلىق تەتىل يوق بولسىمۇ روژدېستۋا بايرىمىدا ئىككى ھەپتە قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىت ئىشلەپ ئوقۇش پۇلىنى تېپىشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەت. ھەپتىدە تەخمىنەن 20 سائەت دەرس ئۆتۈلىدۇ. بىراق چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلەش ۋاقتىغا چەك بەلگىلەپ قويۇلغان. يەنى بىر يىلدا 800 سائەت ئىشلىسە بولىدۇ، دېيىلگەن بەلگىلىمە بار. بۇ يەردە ئەگەر دەرسكە كۆڭۈل قويمىسا، ۋاقىت بەك كۆپ ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار دەرسكە كىردىڭ ياكى كىرمىدىڭ دەپ سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. بىراق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە، يۇقىرى ئوقۇش ھەققىنى يەنە تۆلەپ قايتا ئوقۇيدىغان گەپ. تىل ئوقۇش ئۈچۈن تۆلەيدىغان ھەق بەك كۆپ. ئىلگىرى بىر يىللىق ئوقۇش ھەققى ئۈچۈن 1300 ياۋرو كېتەتتى. ھازىر 2000 ياۋروغا يېقىنلاشتى. بۇ بارغانسېرى ئۆسۈشى مۇمكىن. چەت ئەلدە ئۆي ئىجارىسىگە ئەڭ كۆپ پۇل كېتىدۇ. ئەگەر ئەرزان پۇللۇق ئۆيدىن ئىجارە ئېلىپ تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يېسە، سەل ياخشى. ئىجارە ئېلىش ئىسپاتىنى ئاپارسىڭىز ياتاق ھەققىنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ئىش بار. مەن سىرتتا ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇردۇم. بۇنداق بولغاندا ھەم ئۆزۈم تاماق ئېتىپ كۆنەلەيدىكەنمەن، ھەم تىنچ بولىدىكەن. مەن دەم ئېلىش كۈنلىرىدە مېۋە ئۈزىدىغان ئىشنى قىلىمەن. سائىتىگە 5 ياۋرو بېرىدۇ. بۇ يەردە تۇرمۇش خىراجىتىنى ئاتا – ئانىسى ئەۋەتىپ بېرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار خىزمەت قىلىپ ئۆز – ئۆزىنى قامداش ئۈچۈن ئىزدەنمەيدىغانلار.

مەن دەسلەپتە كەلگەندە 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ھەق تۆلەپ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە سەل پۇشايمان قىلغان. ھازىر تىل جەھەتتە ئۆزۈمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن. كۆنلىرىمۇ ئانچە زېرىكىشلىك ئۆتمەيدۇ. ئۆتكەن يىلى كومپيۇتېر كەسپىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئىمتىھان بەرگەنىدىم، ئۆتەلمىدىم. سەۋەبى ماقالە يېزىش ئىمتىھانىدىن نومۇر ئالالمىدىم. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، چەت ئەلدە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى ئىكەن. ھەتتا تەبىئىي پەن ئىمتىھانلىرىمۇ بەزىدە ماقالە يېزىش شەكلى بىلەن ئېلىنىدىكەن. بۇ جەھەتتە جۇڭگودىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىرقەدەر ئاجىز بولىدىكەن. ئىمتىھانغا چىققان «كىلون تېخنىكىسىغا قانداق قارايسىز؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئوقۇغۇچىلاردىن تەسەۋۋۇر كۈچىنى، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى، كەڭ دائىرىلىك بىلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، بىزگە ئوخشاش كىتابىي بىلىملەرنى يادلاشقا ئادەتلەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئاجىزلىق قىلىدىكەنمىز.

مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان قېرىنداشلارغا ئېيتىدىغىنىم: ۋەتەنىدىكى ۋاقتىدا تىل ئۆگىنىدىن ئۆتۈشكە ياكى ئاساس سېلىشقا سەل قارىماڭ. ئۇنداق بولمايدىكەن، چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن بەك كۆپ ۋاقىت ۋە ئىقتىساد سەرپ بولۇپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىڭىزدە ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىڭ. كىتابىي بىلىملەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، كەڭ دائىرىدە ماتېرىيال كۆرۈڭ.

چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا چەت ئەلدىكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك ئۇچۇر بېرىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان توردىكى زىيارىتىم يۇقىرىقى بىرنەچچە قېرىندىشىمىزنىڭ ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئەستايىدىل

جاۋاب يېزىشى بىلەن تۈگىگەنمۇ بولدى. ئەلۋەتتە بۇ ھەقتە ماقالە يېزىشنى پىلانلىغاندا، مەن ئېرىشىدىغان ئۇچۇر بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئۆزۈممۇ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانىدىم. چۈنكى، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلار بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرغا قانچە كۆپ ئېرىشسە، شۇنچە ياخشى بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق زىيارەتنى باشلىدىم. ئامېرىكىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتە خىزمەت قىلىدىغان تاش ئەپەندى زىيارىتىمنى قوبۇل قىلدى.

**1 - سوئال: چەت ئەلگە چىققان ئوقۇغۇچىلار ئىلتىماس قىلسا بەھرىمەن بولالايدىغان، ھۆكۈمەت ياكى مەكتەپ بەلگىلىگەن ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرىدىن باشقا يەنە قانداق ئېتىبارلار بار؟ چەت ئەلگە يېڭىدىن چىققان ئوقۇغۇچىلار بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇرنى قانداق ئىگىلىسە بولىدۇ؟**

**تاش ئەپەندى:** مەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ چەت ئەل ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان مۇئامىلىسى جەھەتتە پەقەت ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ياخشىراق بىلىمەن. شۇڭا بۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە «چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىبار قىلىش» دېگەن ئۇقۇم ۋە ئىش ئاساسەن يوق. مەن ئۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكا گىراژدانلىرىغا بېرىلىدىغان ھەر خىل ئېتىبار ۋە ئىقتىسادىي ياردەملەر بار. ئامېرىكىدىكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ھەر بىر مەكتەپتىكى چەت ئەللىك

كىتاب تور بېكىتى ww.shurkitap.com

ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى نىسبىتىنىڭ 15% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتكەن بولۇپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. لېكىن ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېتىبار بەرمەيدۇ. چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا پەقەت بىرنەچچە تۈرلۈك كىرىم قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. بەزى ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىدۇ. تۆۋەندە مەن بۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن: ئامېرىكىغا ئۆز پۇلى بىلەن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى «F ـ 1» ۋىزا ئوقۇغۇچىلىرى دەپ ئاتايدۇ. ئامېرىكا كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئۆز پۇلى بىلەن كېلىپ ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان ۋىزىنىڭ تۈرى «F ـ 1» بولۇپ، يۇقىرىقى ئىسىم ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرى «F ـ 1» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ ئىچىدە ئىشلىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. ھەر بىر مەكتەپ ئۆزىنىڭ ھەر خىل خىزمەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئاتاپ قويغان بولۇپ، بۇ خىزمەت ئورۇنلىرىغا رەسمىي خادىم قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھەر مەۋسۇمدا چىقىرىلغان ھەر خىل ئېلانلارغا قاراپ، خىزمەت ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر شەرتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ھەپتىدە ئىشلەش ۋاقتى 20 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى، بىر ھەپتىدە 5 كۈن، بىر كۈندە 8 سائەت بولغاچقا، ھەپتىسىگە 20 سائەت ئىشلەش دېگەنلىك كۈنىگە يېرىم كۈن ئىشلەش دېگەنلىك بولىدۇ. مەكتەپ ئىچىدىكى بۇ خىزمەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. ئادەتتە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىدىن سەللا يۇقىرى. كالىفورنىيەنىڭ ئەڭ تۆۋەن سائەتلىك ئىش ھەققى 6.75

دوللار.

ئامېرىكىغا ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كەلگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ خىزمەت ئىنگلىز تىلىدا ئىككى خىل ئاتىلىدۇ. بىرى «Assistant Graduate»، يەنە بىرى «Teaching assistant» دەپ ئاتىلىدۇ. كالىفورنىيەدە پەقەت ماگىستىرلىق ئۇنىۋانىغىچە بېرىدىغان كالىفورنىيە ئىشتات ئۇنىۋېرسىتېتى (بۇ خىل مەكتەپتىن جەمئىي 23 ى بار) بۇ خىزمەتنى «Graduate assistant» دەپ ئاتايدۇ. دوكتورلۇق ئۇنىۋانىغىچە بېرىدىغان كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (بۇ مەكتەپتىن جەمئىي 10 ى بار) ئۇنى «Teaching assistant» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىزمەتكە ئېرىشىشنىڭ بىر مۇھىم شەرتى ئىنگلىز تىلىغا پۇختا، دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سۆزلىيەلەيدىغان سەۋىيەدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچى چوڭ شەرتى كەسىپكە پىششىق بولۇش. ئادەتتە TOEFL ئىمتىھانىدا يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن، كەسپىي نەتىجىسىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچى بىر فاكولتېتنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا ئىلتىماس قىلغاندا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئىلتىماس قىلسا، فاكولتېت تەرىپىدىن ئويلىشىلىدۇ ياكى ياردەمچىگە ئېھتىياجلىق پىروفېسسورغا تونۇشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. بۇنداق خىزمەت تەبىئىي پەن كەسپلىرىدىمۇ، ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىدىمۇ، قوللانما پەنلەردىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل خىزمەتكە ئېرىشىش پۇرسىتى ماگىستىرلىق ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا كۆپرەك بولىدۇ.

ماگىستىرلىق ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن

بەزى مەكتەپلەردىكى بەزى كەسىپلەردە ئىنگلىزچە «Research asistant» دەپ ئاتىلىدىغان تەتقىقات ياردەمچىسى خىزمىتىمۇ بار. بۇ تەتقىقات شارائىتى بار ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىدىغان خىزمەت بولۇپ، ئالاھىدە ياخشى ئوقۇغان، ئىلگىرى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ مەلۇم نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنلەرنىڭ بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىشى بىرقەدەر ئاسان بولىدۇ. بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مەكتەپكە ئىلتىماس قىلغاندا فاكۇلتېتقا ئېيتىش كېرەك ياكى بولمىسا ئىلتىماس قىلماقچى بولغان فاكۇلتېتتىكى پىروفېسسورلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتېرنېت توردىن تېپىپ، «ئۈمىد بار» دەپ ھېس قىلغان پىروفېسسورلارغا بىۋاسىتە ئۆزى يوللاپ ئالاقىلىشىش كېرەك. ئامېرىكىدىكى ھەممە ئالىي مەكتەپلەردە دېگۈدەك ھەر بىر پىروفېسسورنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى، ئېرىشكەن تەتقىقات شارائىتى ۋە ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى تور بېتىگە چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ خىل ئۇچۇرلارنى ئىزدەپ تېپىش ئانچە تەس ئەمەس. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئوقۇش مۇكاپات پۇلىمۇ بار. لېكىن ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىنگلىز تىلى ئاساسى، كەسپىي سەۋىيەسى، ئىلگىرىكى كەسپىي نەتىجىلىرى، ئوقۇماقچى بولغان كەسپى، ئىلتىماس قىلماقچى بولغان مەكتىپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىدىغان ئوقۇش پۇلى ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

(1) تىزىملىتىش پۇلى (ئىنگلىزچە «Registration Fee» دەپ ئاتىلىدۇ).

(2) ئوقۇش پۇلى (ئىنگلىزچە «Tuition» دەپ ئاتىلىدۇ). تىزىملىتىش پۇلى ئۆزىنىڭ گىراژدانلىرى ۋە چەت ئەللىك

ئوقۇغۇچىلاردىن ئوخشاشلا تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇش پۇلى بەزى ئىشتاتلاردا ھەممە ئوقۇغۇچىدىن ئوخشاش تەلەپ قىلىنىدۇ. بەزى ئىشتاتلاردا پەقەت چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش دېگەنلىك چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا مەكتەپ ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈۋېتىش دېگەنلىك. مەكتەپ ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈۋېتەمدۇ - يوق، بۇنى مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەك. چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىدىغان مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلاردىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم ئىلتىماس يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلىشتىن بۇرۇن ئىلتىماس قىلىش كېرەك (مەكتەپ ئىلتىماس قىلغاندا بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك). داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش شەرتلىرى ۋە ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ كۆپرەك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

مۇۋاپىق مەكتەپ تاللاش — كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغان مۇشكۈل ئىش. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تور ئارقىلىق مەندىن مەكتەپ تاللاپ بېرىشنى سورايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئايرىم - ئايرىم جاۋاب يېزىپ بولالمايمەن. چۈنكى ھەر كۈنى كەم دېگەندە 8 سائەت ئىشلىشىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى سائەتنى يولغا سەرپ قىلىشىم كېرەك. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى قانداق ئىزدەش، قانداق تاللاش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرىپ كېلىۋاتىمەن. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، مەكتەپلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىقلا شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن بىر ئوقۇغۇچى ياردەمچى ئوقۇتقۇچى،

تەتقىقات ياردەمچىسى ۋە ئوقۇش مۇكاپاتىنىڭ بىرەرىگە ياكى ھەممىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئۆز پەرزەنتىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش ئارزۇسى بار ئاتا - ئانىلار چوقۇم بالىلىرىغا كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئاساس سېلىشقا كۆچەش كېرەك. ياشلار - ئۆسمۈرلەر چەت ئەل تىلىنى قانچە بالدۇر ئۆگەنسە شۇنچە ياخشى. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى ئەڭ ياخشىسى 22 ~ 25 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا تاماملاش كېرەك. چەت ئەلدە ئوقۇش غايىسى بولغان ئوقۇغۇچىلار ئەگەر باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغىچە ئىمتىھاندىن 550 دىن يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىپ بولسا بۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىسى چوڭ بولىدۇ. مەن بۇ نوقتىنى قانچىلىق تەكىتلىسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. چەت ئەلدە ئوقۇشىنى ئىمكان بار ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىدىن باشلاش كېرەك. بولسا دوكتورلۇق ئوقۇشىدىن باشلىسا تېخىمۇ ياخشى. پەقەت بولمىسا باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىدىن باشلىسىمۇ بولىدۇ. بىراق باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشى ئۈچۈن ئەگەر ئوقۇش مۇكاپاتى بولمىسا، زور ئىقتىساد سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئامېرىكىدا باكلاۋۇرلۇق ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئاساسەن يوق دېيەرلىك.

ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ئۆز ئانا تىلىغا پىششىق قىلىپ تەربىيەلىگەندىن باشقا، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشى ئۈچۈنمۇ شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئىنتايىن زۆرۈر. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى ۋە ياكى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى تەكىتلەش دېگەنلىك — ئانا تىلىنى ئۆگىنىشكە سەل قارىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. چەت ئەلدە ئىنگلىز تىلىنى پۇختا بىلىپ، ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا بىلمىگەندە، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس.

**2 ـ سوئال: چەت ئەلگە چىققان ئوقۇغۇچىلار قىيىنچىلىق تارتىپ، چىقىش يولى تاپالماي قالسا، (مەكتەپكە، ياتاققا ئورۇنلىشىش، خىزمەت تاپالماي ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتىش... قاتارلىق جەھەتلەردە) دۆلەتكە قايتىپ كېتىشتىن باشقا، يەنە قانداق ئامال بار؟**

**تاش ئەپەندى:** بۇ مەسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى چەت ئەلگە چىقىشتىن بۇرۇن تەييارلىقنى پۇختا قىلىش كېرەك. ئامېرىكىغا ئوخشاش دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر توپلانغان، ھەممە ئادەم ئۆزى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جايدا باشقا كۈن چۈشكەندە، ياردەم بېرىدىغان ئادەمنى تاپماق ھەقىقەتەن تەس. پۇختا تەييارلىق قىلىپ چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ، ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالسا ئەڭ ياخشىسى، تۇرۇۋاتقان جايدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىزدەش، ئۇلاردىن ياردەم سوراش كېرەك.

80 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى چىقىپ ئوقۇۋاتقان دۆلەتلەرگە نەزەر سالساق، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق ئىشلىرى، ھەتتا يۇرتىدىكى نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىش ئىشلىرى كۆپىيىپ قالدى. بۇ يەردە ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمەن. مېنىڭ بېرىدىغان تەكلىپىم ئەگەر چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن بىرەر پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ، ياردەمگە موھتاج بولغاندا چوقۇم چەت ئەلدىكى باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش كېرەك.

**3 ـ سوئال: چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالىدىغانلارمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش**

**شارائىتى، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەلىنىش شارائىتى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، تەربىيەلىنىش شارائىتىدىن ئەۋزەل. بىراق ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەرزەنتلىرىگە قانداق قىلىپ ئۆزىنى تونۇتۇش، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتىنى بىلدۈرۈشتەك مۇشكۈل ۋەزىپە قويۇلغان. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدۇ؟**

**تاش ئەپەندى:** سىز بۇ سوئالدا ھەقىقەتەنمۇ ھازىر چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىنتايىن چوڭ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. مېنىڭچە، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئۇيغۇرلار چەت ئەلدە تۇرۇپ قېلىشنى قارار قىلغاندا كەم دېگەندە مۇنداق تۆت مەسىلىنى كۆزدە تۇتىدۇ:

1) ئىلىم - پەن، يۇقىرى تېخنىكا، ئۆز كەسپىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش.

2) چەت ئەلنىڭ ئىلغار مائارىپ شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، بالىلىرىنى ئىلغار مائارىپ تەربىيەسىگە ئىگە قىلىش.

3) ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ماددىي جەھەتتە ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىش.

4) ئۆزىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە كۈچلەندۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش.

جۇڭگودا نوپۇس كۆپ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئوقۇش ۋە ئوقۇشتىن كېيىنكى خىزمەتتە پۇرسەت ئاز. مېنىڭچە، چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە يۇقىرىقى ئىككىنچى مەقسەت سەل يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئامېرىكىدەك ھەرقايسى جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتتە ئۆز پەرزەنتىنى ھېچبولمىغاندا ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي سەۋىيەدە ياشىيالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلىرى ئۈچۈن ئانچە تەس ئەمەس. بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇھىم

مەسىلە بالىنى ئامېرىكىدىكى تۇرمۇش شارائىتى ياخشى يەنە بىر ئامېرىكىلىق قىلىپ تەربىيەلەش كېرەكمۇ ياكى ئامېرىكىلىق ئۇيغۇر قىلىپ تەربىيەلەش كېرەكمۇ؟ ئامېرىكىدىكى بالىلار ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7'دىن كەچ سائەت 6 گىچە چەت ئەل مۇھىتىدا ياشايدۇ. ئاخشىمى كارىۋاتقا چىققۇچىلىك بولغان 3 ~ 4 سائەت ۋاقىت ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە بولىدۇ. لېكىن بۇ جەرياندا كۆرىدىغان تېلېۋىزور يەنىلا ئىنگلىز تىلىدا بولغاچقا، بالىلارغا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىنى سىڭدۈرۈش بىر مەسىلىگە ئايلانغان. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئۇيغۇر قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بىز بالىلىرىمىزغا ئۇيغۇر تىلىنى ئائىلىدە ئۆگىتىمىز. بىزنىڭ تاماقلىرىمىزنىڭ 90% ى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تاماقلىرى. بۇنى بالىلىرىمىز بىزدىن ئۆگىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلار بىرقەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ۋاشىنگتون ۋە نيۇيورك شەھەرلىرى ھەمدە كالىفورنىيە ۋە تېكساس ئىشتاتىدىكى ئۇيغۇرلار پات ـ پات بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇش قىلىپ تۇرىمىز. بۇنداق چاغلاردا بالىلار بىللە ئوينايدۇ. بەزىدە ئۇلار ئۈچۈن تۇرلۇك پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمىز. جەنۇبىي كالىفورنىيە ئىشتاتى بىلەن شىمالىي كالىفورنىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كەم دېگەندە ئايدا بىر قېتىم دالا ئولتۇرۇشى قىلىدۇ. ئولتۇرۇش قىلىدىغان ئورۇن ئادەتتە مەنزىرىلىك ئورۇن ياكى باغچە بولۇپ، ھەر بىر ئائىلە كەم دېگەندە بىر خىلدىن تاماق تەييارلىدى. كاۋاپ پىشۇرۇپ، قورۇق يەل ـ يېمىشلارنى تىزدۇق. ئولتۇرۇش چۈشتىن تاكى كەچ سائەت 6 ~ 7 لەرگىچە داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا تۇرلۇك تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندىن باشقا، بالىلارغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا ساۋات بېرىدىغان سوئال ـ جاۋابلارنى

تەييارلىدۇق. باللار بۇ خىلدىكى يىغىلىشلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. نورۇزدا شىمالىي كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزگىچە نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ. 4 ياشتىن 10 ياشقىچە باللارنىڭ ھەممىسى سورۇنغا چىقىپ ئويۇن كۆرسەتتى. نورۇز بايرىمى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت مەزمۇنلارمۇ سۆزلەندى. مانا بۇلار ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشىدىكى بىردىنبىر مۇھىتتۇر. قالغان ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالمايمىز.

ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە ئۇيغۇر تىلى، ئېتىقادى، مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىش مەقسىتىدە ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى «ئۇيغۇر ئۈمىد مەكتىپى» دېگەن نامدا بىر مەكتەپنى قۇردى. بۇ مەكتەپ ھەر شەنبە كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرى ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرگە دەرس ئۆتىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك نورۇز بايرىملىق يىغىلىشتا شىمالىي كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى مەكتىپى قۇرۇشنى، ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بىر تور بەت ياساپ بېرىشنى قارار قىلدى. بارلىق ئۇيغۇر ياشلىرى بۇ تور بەتنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، بۇ تور بەتكە ھەر بىر بالا مەزمۇن كىرگۈزەلەيدۇ.

باللارغا چەت ئەل مۇھىتىدا ئۇيغۇر مىللىتىنى ئېنىق تونۇتۇش تەسكە توختايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەللىكلەرگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ ئۇلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمى بۇنى بىۋاسىتە ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. مەن 1996 - يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى باللىرىمنى يۇرتۇمغا ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىمەن. يۇرتتا دېھقانلار بىلەن بىللە تۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن بىللە مەشرەپ ئوينايدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن

«دۇنيادا ئۇيغۇر دېھقانلىرىدەك ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئادەملەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز» دېدى. چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان ھەممە ئۇيغۇر ئۇچۇن بالىلىرىنى يات - يات يۇرتقا ئەۋەتمىدىغان پۇرسەت يوق. مەن بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بالىلارغا ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى بىلدۇرۇش جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئۇنۇمگە ئېرىشكەن بولغاچقا، باشقىلارغا شۇ خىل ئۇسۇلنى تەشەببۇس قىلىمەن. مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمدەك، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆچمەنلەرنىڭ بىرىنچى ئەۋلادى بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر بولۇپ قالغىنى بىلەن، ئىككىنچى ئەۋلادنى ئۇيغۇر قىلىپ تەربىيەلەش ئۇچۇن تىرىشىۋاتىمىز.

**ئاخىرقى سۆز:** مائارىپ يەر شارىلاشقان بۈگۈنكى دەۋردە ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئانچە قىيىن ئەمەس. قىيىن بولغىنى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۇچۇن ھازىرلاش زۆرۈر بولغان شەرتنى ھازىرلاش، چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن يۈزلىنىدىغان مەسىلىلەرگە يۈزلىنىش. چەت ئەلدە ئوقۇش بىلىم ئېگىلەش ئۇچۇنمۇ ياكى «چەت ئەلدە ئوقۇدى» دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۇچۇنمۇ؟ بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. مەن يۇقىرىقى كىچىككىنە ئەمگىكىم ئارقىلىق، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان كىشىلەرنى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىن بۇرۇن ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر، چەت ئەل مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا قاراتقان سىياسەتلەر، چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدە ئۇچۇرغا ئىگە قىلالىسام، ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا سالالىسام، ئۇلارغا تېرىقچىلىق بولسىمۇ نەپ يەتكۈزەلىسەم بۇ مېنىڭ نەتىجەم، شۇنداقلا ماڭا قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ جاۋاب يازغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى بولاتتى.

كىتاب نۇر بىكتى

# يەسلى مائارىپىدىن ئالىي مەكتەپ مائارىپىغىچە

نۆۋەتتىكى ھەممىدىن زۆرۈر نەرسە نېمە؟ بۇ سوئالغا جاۋابەن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ياخشىلىنىشى دېيىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، بۇ سوئالنىڭ ئەڭ توغرا جاۋابى شۇكى، ھەممىدىن زۆرۈر نەرسە مائارىپ. چۈنكى، مائارىپ بولسا ئىقتىسادىي تەرەققىياتمۇ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ياخشىلىنىشىمۇ بولىدۇ. بۇ جاۋابتىن گۇمانلىنىپ «مائارىپىمىز بارغۇ، يېرىم ئەسىردىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە سەۋەبتىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىدىكى ماس تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىدۇق؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتەن مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە. ئۇنداقتا، بىزنىڭ مائارىپىمىزدا مەسىلە بارمۇ؟



بىز نەزىرىمىزنى مائارىپىمىزنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تەرەققىياتىغا ئاغدۇرۇپ باقايلى. ئىلگىرىكى مەدرىسە مائارىپىنىڭ ئەكسىچە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مائارىپىمىز چەت ئەل مائارىپىدىكى يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ۋە 40 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مائارىپ ئەندىزىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغىچە مائارىپقا ئۆزگەردى. تاكى 1960 ـ يىللارغىچە مەكتەپلەردە

سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر ئۆتۈلدى. ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن زىيالىيلاردىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ مائارىپ سەۋىيەسى جۇڭگودا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار قوشۇنى مەيدانغا كەلدى. 60 ـ يىللاردىن كېيىنكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى پۈتكۈل جۇڭگودا مەدەنىيەت كرىزىسىنى پەيدا قىلىپ، شۇ قاتاردا مائارىپىمىزنىمۇ ۋەيران قىلدى.

1980 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە، مائارىپىمىز يەنە قايتا ھاياتي كۈچكە ئېرىشتى. مائارىپىمىزنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئەندىزىسى جۇڭگو مائارىپىنىڭ مائارىپ ئەندىزىسى بويىچە تۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگو مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇنداقتا، جۇڭگو مائارىپى قانداق مائارىپ؟

1949 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جۇڭگودىكى ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 80% ىنى تەشكىل قىلاتتى. ئازادلىقتىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 15%ىنى تەشكىل قىلدى. بىز بۇ سانلىق مەلۇماتتىن جۇڭگونىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ كۆز يۇمغۇسىز نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىراق، يەر شارى نوپۇسىنىڭ 1/4 قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگودا بىرەر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىمنىڭ چىقماسلىقى، جۇڭگولۇقلاردا ئىجادچانلىق، ئەمەلىي ئىشلەش

ئىقتىسادارنىڭ كەمچىلىكى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى بىلەن ئومۇمىي خەلق ساپاسىنىڭ ئوڭ تاناسىپ بويىچە تەرەققىي قىلالماسلىقى بىزنى يەنىلا بىئارام قىلىدۇ. ئۇنداقتا، مەسىلە جۇڭگو مائارىپىدىمۇ؟ بۇ مائارىپىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك سوئال بولغاچقا، بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. بىز جۇڭگو مائارىپىنى جۇڭگو بىلەن تەڭ قەدەمدە يېڭى مائارىپ يولىغا كىرگەن، دۆلەت قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە تەرەققىيات ئاساسى ئاساسەن ئوخشاش، بىراق ھازىرقى مائارىپ تەرەققىياتى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىپلا قالماي، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسى جەھەتتىمۇ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن دۆلەت — كورىيە بىلەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو مائارىپىدىكى، شۇنداقلا مائارىپىمىزدىكى مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەپ باقساق بولىدۇ. 1948 ـ يىلى كورىيە ھۆكۈمىتى دەسلەپ قۇرۇلغاندا كورىيەدىكى ساۋاتسىزلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 78% نى تەشكىل قىلاتتى. 1996 ـ يىلغا كەلگەندە كورىيە ساۋاتسىزلىق نىسبىتىنى تۆگىتىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي نىسبىتىنى 38% كە يەتكۈزدى. جۇڭگودا بولسا بۇ سان پەقەت ئاھالىنىڭ 5% نى ئىگىلىدى. 1948 ـ يىلى كورىيە ھۆكۈمىتى يېڭى قۇرۇلغاندا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى جۇڭگوغا سېلىشتۇرغاندا سەل كەينىگە تىزىلاتتى. بىراق، كورىيە دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردىن باشلاپلا مائارىپنى دۆلەت ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىنىدىغان تۆر قاتارىغا قويۇپ، زور كۈچ بىلەن مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ماڭدى. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن كورىيە ئىقتىسادى ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

بىراق، دۆلەتنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئىزچىل دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىدىن ئۈستۈن بولدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ جەھەتتە، كورىيەنىڭ جۇڭگوغا ئوخشاشلا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىغا سالغان دۆلەت مەبلىغى بىلەن ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا سالغان دۆلەت مەبلىغى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدى. بىراق كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپكە سالغان مەبلىغى ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا سالغان مەبلىغىدىن كۆپ بولۇپ، بۇ جەھەتتە جۇڭگو بىلەن ئەكسىچە يولدا ماڭدى. كورىيە ھۆكۈمىتى ئاساسىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىنى تاللاپ، باشلانغۇچتىن ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەش، ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆرلەش ئىمتىھانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، 12يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى 98% تىن ئاشۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا، كورىيەدە نامرات، چەت جايلارغا سېلىنىدىغان مائارىپ سېلىنمىسى مەركىزىي شەھەر مەكتەپلىرىگە سېلىنىدىغان مائارىپ مەبلىغىدىن كۆپ بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يۇقرالارنىڭ باراۋەر مائارىپ ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو مائارىپىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلىش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا جۇڭگو مائارىپىدا ھەقىقىي توغرا يۆنىلىشلىك تەرەققىياتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. جۇڭگو يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زور كۈچ بىلەن مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنداقلا، مائارىپتا ئىلگىرىكى نوقۇل بىلىم قاچىلاش خاراكتېرىدىكى ئوقۇتۇشنىڭ ئورنىغا تەدرىجىي ھالدا ئىقتىدار ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئوقۇتۇش يولىدا

نۇر كىتاب تور بېكىتى www.nurkitap.com

مېڭىشقا ئۆتۈشتەك يېڭى يولدا مېڭىشنى سىناق قىلىۋاتىدۇ. بۇ دەل جۇڭگو مائارىپىنىڭ خەلقئارانىڭ مائارىپ ئەندىزىسىگە يېقىنلىششقا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

دۆلەت تەشەببۇس قىلىۋاتقان يېڭى دەرس ئىسلاھاتىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش، ئىلمىي بولغان مائارىپ ئەندىزىسىنى تېزرەك مائارىپىمىزدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ يۈكسەك ۋەزىپىمىز. بۇ جەرياندا مائارىپ ئىسلاھاتىغا ئاكتىپ قاتنىشىش بىلەن بىرگە، مائارىپ ئەمەلىيىتىدىكى كۆرۈلگەن بىر قىسىم مەسىلىلەرنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەل قىلىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندە يەسلى مائارىپىدىن ئالىي مەكتەپ مائارىپىغىچە بولغان ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى مائارىپ ئوقۇتۇشى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىمەن:



**بىرىنچى، يەسلى مائارىپىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە**

مەكتەپكە كىرگۈچە بولغان مەزگىل ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، پسىخىكىسى شەكىللىنىدىغان، فىزىيولوگىيە جەھەتتىكى تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولىدىغان مەزگىل. مۇشۇ مەزگىلدىكى تەربىيەنىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئىلمىي، ئەتراپلىق تەربىيەدىن بەھرىمەن بولۇش ياكى بولالماسلىق كۆپ ھاللاردا كېيىنكى كىشىلىك قىممەت قارىشى، مىجەز خاراكتېرى، ئىنسانىي پەزىلەتلىرى، ياشاش پرىنسىپىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. ھەممىمىزگە ئايان، ئائىلە مۇھىتى بالىلارنى ئەتراپلىق تەربىيەگە ئىگە قىلىش جەھەتتە، چەكلىمىلىككە ئىگە. ئائىلە شارائىتى قانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، بالىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شارائىت ھازىرلاپ بېرەلمەيدۇ. ئەكسىچە، يەسلى ۋە

بالىلار باغچىلىرى بۇ جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە. بالىلار يەسلى ۋە بالىلار باغچىلىرىدا تەڭ قۇرامدىكى بالىلار بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئۆگىنىدۇ، ئۆزىنىڭ رولىنى، قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇيدۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. ھازىر كىشىلەر ئارىسىدا يەسلى ۋە بالىلار باغچىلىرىنى تاللىغاندا قولايلىق بولۇشقىلا ئەمەس، تەربىيەلەش سۈپىتى، شارائىتىغا قارايدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بىراق، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تەربىيەلەش سۈپىتى ۋە شارائىتى تەلەپكە لايىق يەسلى ۋە بالىلار باغچىلىرى كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ تەربىيەلەش سەۋىيەسى ئەسلىي ئۆستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان سەۋىيەدىن خېلىلا يىراق. ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس.



*يەسلى بىلەن بالىلار باغچىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئۇقۇم.*

تىيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ئاساسىي مائارىپ بۆلۈمىدىكى مەسئۇل خادىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى: يەسلى بىلەن بالىلار باغچىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، يەسلى پەقەت 1 ياشتىن 3 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، قاراپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بالىلار باغچىسى بولسا، 3 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغان بالىلارنى دۆلەتنىڭ «ئوقۇش يېشىدىن تۆۋەن بالىلارنى تەربىيەلەش ئۆلچىمى» بويىچە تەربىيەلەيدۇ. يەسلى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى ۋە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا، بالىلار باغچىلىرى بولسا مائارىپ تارماقلىرىنىڭ

كىتاب تورى | ukitap.com

بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يەسلى بىلەن بالىلار باغچىسى ئوخشاشلا ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى بالىلارغا قاراش ۋە تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورۇن بولسىمۇ، باشقۇرۇش جەھەتتە ئايرىۋېتىلگەن. ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساق، يەسلى بىلەن بالىلار باغچىلىرى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش پەرقى ئانچە ئېنىق ئەمەس. يەسلىلەردە 3 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغان بالىلار قوبۇل قىلىنىپ تەربىيەلىنىدىغان، بالىلار باغچىلىرىدا 3 ياشتىن تۆۋەن بالىلار قوبۇل قىلىنىدىغان ئەھۋال ئۇچرايدۇ. كىشىلەر يەسلى بىلەن بالىلار باغچىلىرىنى ئاساسەن پەرقلەندۈرمەيدۇ.

*بالىلار باغچىلىرى ئىچىدە ئۆلچەملىكلىرى ناھايىتى ئاز.*



مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ بالىلار باغچىلىرىنىڭ سىنىپ سانى، سىنىپلارنىڭ كۆلىمى، ئوقۇغۇچىلار سانى، بالىلار پائالىيەت قىلىدىغان مەيدانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئوقۇتۇش ۋە پائالىيەت مەزمۇنى، يېمەكلىك ئۆلچىمى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش دائىرىسى قاتارلىق تەرەپلەرگە قويىدىغان ئۆلچىمى ناھايىتى ئېنىق. بۇ ئۆلچەملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى شەرت قىلىپ بېكىتىلگەن. بالىلار باغچىلىرىدا ھەر بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار پائالىيەت قىلىدىغان مەيدانىنىڭ كۆلىمى $254m^2$ دىن كەم بولماسلىقى، ھەر بىر بالىلار باغچىسىدا ئاز دېگەندە ئىككى ئۇنىۋېرسال پائالىيەت ئۆيى، سىنىپلاردا دېزىنفېكسىيەلەش ئۈسكۈنىسى بولۇش، بالىلار باغچىلىرىنىڭ كۆلىمى 6 سىنىپ تەسىس قىلىنغانلىرىنىڭ «$2700m^2$»، 9 سىنىپ تەسىس قىلىنغانلىرىنىڭ «$3780m^2$»، 12 سىنىپ تەسىس قىلىنغانلىرىنىڭ «$4680m^2$» غا توشۇش،

بالىلارغا بېرىلىدىغان يېمەكلىك ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىدىكى بەدەن ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بولۇش. بالىلار باغچىلىرى بالىلارنى ھەر كۈنى كەم دېگەندە ئىككى سائەت سىرتقى پائالىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇش دېگەندەك تەلەپلەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەت شۇكى، يەسلى نامى بىلەن ئېچىلغان بالىلار باغچىلىرىدىلا ئەمەس، تىزىمغا ئېلىنغان مۇنتىزىم بالىلار باغچىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بۇ ئۆلچەمگە توشىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

*يىسخىلىك جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس.*

مەن زىيارەت داۋامىدا ئەمەدىلا 4 ياشقا كىرگەن قىزىنى بالىلار باغچىسىغا ھەپتىلىك ئاپىرىپ بەرگەن بىر ئانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. «مەن «ئەمۋاي» شىركىتىنىڭ شاخلىتىپ سېتىش پائالىيىتىگە قاتناشقان. بالىنى ھەپتىلىك قاراشقا بەرمىسەم، شىركەتنىڭ كەچلىرى ئاچىدىغان يىغىنلىرىغا قاتنىشالمايدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھسۇلات تونۇشتۇرۇش ئۇچۇن ئۇياق - بۇياققا چاپىدىغان گەپ...». ئېنىقكى، بۇ ئانا بالا تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىنى پۈتۈنلەي بالىلار باغچىسىغا يۈكلىگەن. ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى تېخى مۇكەممەللەشمىگەن شارائىتتا، ھەپتە - ھەپتىلەپ ئاتا - ئانىسىنى كۆرمەيدىغان بۇ بالىلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ياش مەزگىلىدە بالىلار ئاتا - ئانىنىڭ مېھرىبانلىقىغا، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ كۆيۈنۈشىگە، كۆڭۈل بۆلۈشىگە ھەممىدىن بەك موھتاج بولىدۇ.

مەن مەلۇم بىر بالىلار باغچىسىدا يوشۇرۇن زىيارەت ئېلىپ

بىرىپ مۇنداق بىر ئىشنى ئۇچراتتىم. تەربىيەچى مېنى باشلاپ بىر سىنىپقا كىردى. ئۇ سىنىپتا ئۈچ، تۆت ياش ئەتراپىدىكى باللار بار ئىكەن. سىنىپتا باللار ئۇستەلنى چۆرىدەپ بىر نېمىلەرنى يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆزۈم بۇلۇڭدا تامغا قاراپ چوكا كەمپۈت شوراپ تۇرغان بىر قىزغا چۈشۈپ قالدى. ئوقۇتقۇچى ئۇ قىزنى كۆرۈپ سىلكىشلەپ، ۋارقىراپلا كەتتى: «مەن سىنىپتا بىرنېمە يېمە دېگەنغۇ، بارە، جايىڭدا ئولتۇر». ئۇ قىز قورققىنىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك جايىغا بىرىپ ئولتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر باللار باغچىسىدىمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئەگىشىپ يىغلىغان بالىنى يىغىسى توختىغۇچە سىنىپنىڭ سىرتىغا تۇرغۇزۇپ قويغانلىقتەك ئەھۋالنى ئۇچراتتىم. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، بۇ ياش باسقۇچىدىكى باللاردىمۇ ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تېگىش، ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىش ياكى ئۇلارنى «كىچىك» دەپ ھېسسىياتىغا ئېتىبارسىز قاراش بالىنى غۇرۇرسىز، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان يارىماسقا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن. 3 ياشلىق بىر بالىنى مىسال ئالايلى: ئەگەر ئۇ بالا باللار باغچىسىدا رەسىم سىزسا ياكى ئويۇنچۇقتا شەكىل ياسىسا ۋە ياكى شوخلۇق قىلسا، ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ سىزغان رەسىمىگە، ياسىغان ئويۇنچۇقىغا ئېتىبارسىز قارىسا ياكى ئىلھاملاندۇرۇشقا سەل قارىسا، شوخلۇق قىلسا جىم بولۇشقا بۇيرۇسا بۇ بالىنىڭ قىزغىنلىقى، ئىجادچانلىق روھى ئاستا ـ ئاستا خورىشى، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان، قىزىقمايدىغان قورقۇنچاققا ئايلىنىپ قېلىشى ياكى تەربىيەنى قوبۇل قىلمايدىغان قاشاڭ بالىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ياش باسقۇچىدىكى باللارنى تەربىيەلەش تەربىيەچىلەردىن زور دەرىجىدە سەۋرچان، مېھرىبان ۋە ئەقىللىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

*باللارنى ئاپىرىپ ـ ئەكېلىدىغان ماشىنىلار كەمچىل، ئۆلچەمگە توشىدىغانلىرى ئاز.*

كۆزىتىدىغان بولساق، كۆپ قىسىم يەسلىلەرنىڭ باللارنى توشۇشقا ئىشلىتىدىغان ماشىنىلىرى ئۆلچەمسىز. بالا كۆپ، ماشىنا كىچىك بولۇش ئەھۋالى ئېغىر. ئۆلچەملىك باللار باغچىلىرىدا توشۇيدىغان ماشىنا بولماسلىق ياكى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت. بۇ ئاتا ـ ئانىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى باللارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. مەن زىيارەت داۋامىدا ئەتىگەن سائەت 7 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە قوزغالغان ماشىنىنىڭ سائەت 9 دىن ئاشقاندا باللار باغچىسىغا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. كۆپىنچە باللار باغچىلىرى ۋە يەسلىلەردە توشۇيدىغان بالا كۆپ بولسىمۇ، بىرلا ماشىنا بولغاچقا، باللار ماشىنىدا ئۇزاق ئايلىنىپ كېتىدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال ئۇزاق داۋاملاشسا، ئەلۋەتتە باللارنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىسىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەسلى ۋە باللار باغچىلىرى سان جەھەتتە كۆپىيىپلا قالماي، سۈپەت جەھەتتىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى. بىراق، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپىنى ئومۇمىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بارىمىز دەيدىكەنمىز، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئېتىراپ قىلىش، ھەل قىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش زۆرۈر. مەن زىيارەت داۋامىدا ھېس قىلغانلىرىمنى ئاساسىدا بىرنەچچە تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەر ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

باللارنىڭ تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەلىپىدە ئىلگىرىلەش چوڭ بولمىدى. كۆپ قىسىم كىشىلەر بالىغا ئەتىگەندىن كەچكىچە قاراپ بەرسە، ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە ئۆگىتىپ قويسا، بالا بىخەتەر بولسىلا، شۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە يەسلى ۋە بالىلار باغچىلىرى باللارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالىدىغان بازا. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، تەربىيەچىلەرنى شۇ تەلەپكە يەتكۈزۈش زۆرۈر.



△ باشقۇرغۇچى تارماقلار ئۆزىنىڭ ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى باللار مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولىنى يەنىمۇ

چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.
مائارىپ تارماقلىرى ئاساسىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. بىراق يەسلى، بالىلار باغچىلىرىغا بولغان باشقۇرۇش تازا يېتەرلىك ئەمەس. ھەتتا يەسلى بىلەن بالىلار باغچىلىرى باشقۇرۇش جەھەتتە ئايرىۋېتىلگەن مەخسۇس خادىملار ئاجرىتىلمىغان بولغاچقا، تىزىمغا ئالىدىغان، باھالاپ ئۆتكۈزۈۋالىدىغان، ئايدا بىر ئېچىلىدىغان يىغىنىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن نازارەتچىلىك قىلمايدۇ. مائارىپ تارماقلىرى ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى بالىلار مائارىپىنى، يەنى يەسلى ۋە بالىلار باغچىلىرىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان بۆلۈملەرنى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ بۇ ئورۇنلارغا بولغان باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.

△ ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى بالىلار مائارىپىنى تەتقىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى بالىلار مائارىپى بىر ئىلىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىلىم بىزگە ئانچە تونۇش ئەمەس. بىزدە ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى تېخى رەسمىي تەتقىقات تېمىسى قىلىنىپ ئىشلەنمىدى. چەت ئەللەرنىڭ، شۇنداقلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆرنەكلىرىنى ئۆز پېتى قوبۇل قىلىش ياكى ئازراق ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىش ئەھۋالى ئېغىر. بۇ جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارغا بولغان تەلىپى بىلەن ماسلاشمىغان. بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، تەربىيەلەش مەزمۇنى، ئۇسۇلى، باشقۇرۇش شەكلى، يەسلى ۋە بالىلار باغچىلىرىنىڭ سۈپىتىنى باھالاش قاتارلىق تېمىلار بويىچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. مەسىلەن، ھازىر بالىلارنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيەلەش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرىنى تەتقىق قىلىش،

ئۇنى يەسلى ۋە باللار باغچىلىرىغا كىرگۈزۈش باللارنى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بويىچە تەربىيەلەشكە پايدىلىق. بۇنداق قىلىشنىڭ باللارنى ھېسسىيات جەھەتتە ئەنئەنىمىزگە، ئەخلاق پرىنسىپلىرىمىزغا يېقىنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى رولىمۇ چوڭ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى باللار مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، تەربىيەچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتە يەسلى ۋە باللار باغچىلىرى تەربىيەچىلىرىنىڭ زۆر كۆپچىلىكى مەخسۇس تەربىيەلەنگەنلەر. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى مەزگىلدىكى تەربىيەنىڭ باللارنىڭ كەلگۈسىدىكى ساپاسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. بۇ ساھەدە تەتقىقاتچى سەۋىيەسىگە ئىگە يۇقىرى ساپالىق تەربىيەچىلەرنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك.

بۈگۈنكى رىقابەت ۋە بېسىم كىشىلەردىن ئەمەلىي ئىقتىدار بولۇشنىلا ئەمەس، ساغلام روھ ۋە تەن بولۇشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى باللار مائارىپى باللارنى دەل شۇ خىل ساپاغا ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭ رولى ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مۆلچەرلىگىنىمىزدىنمۇ زور.

## ئىككىنچى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىكى سەل قارىلىۋاتقان نۇقتىلار ھەققىدە

باشلانغۇچ مەكتەپتىكى سىنىپ مەسئۇلىنىڭ چىرايى پات - پات كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالىدۇ. ئۇ 40 ياشتىن ھالقىغان، ئاق پىشماق ئايال ئىدى. چىرايىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سىنىپتىكى ئەڭ كەيسىز باللىغىمۇ بىرەر قېتىم ئالايغىنىنى ياكى ۋارقىرىغىنىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇ

دانىشمەن، مېھرىبان ئانىغىلا ئوخشايتتى. بۇگۈن ئوغلۇم مەكتەپتىن كېلىپلا «بۈنىڭدىن كېيىن ھەرگىز چىنىقمايمەن، مەن تەنتەربىيە دەرسىگە ئۆچ بولدۇم» دېدى. يەنە شۇ مۇئەللىمىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ بىزگە ئەدەبىيات دەرسى بېرەتتى. مەن ئەدەبىيات دەرسىنى ياخشى كۆرەتتىم، چوڭ بولغاندا شۇ مۇئەللىمدەك «ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولسامكەن» دەپ ئارزۇ قىلاتتىم... كىچىكىمدە تاتلىققا ئامراق بولغاچقىمۇ، بىر كۈنى دەرس ۋاقتىدا چىشىم ئاغرىپ كەتتى. مەن ئىڭىكىمنى تۇتۇپ ئولتۇراتتىم، ئوقۇتقۇچۇم يېنىمغا كېلىپ بېشىمنى سىلاپ«نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئوقۇتقۇچۇمنىڭ قاچانلاردا يېنىمغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قاپتىمەن. مەن «چىشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېدىم. شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچۇم يانچۇقىدىن ئۈرۈكچىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى ۋە «چىشلەپ تۇرسىڭىز ئاغرىقى پەسىيىدۇ» دېدى. شۇندىن كېيىن ئوقۇتقۇچۇم ھەر كۈنى شۇنداق دورىدىن بىرنى بېرەتتى تاكى چىشىمنىڭ ئاغرىقى توختىغۇچە شۇنداق قىلدى... ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە يامغۇر بەك قاتتىق ياغاتتى. بەزىدە مەكتەپتىن ئۆيگىچە بولغان يولنى كەلكۈن بېسىپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا يەنە شۇ ئوقۇتقۇچۇم تۆت چاقلىق ئۈستى ئوچۇق تىراكتوردا بىزنى ئۆيلىرىمىزگىچە ئاپىرىپ قوياتتى... مەن قاراڭغۇدىن بەك قورقاتتىم. قىش كۈنلىرى بەزىدە دەرستىن چۈشكۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. ئوقۇتقۇچۇم مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ ئۆيگە ئاپىرىپ قوياتتى. مەن دەرۋازىدىن كىرىپ، ئىشىك ئالدىغا بارغۇچە توختىماي ئىسمىمنى چاقىراتتى. گۈلنار، گۈلنار... ھە... ھە... دېگىنىمچە ئىشىككە قاراپ يۈگۈرەيتتىم. ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇچە، ئۇ دەرۋازا ئالدىدا ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئەمدى خىيال

قىلسام ئوقۇتقۇچۇمنىڭ قايسى دەرسنى، قانداق سۆزلىگىنى ئېسىمدە يوق. كۆز ئالدىمدا پەقەت، بارلىقىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا بېغىشلىغان شۇ مېھرىبان چىرايلا بار. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ، ئوغلۇم مەكتەپكە كىرگۈدەك بولدى. مەن ئۇنى يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپاردىم. ئوخشاش بىر مەكتەپ، ئوخشاش ئۇستاز. مەن ناھايىتى خۇشال. چۈنكى ئوغلۇمۇ بىلىم بۇلىقى بولغان مەكتەپتە، مېھرىبان ئۇستازلاردىن بىلىم ئالىدۇ، بۇرۇن كىچىك چاغلىرىمىزدا مەكتەپكە ئۆزىمىز بېرىپ كېلەتتۇق. بۈگۈنكە كەلگەندە يوللار كېڭىيىپ، ماشىنىلار كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى يىلى كۆپ قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئاپىرىپ، ئەكېلىدۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. بىر كۈنى بالىسىنى ئالغىلى كەلگەن قوشنام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ قايناپلا كەتتى. بالامنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن پاراڭلاشقانىدىم، «بالامنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسى قانداقراق؟» دەپ سورىسام «بالىڭىز گەپ سورىسام ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇپ كېتىدۇ، جاۋاب بەرمەيدۇ. سەل ھاڭۋاقتى ئىكەن» دەيدۇ. مەن ئالدىمدا تۇرغان ھەم ياش، ھەم چىرايلىق ئوقۇتقۇچىغا قاراپ قېتىپلا قالدىم. مېنىڭ بالام... مەكتەپكە كىرمەي تۇرۇپ، ساۋاتى چىقىپ بولغان... ئاددىي قوشۇش ـ ئېلىش مىساللىرىنى ئىشلىيەلەيدۇ، يەنە كېلىپ ئەرەب يېزىقىنىمۇ ئۆگەنگەن، شۇنداق شوخ، چىپچەن... قانداقسىگە ئوقۇتقۇچىنىڭ نەزىرىدە ھاڭۋاقتى بولۇپ قالغاندۇ؟... قوشنامنىڭ بالىسى ھەقىقەتەن زېرەك بالا ئىدى. مەكتەپ قويىنىغا كىرگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغان بالىغا ئالدىراپلا شۇنداق باھا بەرگەن ئوقۇتقۇچىغا مەنمۇ ھەيران بولدۇم. ئوغلۇم ئۆيگە كېلىپلا ئۆكسى بىلەن ئويۇنغا كىرىشىپ كەتتى. مەن ئاستا كېلىپ ئۇنىڭدىن: «مەكتەپ قانداق ئىكەن؟» دەپ سورىدىم. بالام تۇرۇپ كېتىپ: «ئانا،

مەكتەپتە جىق باللار بار ئىكەن، بىراق دەرسنى سىز ماڭا ئۆگەتكەندەك ئۆگەتمەيدىكەن». ئەسلىدە يېڭى مەكتەپ قوينىغا كىرگەن باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەكتەپ ھاياتىغا ماسلىشىش باسقۇچىنى باشتىن ئۆتكۈزىدىكەن. بولۇپمۇ يەسلى تەربىيەسى كۆرمىگەن باللارنىڭ كوللېكتىپ مەكتەپ تۇرمۇشىغا كۆنۈشىگە ۋاقىت كېتىدىكەن. قوشنامنىڭ ئېيتقانلىرى تەسىر قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئوغلۇم مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بالامنىڭ مەكتەپتىكى كەيپىياتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ھازىر بالام يېڭى دەرس ئىسلاھاتى بويىچە دەرس ئۆتۈلگەن تۇنجى قارارنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇلارنىڭ دەرسلىكلىرى يېڭىدىن تۈزۈلگەن، مەزمۇنى رەڭدار ھەم مول. ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈش شەكلىمۇ ناھايىتى جانلىق، ئوقۇتقۇچىلار بىر سائەتلىك دەرسنى باللارغا ياخشى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدىكەن.



مەن يېڭى دەرس ئىسلاھاتى ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم مەخسۇس تېمىدا زىيارەت ئېلىپ باردىم. دەرس ئىسلاھاتىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى قېزىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدىغان مائارىپ ئىسلاھاتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ جەرياندا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر دىققىتىمنى تارتمايمۇ قالمىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ باسقۇچى باللارنىڭ قەلبىدە گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار بىخلىنىدىغان، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ، غايە تىكلىنىدىغان ھەل قىلغۇچ باسقۇچ. قىسقىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى باللارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مائارىپ دېيىشكە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، بايقىغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە

يۈرگۈزۈشىنى، شۇنداقلا بۇ ھەقتە كەڭ مائارىپچىلار بىلەن ئورتاقلىششىنى لايىق تاپتىم.

△ يېڭى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن يېقىن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى كۆرگەندە ئۇلار بىلەن ھەقىقىي يېقىن مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. بىراق ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە شۇنداق قىلالىغانلىرى يەنىلا ئاز.

مەن بىر ئانا بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدىم، ئۇ بالىسىنى مەكتەپكە ئالغىلى كېلىپ سىنىپنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرگەن مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: قىزىم بىرىنچى پارتىدا ئولتۇرىدىكەن. ئۇ كۈنى سىنىپتا تىل ئوقۇتقۇچىسى بار ئىكەن. ئوقۇتقۇچى سىنىپتا ئارىلاپ بالىلارنىڭ مەشىق ئىشلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ. قىزىمنىڭ ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئوقۇتقۇچى توختاپ قالدى. پەستە بىر ئۆچۈرگۈچ تۇراتتى. مەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇنىڭغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئوقۇتقۇچى ئېلىپ بېرىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ تۇرسام، ئۆچۈرگۈچنى تېپىپ پارتىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈۋەتتى. بۇنداق ئىشنى كۆرۈپ قالغىنىمنى دېمەمسىز، شۇندىن باشلاپ ئۇ ئوقۇتقۇچىغا بولغان قارىشىم تازا ياخشى ئەمەس. بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوغلىنى خەنزۇ باشقا مەكتەپكە يۆتكىۋەتكەن بىر ئانا بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ بالىسىنى يۆتكەش سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: بالام بىر كۈنى مەكتەپتىن يىغلاپ كەپتۇ. نېمە بولغانلىقىنى سورىسام: «مۇئەللىم، ‹شوخلۇق قىلدىڭ› دەپ قۇلىقىمنى سوزۇپ ئاغرىتىۋەتتى» دەيدۇ، قارىسام قۇلىقى كۆكىرىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنى ئېلىپ ئوقۇتقۇچىسىنى ئىزدەپ باردىم. ئوقۇتقۇچىسى كەچۈرۈم سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن، «بالىڭىز ئادەم گەپ قىلسا بەزدەك چەكچىيىپ قاراپ تۇرىدۇ»

دەيدۇ. «بالامنىڭ كۆزى يوغان، سىزگە قارىسا شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، شۇنداقتىمۇ قولىقىنى سوزۇپ كۆكەرتىپ قويغىنىڭىز بولماپتۇ» دېدىم. ئوقۇتقۇچى خاتالىقىنى بوينىغا ئالىدىغاندەك ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قېشىغا كىردىم ۋە «ئوقۇتقۇچى ئۈستىدىن مائارىپ ئىدارىسىغا ئەرز قىلىمەن» دېدىم، ئۇ نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ «ئۇ ئوقۇتقۇچى يېڭى خىزمەتكە قاتناشقان، ھازىر خىزمەتكە ئورۇنلاشماقنىڭ تەسلىكىدە ئەرز قىلسىڭىز ئۇ خىزمەتتىن ھەيدىلىشى مۇمكىن، ئەڭ ياخشىسى ئەرز قىلىمەن دېمەڭ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالامنى باشقا مەكتەپكە يۆتكىۋەتتىم.

ئەسلەپ باقىدىغان بولساق، ئىلگىرى ئوقۇتقۇچىغا ئۇنداق كۆپ تەلەپ قويۇلمايدۇ. ئوقۇتقۇچى بالىلارغا بىلىم بېرىدىغان، ئۇلارنى تەربىيەلەيدىغان ئادەم، دەپلا قارىلاتتى. ئەلۋەتتە بالىلارغا بىلىم بېرىش، تەربىيەلەش ئالدى بىلەن ئۇلارنى سۆيۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئىلگىرى ئۇنى ھېچكىم ئېغىزدىن چىقارمىغان بىلەن، شۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم تەبىئىي شۇنداق قىلاتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ «تەلەپ» بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ياخشى ئوقۇتقۇچى بالىلارنى ياخشى كۆرۈشى، بۇ خىل ياخشى كۆرۈش شەكىل جەھەتتىكى ياخشى كۆرۈش بولماستىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان بولۇشى كېرەك، دېيىلدى. ئادەمنىڭ بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈشى ياكى كەسپىنى سۆيۈشى مەجبۇرىي تېڭىش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان نەرسە بولماستىن، شۇ ئادەمنىڭ تەربىيەلىنىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، پېداگوگىكا كەسپى بىلەن تەربىيەلەش ئۇقتىلىرى بۇ خىل تەربىيەنى دەسلىپىدىلا پېداگوگىكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا چوڭقۇر سىڭدۇرۇپ، ئۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ

كەلگۈسىدىكى كەسپىي خىزمىتى جەريانىدا تەبىئىي ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالسا بولىدىغان ئوخشايدۇ.

△ يىڭى دەرس ئىسلاھاتى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشتا شەكىللەنگە كۆچەپ، ئوقۇتۇش سەنئىتىگە سەل قاراش ئەھۋالى مەۋجۇت.

مەسىلەن، بىر تىرىشچان ئوقۇغۇچى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن بولسۇن. بىراق، ئۇ خەنزۇ تىلىنى تازا ياخشى تەلەپپۇز قىلالمىسا، ئوقۇتقۇچى تېكىستنى ياخشى تەلەپپۇز قىلىپ ئوقۇيالمىغان ئۇ ئوقۇغۇچىغا قانداق باھا بېرىشى كېرەك؟ بۇنداق ئەھۋالدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ تەلەپپۇزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلسە ۋە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، باشقا ئوقۇغۇچىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىپ ئوقۇشقا بۇيرۇسا، باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ ياخشى تەلەپپۇز قىلالمىغان ئۇ ئوقۇغۇچىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلسە، شۇندىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچى خەنزۇ تىلى دەرسىدە تېكىست ئوقۇش ئۈچۈن قول كۆتۈرمەيدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھەتتا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى سۇسلاپ، خەنزۇ تىلى دەرسىنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىم ئېلىش جەريانىدىكى تەسىر كۆرسەتكۈچى تەرەپ بولۇشتەك رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىمنى قانچىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەسىر بولۇپمۇ تۆۋەن يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ. ھازىر ئوقۇتۇش شەكلى ناھايىتى جانلىق، بىراق ئوقۇتۇش سەنئىتىنى ئىگىلىگەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ئوقۇتۇش سەنئىتى دېگىنىمىز — ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى

تەتقىق قىلىپ، شۇ بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش، دېگەنلىك. مەسىلەن، خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى خەنزۇ تىلىنى ياخشى تەلەپپۇز قىلالمايدىغان ئوقۇغۇچىنى كۆپرەك ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، تەلەپپۇزىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كىچىككىنە ئۆزگىرىشنىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ماختاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا ئۇزاققا قالماي، ئۇ ئوقۇغۇچى خەنزۇ تىلىنى ياخشى تەلەپپۇز قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

△ يېڭى دەرس ئىسلاھاتىدا ئوقۇغۇچىلارغا باب باراۋەر مۇئامىلە قىلىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش ئەقەللىي پېداگوگىكا ئەخلاقى بولۇپ، تەڭسىز مۇئامىلە ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ.



ئادەتتە ئەدەپلىك، تىرىشچان، ئەقىللىق ئوقۇغۇچىنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ. بىراق، كەپسىز، دەرسكە قىزىقمايدىغان ئوقۇغۇچى بىلەن تىرىشچان ئوقۇغۇچىنىڭ تەربىيە ئېلىش ھوقۇقى ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلار ياخشى ئوقۇمىغانلىقى سەۋەبلىك، باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن پەرقلىق مۇئامىلىگە ئۇچرىسا، بۇ ئىنىقكى ئۇنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرىدۇ. يېقىندا بىر ئانىنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قىزى مەكتەپكە كىرگەندىن بۇيان تازا ياخشى ئوقۇيالماپتۇ. ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، قىزى سىنىپتا دائىم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىكەن، تاپشۇرۇقنىمۇ تولۇق ئىشلىمەيدىكەن. بىر قېتىملىق ئاتا - ئانىلار يىغىنىدا ئوقۇتقۇچى ئۇ ئانىغا قىزىنىڭ ئالدىدىلا سىنىپ چوشۇرۇپ ئوقۇتۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. قىزى بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئانا

www.nurkitap.com



بالىسىنى سىنىپ چۈشۈرۈپ ئوقۇتۇش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي قاپتۇ. مەن ئۇ ئايالغا بالىسىنى شۇ سىنىپتا داۋاملىق ئوقۇتۇش، بىراق ئائىلىدە ئۇنىڭغا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلدىم. ئەمەلىيەتتە دۆت ئوقۇغۇچى بولمايدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قازالمىغان ئوقۇتقۇچى بىلەن بالىسىنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلەلمىگەن ئاتا - ئانىلا بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى چوقۇم ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ھەممە ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئوچۇق دەرس ئاڭلىغان ۋاقىتلاردا ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرنەچچە ئوقۇغۇچىدىنلا دەرس سورىغانلىقىنى، سىنىپ يىغىنلىرىدا بىر، ئىككى ئەلاچى ئوقۇغۇچىنىڭ تەجرىبە سۆزلىگىنىنى ئۇچرىتىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئەھۋالمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇرۇرىنى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىتىدىغان ئەھۋال. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا باشقا ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ھەر جەھەتتە تۆۋەندەك ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان پاسسىپ تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ.

△ باشلانغۇچ مائارىپ باسقۇچىدا «قىزلار كۈچلۈك، ئوغۇللار ئاجىز بولۇش» ئەھۋالى مەۋجۇت. ئوقۇتقۇچىلار بۇ خىل ئەھۋالغا فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك نۇقتىسىدىن توغرا قارىشى كېرەك.

باشلانغۇچ مائارىپ باسقۇچىدا سىنىپ ھەيئەتلىرىنىڭ 90% ىنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. «قىز ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە ئەلاچى، تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچلۈك. ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا ئامراق» دەپ قارايدىغان ئوغۇل

ئوقۇغــۇچىلار خىلــى كــۆپ. باشــلانغۇچ مەكتەپــتە ئوغــۇل ئوقۇغـۇچىلار نـېمە سـەۋەبتىن قــىز ئوقۇغۇچىلارنىــڭ ئارقــىدا قالىدۇ؟ بۇنى فىزىيولوگىيەلىك يېتىلىش نۇقتىسى بويىچە تەھلىل قىلساق جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز. ئادەتتە قىزلار 8 ياشتا بـالاغەتكە يېتىش دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. ئوغـۇللار بولسـا 10 ياشـتا بـالاغەتكە يېتىش دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. ئوغۇللارنىڭ قىزلاردىن ئىككى يىل كېيىن بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىگە قەدەم قويۇشى ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مەسىلىلەرنى قىزلاردەك جايىدا بىر تەرەپ قىلالمايدىغانلىقى بەلگىلىگەن. ئەكسىچە قىــزلار ئوغۇللارغــا سېلىشــتۇرغاندا ئوقۇتقــۇچى تاپشــۇرغان ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. مەسىلەن، خەت يېــزىش، مەشــغۇلات ئىقتىــدارى جەھەتــتە قىــزلار ئوغۇللارغــا قارىغانــدا ئارتۇقچىلىقــا ئىــگە بولىــدۇ. ئوغــۇللار خــاراكتېر جەھەتــتىن كەپســىز، ئويۇنغــا ئــامراق، قىــزلار بولســا رايىــش كېلىــدۇ. ئوقۇتقــۇچىلار كەپســىز ئوقۇغۇچىغــا قارىغانــدا رايىــش ئوقۇغۇچىغا بەكرەك ئامراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوغـۇل ئوقۇغـۇچىلار قىــز ئوقۇغۇچىلارغــا سېلىشــتۇرغاندا ئۆگىنىشــتە ئەســتايىدىل بولالمايدۇ. ئۆگىنىشــتە ئەســتايىدىل بولمىغانــدا نەتىجە چۇشۇپ كېتىدىغان گەپ. بۇمۇ قىز ئوقۇغۇچىلارنىـڭ ئــۆگىنىش نەتىجىســىنىڭ ئوغــۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭكىــدىن نىسبەتەن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىكى ئارقىدا قېلىش بولماستىن، بەلكى فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن پەرق. ئوقۇتقــۇچىلار بــۇ نــۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشــى، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى ئامال بار «ئوغۇللار قىزلاردەك ئەقىللىق ئەمەس، شۇڭا ئوقۇتقـۇچى قىــز ئوقۇغۇچىلارغــا ئــامراق» دېــگەن ھېسســىياتقا كەلتــۈرۈپ قويماسلىقىقا تىرىشىشى كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى ئوقۇغـۇچى

ئۇچۇن ئوقۇتقۇچىنىڭ بەرگەن باھاسى ئىنتايىن مۇھىم. ئوقۇتقۇچىنىڭ باراۋەر مۇئامىلىسىگە ئېرىشەلمىگەن ئوغۇل ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش كەيپىياتى شەكىللىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئوقۇتقۇچى فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى پەرقلىق بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش ئۆلچەم، ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن باھا بېرىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

△ يېڭى دەرس ئىسلاھاتىدا ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش، پەرقلەندۈرۈشنى ئىگىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى بايقاش، پسىخىك جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش روھى بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بۇنىڭغا يېتىشىپ بولالمايۋاتىدۇ.



ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ باشقا ھەرقانداق كەسىپتىن بەكرەك جان پىدا قىلىشنى، تەر ئاققۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىش، ئۇنىڭدىكى مەسىلىنى بايقاپ بىر تەرەپ قىلىش ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىكى قىيىن نۇقتىلارنىڭ بىرى. ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئادەم تەربىيەلەش. ئادەم تەربىيەلەش پەقەت بىلىم بېرىشنىلا كۆرسەتمەيدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى باشقا ناچار تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان، سىرتقى تەسىرگە نىسبەتەن ئالاھىدە سەزگۈر ئوقۇغۇچىلار، ئادەتتە ئاسانلا ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، ئائىلە شارائىتى ياخشى بولمىغان بىر ئوقۇغۇچىدا ئائىلە شارائىتى ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش پسىخىكىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالنى بايقىغاندا ئوقۇتقۇچى بىلىندۇرمەي تەسىر قىلىش ئۇسۇلى

بويىچە ئۇ ئوقۇغۇچىغا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مەسىلەن، داڭلىق شەخسلەر ئىچىدىكى قىيىن شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەنلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەش، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسىنىڭ ماددىي نەرسە بولماستىن، ئىچكى ئېنېرگىيە ئىكەنلىكى... قاتارلىق مەزمۇنلارنى سۆزلەش. بۇنىڭ ئوقۇغۇچىدا ئۆزىگە قارىتا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىش ئۈنۈمى بولىدۇ. بۇ خىل بىر قېتىملىق تەربىيە بەلكىم ئوقۇغۇچىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇزۇن مۇددەت روھىي جەھەتتە بېسىم ئىچىدە تۇرغان ئوقۇغۇچىلاردا يامان سۈپەتلىك پارتلاش بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. ئاتا ـ ئانىسى داۋاملىق ئۇرۇشىدىغان، ئائىلىدە داۋاملىق ئاتا ـ ئانىسىدىن تاياق يەيدىغان، تۇرمۇش شارائىتىمۇ ئانچە ياخشى بولمىغان بالىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا كۆپرەك مېھرىبانلىق قىلىش، كۆيۈنۈش، ياردەم قىلىش، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى بۇنداق ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش پىسخىكىسى كۈچلۈك بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش ئادىتى بار ئوقۇغۇچىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئىقرار قىلىشقا زورلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا ئۇسۇل. باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىشنىڭ ئۆزىلا بالىدا ناھايىتى ئېغىر روھىي بېسىم پەيدا قىلىدۇ. ئۇنى يەنە ئاشكارا تەنقىد قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۇچرايدىغان روھىي بېسىمى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئامال بار ئايرىم تەربىيە قىلىش، بۇ خىل خاتالىقنى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى بولىدىغانلىقىنى، پەقەت خاتالىقنى تونۇغاندىلا ھەممە ئىشنىڭ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەش، ئۇنىڭدىن باشقا

ئائىلىنىڭ بالىنىڭ شۇ خىل پىسخىكىنى يېتىلدۈرۈشكە قانداق تەسىرى بولغانلىقىنىمۇ كۆزىتىش كېرەك. ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن كەڭ قورساقلىق بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرگەندە ھەمدە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئۇسۇلدا تەربىيە بەرگەندە، ئوقۇغۇچىنىڭ يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە ھەقىقىي ياردەم بەرگەن بولىدۇ.

يۇقىرىقى تەرەپلەر ساپا مائارىپى يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئوقۇتقۇچىلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم تەرەپلەر. بۇ ئوقۇتقۇچىدىن يۇقىرى كەسپىي ساپانىڭ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى ئوقۇتقۇچىدا ھەمكارلىشىش روھى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆز نوپۇزىنى تىكلەش ئىشەنچىسى، بارلىقىنى مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاش ئىرادىسى، يۈكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەت ئېڭى، ھاياتنى قىزغىن سۆيۈش روھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، ساپا مائارىپىدا ئوقۇتقۇچىلار ئالدى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتساق: ھەمكارلىشىش روھىغا ئىگە بولۇش دېگەنلىك، بۇ خىل ھەمكارلىق ئوقۇتقۇچى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيىتى مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ئوقۇتۇش پىلانى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى مەكتەپ قوللىمىسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى كاپالەتكە ئىگە بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن رەھبەرلىك باشقۇرۇش، ئوقۇتقۇچى ئىجرا قىلىشتەك خىزمەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ.

ئوقۇتقۇچىلار ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە قىلالايدۇ. ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئۆگىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ياخشى كوللېكتىپ بەرپا قىلالىسا، بۇ جەھەتتە ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالىغان بولىدۇ. ھەمكارلىشىش روھى پۈتكۈل مائارىپ ئەمەلىيىتىگە سىڭدۇرۇلگەندە، ئوقۇتۇش ھەرىكىتى ھاياتىي كۈچكە تولغان، ئۈيۈشۈش كۈچىگە ئىگە مائارىپ بولالايدۇ.

ئوقۇتقۇچىدا ئۆز نوپۇزىنى تىكلەشكە بولغان ئىشەنچنىڭ بولۇشى دېگەنلىك، قاپاقنى تۈرۈپ، تاياقنى شىلتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئۆز نوپۇزىنى تىكلەش دېگەنلىك ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈش، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنى ئىنى ـ سىڭىل، قىز ـ ئوغلىنىڭ قاتارىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلىش دېگەنلىك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويسا، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇشى ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنگەنلىك بولۇپ بىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى ئۇگۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا، كۆرۈلگەن زىددىيەتنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ مېڭىشقا پايدىسى بار. بارلىقنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بېغىشلاش روھى بولۇش دېگەنلىك. ھازىر بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىدە تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا كېرەك قىلىدىغان بىلىمنىڭ كۆپ قىسمىنى مەكتەپتە ئەمەس، تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى ئۆگەنگەنلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، خىزمەت

جەريانىدا ئۆزۈكسىز ئۆز بىلىمىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى، ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ يېڭى ئۇچۇرنى يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇتقۇچىدىن ئەڭ يېڭى ئۇچۇرنى تەلەپ قىلىدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، يېقىندا ئالىي مەكتەپلەردە زىيارەت ئېلىپ بېرىپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايقىدىم: ئوقۇتقۇچى ئىنتېرنېت تورىغا مۇناسىۋەتلىك دەرسنى سۆزلىگەندە، بىر سائەتلىك دەرسنى ئىنتېرنېت تورى قاچان، قەيەردە تەتقىق قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئالاقە جەريانىدىكى رولى دېگەندەك نەزەرىيەۋى بىلىمنى سۆزلەش بىلەن تۈگىتىپتۇ. ئوقۇغۇچىلار دەرستىن كېيىن ئىنتېرنېت تورىغا مۇناسىۋەتلىك ئاجايىپ بىلىمگە ئىگە بولغاندەك هاياجانلىنىپ كېتىشىپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئۆتۈلگەن دەرستىن ئوقۇغۇچىلار هېچقانداق ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى نەزەرىيەۋى بىلىمنى ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىدا ماتېرىيال كۆرۈپ ئۆگىنىۋالسىلا كۇپايە. بالىلارغا ھەقىقىي مەنپەئەت بېرىدىغىنى ئىنتېرنېت توردىن قانداق پايدىلىنىش، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش. ئېنىقكى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىدىن نېمىگە ئېرىشىش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرالمىغان. ئوقۇتقۇچىدىن يېڭى ئۇچۇر ئىگىلەش ئىستىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ باسقۇچىدىلا ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرۈلۈشى كېرەك. مەسئۇلىيەت ئېڭى بولۇش دېگەنلىك، ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش مەجبۇرىيىتىلا بولۇپ قالماي، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭىمۇ بولۇشى كېرەك، دېگەنلىك. ئوقۇتقۇچى سەبىي بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا بىلىپ ـ بىلمەي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل بولغانلىقى

ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتكە، مىللەتكە مەسئۇل بولغانلىق بولىدۇ. نەزەر دائىرىسى كەڭ، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىگەنلىك كەلگۈسىگە ھەقىقىي مەسئۇل بولغانلىق.
بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلاردىكى بىر قىسىم ناچار ئادەتلەرنى بايقىسا كۆرمەسكە سالىدۇ. مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن تەربىيە بېرىپ، ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەرمەيدۇ. بۇ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك. ھاياتنى سۆيۈش روھىغا ئىگە بولۇش دېگەنلىك، ئوقۇغۇچىنى ياخشى كۆرۈش، «بارلىقىم ئوقۇغۇچى ئۈچۈن» دېگەن روھتا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچى ماشىنا ئەمەس، بەلكى قان، گۆش، روھتىن تەركىب تاپقان تەپەككۇر قىلالايدىغان جانلىق. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا چىرايلىق ئەھۋال سوراش، بەزىدە تېخى چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرۈش... ئىشقىلىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر قىلىپ ماڭىدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچىدا «ئوقۇغۇچى مەن بىلەن قېرىنداشتۇر» دېگەن ھېسسىيات بولىدىكەن، بۇ شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ مەغلۇبىيىتى بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىدە مۇناسىۋەتنى تەڭشىگۈچى تەرەپ ئوقۇتقۇچى بولىدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا زىيارەت ئېلىپ بېرىش داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىدىن بىلىم ئېلىشتىن بەكرەك ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆيۈنۈشىگە ئېرىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بايقىدىم. مۇھەببەت بولمىسا تەربىيەدىن سۆز ئاچقىلى بولمىغىنىدەك، چۈشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەت بولمىسىمۇ ئوخشاشلا تەربىيەدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلار تەلەپچان ئوقۇتقۇچىدىن ياخشى ئوقۇغۇچى تەربىيەلىنىپ چىقىدۇ دەپ قاراپ، ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق

تەلەپ قويىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ خىل پىسخىكىسىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق بۇ خىل تەلەپنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قويۇش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا قارىغاندا كۆيۈنۈشكە، چۈشىنىشكە، يېتەكلەشكە، ياردەمگە بەكرەك موھتاج.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ باسقۇچى ھەققىدىكى بۇ ماقالەمنى يېزىش جەريانىدا تىيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى رەيھان قادىر بىلەن پىكىرلەشتىم. ئۇنىڭدىن ساپا مائارىپى يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە نېمە سەۋەبتىن مەسىلە ئۆزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ بۇ سوئالىمغا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق جاۋاب بەردى: ھازىر ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان بېسىم ناھايىتى ئېغىر. ئوقۇتقۇچىلار دۇچ كېلىۋاتقان بېسىم ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ئېغىر. ئۇلار دەرس ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاش بىلەن بىرگە تۈرلۈك لاياقەتلىك كىنىشكىلىرىنى ئالمىسا بولمايدۇ. ئوقۇتۇشنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن تەربىيەلەنمىسە بولمايدۇ. بۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا پۈتۈن دىققىتىنى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتالماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارغا بېسىم ئېغىر بولغاچقا، ھازىر بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ياش تۇرۇپ پېنسىيەگە چىقىپ كېتىش خىيالى بار. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بېرەلمەيۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ياشلىشىپ كەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا 20 ياش بىلەن 30 ياشنىڭ ئارىلىقىدىكىلىرى كۆپ. ئۇلارنىڭ خىزمەت تەجرىبىسى نىسبەتەن كەمچىلرەك. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ

ئارىسىدىكى كۆپ قىسمى ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئىبغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان تۇرۇپ. بۇ مەسئۇلىيەت جەمئىيەتكە، مىللەتكە مەسئۇل بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلاردىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز، ئۇلارغا يۇقىرى تەلەپ قويىمىز. يەنە شۇ ئوقۇتقۇچۇم كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇ دېرىزىدىن ئارتىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان كەپسىز بالىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنى باغرىغا بېسىپ، بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «بالام، ھازىر سېنىڭ بىلىم ئالىدىغان ۋاقتىڭ، كەل پارتاڭدا ئولتۇر» دېدى. كەپسىز ئوقۇغۇچى پارتىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئىككىنچىلەپ دەرستىن قاچمىدى، تېز ئىلگىرىلىدى. بۈگۈنكە كەلگەندە جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇپ ھالال ياشاۋاتقان ئادەمگە ئايلاندى. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ئەنە شۇنداق ھاياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان كەسىپ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن مۆھىمكى، ئۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ كەلگۈسى ئۈچۈن قۇرغۇچىلارنى يېتىشتۈرىدۇ.



**ئۈچىنچى، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ھەققىدە**

مائارىپ ئىسلاھاتى سىنىقى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مائارىپ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، شۇنداقلا دەرس ئىسلاھاتى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان مائارىپچىلار بۈگۈنكى دەرس ئىسلاھاتىغا قانداق قارايدۇ؟ بۇ بىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن مۇشۇ مەقسەتتە بىرقانچە مائارىپ خىزمەتچىسى ۋە مائارىپ تەتقىقاتچىسى بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

كىتاب نۇر بىكتاپ www.nurkitap.com

**مەخمۇت ئېلىياس ئاكا بىلەن سۆھبەت: (شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچىسى، مائارىپ تەتقىقاتچىسى)**

**1 ـ سوئال: نۆۋەتتىكى دەرس ئىسلاھاتىغا قانداق قارايسىز؟**

دەرس ئىسلاھاتى ــ مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپى. ئۇ دەۋر تەرەققىياتىغا تامامەن ئۇيغۇن. ئاساسىي مائارىپتا مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار ئۆچۈن تىل ـ ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى، ناخشا ـ مۇزىكا، گۈزەل ـ سەنئەت قاتارلىق بىر قىسىم دەرسلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزىدە تۈزۈلىدۇ. بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈشتە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ماتېرىياللار تاللىنىشى كېرەك. دەرس ئىسلاھاتى لايىھەسىدە يەنە «يەرلىك دەرس»، «مەكتەپ دەرسى» دېگەن دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز يېرىنىڭ تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، جۇغراپىيەلىك يەر تۈزۈلۈشى، كىلىمات، مۇھىت، سۇ ئىنشائاتى، تارىخ ـ تەزكىرە ۋە باشقا جەھەتتىكى ئەھۋاللار ھەققىدىكى بىلىملەرگە ئىگە قىلىدىغان بۇ خىل دەرسلىكنى تۈزۈپ چىقىش بىرقەدەر تەسكە توختىشى مۇمكىن. لېكىن بۇنى يېتەرلىك مالىيە كۈچى ئاجرىتىش ئارقىلىق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ.

**2 ـ سوئال: مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا نۇقتىلىق سىنىپ ئېچىش توغرىمۇ؟**

ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا نۇقتىلىق مەكتەپ، نۇقتىلىق سىنىپلارنى تەسىس قىلىش بىر خىل خاتا ئىش. دۆلەت خەزىنىسىدىن مەجبۇرىيەت مائارىپىغا ئاجرىتىلغان مەبلەغ دۆلەت پۇقرالىرى ئورتاق

ياراتقان بايلىق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن پۇتكۇل خەلق تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. قانداقتۇر نومۇر چەك سىزىقى پەيدا قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى نۇقتىلىق مەكتەپ، نۇقتىلىق سىنىپلارغا ئاجرىتىش، زور بىر تۈركۈمدىكى كىشىلەرنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ مائارىپ مەبلىغىدىن بەھرىمەن قىلىش بىر خىل ئادالەتسىزلىك. سەر خىل مائارىپ كۈچلىرىنى ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تەڭ تەقسىملەپ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرىيەت مائارىپىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىش كېرەك.



3 ـ سوئال: سىزنىڭچە، مائارىپىمىزدا ساپا مائارىپىنى ھەقىقىي يولغا قويالىدۇقمۇ؟

جاۋاب: ساپا مائارىپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا 10 نەچچە يىل بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ساپا مائارىپى تا ھازىرغىچە ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قانات يايدۇرۇلغىنى

nurkitap.com
نۇر بېكىتى كىتاب



يوق. بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، كىشىلەر تېخىچىلا ئىمتىھان مائارىپىدىن ۋاز كېچەلمەيۋاتىدۇ.

**4 ـ سوئال: ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئوقۇش يۈكى سىزنىڭچە مۇۋاپىقمۇ؟**

مائارىپنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان يېزا مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەتمەيمەن. شەھەرلەردە مېنىڭچە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكى بۇرۇنقىغا قارىغاندا يەڭگىللىدى. بۇ، ئىمتىھان قېتىم سانىنىڭ ئازايغانلىقى، ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىھان نومۇر چېكىنىڭ قاتتىق ئۆلچەم قىلىنىپ كەتمەيدىغان بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئائىلە تاپشۇرۇقى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت. ئۇلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەنىلا ئائىلە تاپشۇرۇقى ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش يۈكى تېخى يەڭگىللىگىنى يوق. ئىمتىھان بېسىمى تۈپەيلىدىن ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشنىڭ ئامالىنى قىلالمايۋاتىدۇ.

**5 ـ سوئال: مائارىپىمىزنىڭ مائارىپ تەتقىقات خىزمىتىگە قانداق قارايسىز؟**

يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە مائارىپ تەتقىقاتىدا خېلى جانلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. مائارىپ تەتقىقاتى ھەققىدىكى ماقالىلەر گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئانچە ـ مۇنچە ئېلان قىلىنىپمۇ تۇرۇۋاتىدۇ. «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» دە ئىلگىرى ئوقۇيدىغانلىرىمىز ئومۇمىي سىياسەت خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە قىسمەن

ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت ئادەتتىكى ماقالىلەر ئىدى. ھازىر خېلى قىممىتى بار مائارىپ تەتقىقات ماقالىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەگەر مائارىپ تەتقىقاتى خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىمىز دەيدىكەنمىز، ئاساسىي قاتلامدىكى كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات تۈرلىرىگە ئۇيۇشتۇرساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

**ئېلى خوجاخۇن بىلەن سۆھبەت:** (ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، دەرس ئىسلاھاتى تەلىپى بويىچە دەرسلىك تۈزۈشكە قاتناشقان، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆپ قېتىم يېڭى دەرس ئىسلاھاتى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگەن، ھازىر يېڭى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.)



**1 - سوئال: نۆۋەتتىكى دەرس ئىسلاھاتى يۈزلىنىشىگە قانداق قارايسىز؟**

دەرس ئىسلاھاتى - ئەنئەنىۋى مائارىپىمىزدىكى بىلىمنى ھەددىدىن زىيادە مەركەز قىلىدىغان ھادىسىگە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بىر نۆۋەتلىك مائارىپ ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ئىلگىرى دەرسلىكلىرىمىز بىلىم كۆپ، بىر تەرەپلىمە، قىيىن، مۇجمەل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا كۆپلەپ ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. دەرس ئىسلاھاتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۈزۈلگەن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىمىز ئادىمىيلىككە ئەھمىيەت بېرىش، ياشاشنى ئۆگىنىش، ساغلام روھىي ھالەت يېتىلدۈرۈش، پايدىلىق بىلىم ئىگىلەش ئامىللىرى بىلەن تويۇنغان. ئوقۇتقۇچىغا قويۇلىدىغان تەلەپتە ئوقۇتقۇچى باشقۇرغۇچى، يېتەكلەپ ماڭغۇچى، ئۆگەتكۈچىدىن

www.nurkitap.com نۇر كىتاب تور بېكىتى

باراۋەر مۇناسىۋەت قىلغۇچى، ھەمكارلاشقۇچى، ئوقۇغۇچىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە يېتەكلىگۈچىگە ئايلىنىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مائارىپ باشقۇرۇش، باھالاش تەلەپلىرىمۇ ئىلگىرىكى «ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى» دىن، بىر - بىرىگە تەكلىپ بەرگۈچىگە، ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھالىتىگە ئۆتۈش تەلەپ قىلىندى. بۇنداق يۈزلىنىش مۇقەررەركى، بىزگە ئۈمىد، ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ. بۇ مائارىپ نەزەرىيەسى ھەققىدىكى يېڭىلىق. ئەمدىكى گەپ، مائارىپىمىز دەرس ئىسلاھاتىدىن قانچىلىك نەپكە ئېرىشكەنلىك مەسىلىسىدۇر. مائارىپىمىز گەرچە يېڭى دەرس ئىسلاھاتى پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىيات، مۇزىكا قاتارلىق پەنلەرنى مۇستەقىل تۈزۈش ھالىتىدە ساغلام تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە، تارىخ، جۇغراپىيە پەنلىرى يەنىلا تەرجىمە قىلىنىدىغان بولغاچقا، «يېڭى دەرس ئىسلاھاتى» بىزدىن كۈتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاسلىقىنى قېزىش، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشكىنى يوق. شۇڭا دەرس ئىسلاھاتى مىللىي رايونلارنىڭ مىللىي پەرقىنى تولۇق ئېتىبارغا ئالغاندىلا ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، يېڭى دەرس ئىسلاھاتىمۇ «نىشانلىق ئوقۇتۇش»، «ساپا مائارىپى» چاقىرىقلىرى بىر مەزگىل تازا ئەۋجىگە چىقىپ، ئۆزلۈكىدىن پەسكويىغا چۈشۈپ قالغاندەك بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ھاياتىي كۈچىدىن قېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر مەسىلە شۇكى، «دەرس ئىسلاھاتى» گەرچە دەرسلىكنىڭ، مائارىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ، ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئوخشۇشلۇق تاماملاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىمتىھاندىن ئىبارەت قوماندانلىق كالتىكىنىڭ شەكلى، تۈرى، رولى، خاراكتېرى ئۈستىدە تۈپتىن ئېنىق بىر ئىسلاھات

تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويالمايۋاتىدۇ. بۇ تەرەپ چوقۇمكى، «دەرس ئىسلاھاتى» ماشىنىسىنىڭ راۋان ئايلىنىشىنى توسالغۇغا، ھەتتا مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا «ئىمتىھان» نۆۋەتتىكى بېشىمىزنى قاتۇرىدىغان ئامىل بولۇپ تۇرماقتا. يەنە بىر تەرەپ، ئالىي مائارىپمۇ دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە يارىشا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولغان تەرەپتۇر. ئالىي مائارىپنىڭ «دەرس ئىسلاھاتى» نىڭ سىرتىدىكى مائارىپ ئىكەنلىكى ھەقىقەتلا بولىدىكەن، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، كەسىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتقۇچى مېخانىزمى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئوخشاشلا زۆرۈر. بولمىسا سۈزۈك ئېقىپ كەلگىنى بىلەن ئاخىرىدا لاي سۇغا قويۇلىدىغان گەپ.

**2 ـ سوئال: ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئۆگىنىش يۈكى سىزنىڭچە مۇۋاپىقمۇ؟**

مۇۋاپىق ئەمەس. بولسا تېخىمۇ يەڭگىللىتىش كېرەك.



**3 ـ سوئال: سىزنىڭچە، بىز مائارىپىمىزدا ساپا مائارىپىنى ھەقىقىي يولغا قويالىدۇقمۇ؟**

ياق. چۈنكى ساپا مائارىپى چاقىرىق، تەشەببۇس ھالىتىدىلا قېلىپ، دەرسلىك، ئوقۇتۇش پائالىيىتى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش، مائارىپ تۈزۈلمىسى، ئىمتىھان ئىسلاھاتى قاتارلىق جەھەتلەردە يېتەرلىك ئەمەلىي تەرتىپلەرنى تۈزۈپ يولغا قويالمىدى.

**4 ـ سوئال: مائارىپىمىزنىڭ مائارىپ تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟**

ئاساسلىقى يېتىلگەن مائارىپ مۇتەخەسسىسلەر قوشۇنىنىڭ

kitap.com نۇربىكتاب كىتاب تور بېكىتى



بولماسلىقى، يەنە بىر جەھەتتىن، سىلىشتۇرما مائارىپ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ بولماسلىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. مائارىپ تارماقلىرى ئەسلىي نىشانلىق تۇردە چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ، بېكىتىلگەن تارماق پەنلەر بويىچە ئوقۇغۇچى تەربىيەلەپ، مائارىپ باشقۇرۇش تارماقلىرىغا سەپلىشى كېرەك ئىدى. ئۆزلىرى چەت ئەللەردە مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە تەربىيەلىنىپ كەلگەنلەرمۇ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالماسلىق قىسمىتىگە دۇچار بولغانلىق ئەھۋاللىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ ئورگانلىرى جىددىي تەدبىر قوللىنىشى زۆرۈر...

**باھارگۈل ئوسمان بىلەن سۆھبەت:** (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 29 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، ئىنگلىز تىلى پىسخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى. كۆپ قېتىم ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان، مۇكاپاتلانغان. كونا، يېڭى دەرسلىكلەردىن بولۇپ نەچچە ئون پارچە دەرسلىك ماتېرىيالى تۈزگەن.)

**1 ـ سوئال: نۆۋەتتىكى دەرس ئىسلاھاتى يۈزلىنىشىگە قانداق قارايسىز؟**

دەرس ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق مائارىپ ئىسلاھاتى. مەن ئۆزۈم ئۆتتۈۋاتقان دەرسكە ئاساسەن بۇ ئىسلاھاتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەرەپدارى. يېڭى تۈزۈلگەن تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى مەيلى مەزمۇن رەڭدارلىقى ياكى ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيلىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرى، شۇنداقلا پىكىر يۈزلىنىشىنى موللاشتۇرۇش

جەھەتتە بولسۇن ئىلگىرىكى تىل - ئەدەبىيات دەرسىدىن خېلى كۆپ ئارتۇقچىلىقى ئىگە،لېكىن مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. تېخى سىناق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، يېتەرسىز تەرەپلىرى يوق ئەمەس. يەنى ئاز بىر قىسىم دەرسلىكلەرنىڭ سالمىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن. بىر قىسىم مەزمۇنلار بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى قىسمىدىكى مەزمۇنلار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان. لېكىن بۇ يېتەرسىزلىكلەر رەسمىي يولغا قويۇلغۇچە مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ تۈزىتىشىدىن ئۆتۈپ، مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**2 - سوئال: مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا تەجرىبە سىنىپ ئېچىش مۇۋاپىقمۇ؟**



جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «مائارىپ قانۇنى»نىڭ 42 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئوقۇش مەزگىلىدىكى ھەرقانداق ئوقۇغۇچى تەلىم - تەربىيە پىلانىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، ھەر خىل ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرىدىن، كۇتۇپخانا ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بار». يۇقىرىقىلاردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئورتاق ھوقۇقى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق ھازىر بىزدىكى «تەجرىبە سىنىپ» لىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللىۋېلىپ« بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىم يېتەكلەش» دېگەن نام بىلەن «ئالاھىدە ئوقۇغۇچىلار سىنىپى» بەرپا قىلىپ، ئۇلارغا زىيادە ئېتىبار بېرىش (ئالاھىدە مۇھىت، ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى، ئالاھىدە دەرسلىك، ئالاھىدە تاپشۇرۇق قاتارلىقلارنى سەپلەش) ئارقىلىق بىر قىسىم ئالاھىدە تەبىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنداقلا كۆپتۇرۇپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئاتا -

ئانىلارنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ «تەجرىبە سىنىپى»نى مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى ۋاستىگە ئايلاندۇرۇۋالغان مەكتەپلەرمۇ بار. مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ تەجرىبە سىنىپ ئوقۇغۇچىسى مۇنداق دېگەن: «مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئارزۇسى بويىچە بۇ سىنىپقا كىرىپ ئوقۇۋاتىمەن. ئۆزۈمنىڭ ھەرگىزمۇ بۇ سىنىپتا ئوقۇغۇم يوق». مانا بۇ سۆزدىن بىز تەجرىبە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانچىلىك بېسىم ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مېنىڭچە، كۆپىنچە مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبە سىنىپ ئېچىش سالاھىيىتى يوق. چۈنكى تەجرىبە سىنىپنى نېمە ئۈچۈن ئېچىش، قانداق ئېچىش، نېمىنى تەجرىبە قىلىش، قانداق نىشانغا يېتىش، دېگەندەك مەسىلىلەردە تېخى ھېچقانداق پىلان يوق. شۇڭلاشقا گەرچە «تەجرىبە سىنىپى» ئېچىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغا قەدەر ھېچقايسى مەكتەپ «تەجرىبە سىنىپى»نىڭ تەجرىبە خۇلاسىسىنى چىقىرىپ ئىلمىي بولغان بىر نەتىجىنى مەيدانغا كەلتۈرگىنى يوق. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ھېچقانداق تەجرىبە نەتىجىسىنى چىقىرالمايدىغان بۇ سىنىپلارغا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇشقا شۇنچە ھېرىسمەنلىكى.

مېنىڭچە، ھازىرقى تەجرىبە سىنىپلار دەرسنى قاپلاپ ئۆتۈپ، تاپشۇرۇقنى كۆپلەپ بېرىدۇ، سىنىپتا يەنە باللار كۆپ. دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى تاللىۋالغاندىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس. بۇنداق سىنىپتىن ئاز ـ تولا نەتىجە كۆرۈلگىنى ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇنداق سىنىپنى ئېچىپ باللارنى تەجرىبە قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ خىل سىنىپلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۈمانىتارلىق روھتا تەربىيەلىنىشىدە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى

ئوقۇغۇچىلاردا تەبىقە كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىسىز.

ئىككىنچىدىن، ھەر بىر سىنىپنىڭ سەركىلىرى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئادەتتىكى سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بۇ بىر ئىلمىي بولمىغان تەجرىبە، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى نۇرغۇن ئادەمنى كاردىن چىقىرىپ تولدۇرغۇسىز زىيان ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

**3 - سوئال: ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئۆگىنىش سېلىقى سىزنىڭچە مۇۋاپىقمۇ؟**

ھازىر مائارىپ تارماقلىرى ھەدەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشكە چاقىرىق قىلىۋاتىدۇ. ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلار كۈندىن - كۈنگە بېسىم ھېس قىلىپ ئوقۇشتىن، مەكتەپتىن بىزار بولۇۋاتىدۇ. بۇنى پەيدا قىلغان ئاساسلىق ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

1) مەكتەپلەرنىڭ نەتىجە چىقىرىش ئۈچۈن بىر تەرەپلىمە ئىش كۆرۈشى.

2) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ئارقىلىق باھالىنىپ سېلىشتۇرۇلىدىغانلىقى.

3) دەرسكە ماسلاشتۇرۇلغان تەكرار ماتېرىياللىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا كۆپلەپ تېڭىش... قاتارلىق ئامىللار ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە توسالغۇ بولىدى.

**4 - سوئال: سىزنىڭچە، بىز مائارىپىمىزدا ساپا مائارىپىنى ھەقىقىي يولغا قويالىدۇقمۇ؟**

بىز تەشەببۇس قىلىدىغان ساپا مائارىپى ئادەمدىكى تۇغما

تالانـــت ئاساســـىدا، جىســـمانىي ۋە روھىـــي ســـاغلاملىقنى ئاشۇرىدىغان، ئەقلىي قابىلىيەتنى ئاچىدىغان، خاراكتېرنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان مائارىپتۇر. سـاپا مائـارىپى جەريـانى ئادەملەرنىڭ يېتىلىشىگە نىسبەتەن ئېيتقانـدا ھەم يوشۇرۇن قـابىلىيەتنى ئېچىش جەريـانى، ھەم بالىلارنىـڭ تەدرىجىـي ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدۇر. بۇنىـڭ ئىچىدە يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيەدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ دەۋرى ساپا مائارىپىدىكى ئاساس سېلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزگىلى. مەكتەپلىرىمىزگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ھەقىقىي ماھارەت، قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش جەھەتتە يەنىلا مەسىلە ئېغىر. نۆۋەتتىكى دەرس ئىسلاھاتى بۇ جەھەتتە بىر قىسىم ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىراق يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرس سېتكىسىغا قاراپ مۇنداق ئەھۋالنى كۆرەلەيسىز. تولۇقسىز ئۈچ يىللىقنىڭ ھەممىسىدە ئەمگەك تېخنىكىسى، ساغلاملىق، مۇزىكا، رەسىم قاتارلىق دەرسلەرنىڭ ئورنى بەلگىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىر قىسمىلىرى ئۆتۈلمەيدۇ. چۈنكى بۇ پەنلەر بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنمايدىغان ئادەتتىكى پەنلەر.

يەنە بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى يوق بولغاچقا، مىللىي مۇزىكىدىن قىلچە خەۋىرى يوق بىر ئوقۇتقۇچىنى دەرسلىك سائىتىنى توشقۇزۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. دەرس ئۆتۈشكە ئامالسىز قالغان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا «مۈشۈك بىلەن چاشقان» فىلىمىنى قويۇپ بېرىپ ۋاقىتنى توشقۇزغان. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىغان. دېمەك، بىزنىڭ ساپا مائارىپىنى ھەقىقىي ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن، تېخىمۇ

شۇنچىلىك ئۈمىدۋاركى، كەلگۈسىدە «ئالىم بولىمەن» دەپ جار سالالايدۇ. ۋۇجۇدىدىكى قىزغىنلىق ئۇلارنىڭ گۈزەل - ئارزۇ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس ئېنېرگىيە بولالايدۇ. ئۇلار ئاسماندا ئۈچۈۋاتقان لەگلەككىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇلار يېتەكلەشكە موھتاج. لەگلەكنىڭ يىپىنى قويۇۋەتسە قاياققىدۇر غايىب بولۇپ، چىڭ تارتىۋەتسە ئۈزۈلۈپ كەتكەنگە ئوخشاش، ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىگە ماس ھالدىكى تەربىيە ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. بىراق، كۆز ئالدىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلاردا شۇ باسقۇچتىكى بالىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك جۇشقۇنلۇق ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ كەملىكىنى بايقايمىز. «خولۇپ» كېلىپ قالغان مەكتەپ فورمىسىنىڭ ئىچىدە روھسىز كېتىپ بارغان ئوقۇغۇچىلار بىزگە يىپى چىڭ تارتىلغان لەگلەكچىنى ئەسلىتىدۇ. مەن يېقىندا تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 16 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 20 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر قېتىملىق پىسخىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردىم. 400 نەپەر ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلدى. تەكشۈرۈش تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىقتىن، تولۇق ئۈچىنچى يىللىققىچە بولغان بەش يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تۆۋەندىكى 28 چوڭ سوئال، 99 تۈر ئىچىدىن تاللاش شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى.

1. ئۈنىۋېرسال ساپاغا ئىگە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتە ئالدى بىلەن تەكىتلىنىدىغىنى ئىدىيەۋى ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيەلىنىش. ئۇنداقتا، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە ئىدىيەۋى ئەخلاق دەرسىنىڭ تۇتقان ئورنى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

(1) ئىدىيەۋى ئەخلاق دەرسى رەسمىي دەرسلىك قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. بىراق دەرسلىك مەزمۇنى كونا، قايىل قىلىش كۈچى ئاجىز؛

(2) ئوقۇتقۇچى ئەتراپلىق چۈشەندۈرىدۇ. بىراق، مەسئۇلىيەتچانلىقى تۆۋەن. ئوقۇغۇچى سىنىپتىن چىققاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىنىڭ نېمە دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؛

(3) ئوقۇتقۇچى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ جانلىق سۆزلەيدۇ. سۆزلەنگەن مەزمۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان؛

2. ئوقۇتقۇچى بىلەن ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدىكى قارىشى ئوخشاش بولمىغاندا قايسىسىنىڭ قارىشى بويىچە ئىش قىلىسىز؟

(1) قايسىسىنىڭ توغرا بولسا شۇنى تاللايمەن؛

(2) قايسىسىنىڭ قارىشى مېنىڭ قارىشىم بىلەن يېقىن بولسا شۇنى تاللايمەن؛

(3) ئىككىلىسىنى تاللىمايمەن؛

3. سىز چوڭ كۆرىدىغان كىشىلەر:

(1) ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى؛

(2) چوڭ كارخانىچى؛

(3) داڭلىق سەنئەتكار؛

(4) پەن ـ تېخنىكا خادىمى؛

(5) زىيالىيلار.

4. بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىگە باھا بېرىشتىكى ئاساسىڭىز:

(1) مەردلىك؛

(2) ئەخلاقلىق؛

(3) باشقىلار ئالدىدا ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش؛

(4) سەمىمىي؛

(5) كەڭ قورساق؛

(6) چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش.

5. ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى:

(1) دوستانە مۇناسىۋەت؛

(2) باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى؛

(3) بىرقەدەر دوستانە مۇناسىۋەت؛

(4) دوست بىلەن دۈشمەننىڭ مۇناسىۋىتى.

6. ئوقۇتقۇچىنىڭ سىزگە قالدۇرغان تەسىرى:

(1) كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلار كىتابتىكى دەرسنى ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ؛

(2) ئوقۇغۇچىغا ھەقىقىي كۆيۈنمەيدۇ؛

(3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممە ئىشىغا ئارىلىشىپ ئەركىنلىك بەرمەيدۇ؛

(4) ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوستانە ئۆتەلەيدىغان، دەرسنى ياخشى سۆزلەيدىغان ئوقۇتقۇچى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى.

7. ئەگەر بىرەر ساۋاقداشىڭىز خاتالىق سادىر قىلىپ قالسا:

(1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدىلا ئوقۇتقۇچىغا ئاشكارىلايمەن، بۇنىڭ خىجىل بولغۇدەك يېرى يوق، دەپ قارايمەن؛

(2) ئامال بار يوشۇرۇپ قالىمەن؛

(3) كارىم يوق؛

(4) باشقىلار يوق چاغدا ئوقۇتقۇچىغا ئاشكارىلاپ قويىمەن.

8. سىنىپتا تۇرغاندا، ئەخلاقى تاشلىغان، پۈتۈنى ئۇستەلگە ئالغان ساۋاقداشلىرىڭىزنى كۆرسىڭىز:

(1) ئۆز ئەركىنلىكى، دەپ قارايمەن؛

(2) دەرھال رەددىيە بېرىمەن؛

(3) گەپ قىلمىغان بىلەن ئىچىمدە نارازى بولىمەن؛

(4) ھەممىمىز شۇنداق قىلىمىز.

9. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرەمدۇ؟

(1) بەزىدە؛

(2) دائىم؛

(3) ياق.

10. قانداق چاغدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنى تەنقىدلەيدۇ؟

(1) سەۋەبسىزلا تەنقىدلەپ كېتىدۇ؛

(2) ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇق ئىشلىمىگەندە؛

(3) ئوقۇغۇچىلار دەرس ئىنتىزامىنى بۇزغاندا.



11. دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇئامىلىسى:

(1) كارى يوق، قاتاردىن چىقىرىۋېتىدۇ؛

(2) كۆرسىلا تەنقىدلەپ كېتىدۇ؛

(3) باشقىلارغا يېتىشىۋېلىشقا ياردەم قىلىدۇ؛

(4) دائىم غۇرۇرىغا تېگىدۇ.

12. باشقا ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە ياكى نەتىجە قازانغانلىقىنى كۆرگەندە:

(1) ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىكىم كېلىدۇ؛

(2) ئاغزىمدا تەبرىكلەپ قويىمەن، مەندە ئۆتكۈنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ؛

(3) ئۇنى چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن.

13. سىزدە مەكتەپتىن زېرىكىش ھېسسىياتى بولۇپ باققانمۇ؟

(1) ئوقۇشتىن بىزار بولدۇم؛

(2) مەكتەپتە ئوقۇش بەك كۆڭۈللۈك، ئەزەلدىن بىزار بولۇپ باقمىدىم؛

(3) بەزىدە بىزار بولۇپ قالىمەن.

14. سىزنى ئوقۇشتىن بىزار قىلىدىغان ئىش:

(1) ئوقۇتقۇچى بىلەن ئەپ ئەمەس. ئوقۇتقۇچى كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيدۇ؛

(2) ئاتا ـ ئانام يۇقىرى نومۇر ئالالمىدىڭ، دەپ بېسىم قىلىدۇ؛

(3) ئۆتۈلگەن دەرسلىكلەر مەنىسىز بىلىنىدۇ. مېنى قىزىقتۇرالمايدۇ؛

(4) ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇناسىۋىتىم ئانچە ياخشى ئەمەس، شۇڭا مەكتەپكە بارغۇم كەلمەيدۇ.

15. دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە بولغان پوزىتسىيەڭىز:

(1) باشلامچى بولۇپ قاتنىشىمەن؛

(2) پائالىيەتلەرگە تەشكىللىسە، قاتنىشىپ قويىمەن؛

(3) دەرستىن سىرتقى پائالىيەتنى تەشكىللەش ئەمەس، قاتنىشىشقىمۇ ۋاقتىم يوق، دەرس بېسىمى ئېغىر؛

(4) پەقەتلا قىزىقمايمەن.

16. رىقابەتلەشتۇرۇپ سىنىپ ھەيئەتلىرىنى تاللاشتا:
(1) ئاكتىپلىق بىلەن تاللىشىمەن؛
(2) كارىم يوق، كىم بولسا بولۇۋەرسۇن؛
(3) سىنىپ ھەيئىتى بولۇشقا قىزىقمايمەن، سىنىپ ھەيئەتلىرىنى كۆزگە ئىلمايمەن.

17. سىز تەنقىدكە ئۇچرىغاندا ياكى نەتىجىڭىز تۆۋەن بولۇپ قالغاندا باشقىلارنىڭ تەسەللىسىنى قانداق چۈشىنىسىز:
(1) قەستەن ياخشىچاق بولۇۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؛
(2) ئىچىشقان يەرگە تۇز سېپىۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن؛
(3) مەن تەسەللىگە موھتاج ئىدىم. كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىكەن، دەپ قارايمەن.

18. ئوقۇتقۇچى ياكى ئاتا - ئانىڭىز ئۆگىنىش قىل، مۇھەببەتلەشمە، ئويۇنغا بېرىلمە، دەپ نەسىھەت قىلسا:
(1) نەسىھەتنى قۇلىقىمدا ساقلايمەن، ماڭا پايدىلىق دەپ قارايمەن؛
(2) قىل دېگەنىنى قىلغۇم كەلمەيدۇ. گېپىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قارشىلاشقۇم كېلىدۇ.

19. ساۋاقداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز:
(1) بىر - ئىككىلا يېقىن دوستۇم بار. باشقىلار بىلەن ئارىلاشقۇم كەلمەيدۇ؛
(2) ھەممە ئوقۇغۇچى بىلەن ئاساسەن چىقىشىپ ئۆتىمەن؛
(3) ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئالاھىدە يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىم يوق، بەك ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن.

20. ئۆگىنىش ئىرادىڭىز:

(1) تىرىشىپ ئۆگىنىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئويلايمەن. بىراق ئۆگىنىش قىلىشقا ئىرادەم كەمچىل. شۇڭا نەتىجەم بىردە ئۆرلەپ، بىردە چۈشۈپ تۇرىدۇ؛

(2) ئىزچىل تىرىشىپ ئۆگىنىمەن؛

(3) ئۆگىنىش ئىرادەم ئاجىز. بەربىر يېتىشەلمەيمەن، دەپ قارايمەن.

21. يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش نىشانىڭىز:

(1) يۇقىرى ئوقۇش ھەققى سەۋەبلىك ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان مەكتەپ ۋە كەسىپتە ئوقۇيالماسلىقىم مۇمكىن؛

(2) ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان، قىزىقىدىغان كەسىپتە ئوقۇغان بىلەن خىزمەتكە تەقسىم قىلمايدۇ. شۇڭا بازارلىق بىرەر كەسىپنى تاللاپ ئوقۇيمەن؛

(3) يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇغانىنىڭ نېمە پايدىسى، مەكتەپ پۈتكۈزۈپ ئاستا بىرەر يەردىن خىزمەت تېپىپ، ياكى كۇرسلاردا ئوقۇپ ئازراق كەسىپ ئىگىلەپ ئىشلەپ پۇل تاپسام بولدى؛

(4) ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇش ھەققى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرەكلىك ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

22. ئوقۇش تارىخى بىلەن ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز:

(1) ئوقۇش تارىخى قانچە يۇقىرى بولسا، كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان كىرىم شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ؛

(2) ئوقۇش تارىخى بىلەن كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ ئوڭ تاناسىپ بولۇشى ناتايىن؛

(3) جەمئىيەتتە تۈزۈكرەك ئوقۇماي پۇل تېپىپ

كېتىۋاتقانلار سانداك. شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق.

23. ئوقۇشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىڭىز:
(1) ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش؛
(2) ئۆز ساپايىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛
(3) ئالاھىدە مەقسىتىم يوق، ھەممە باللار ئوقۇيدىكەن، باشقا تاللاش يولۇم يوق، شۇڭا ئوقۇۋاتىمەن.
24. كەلگۈسىدىكى نىشانىڭىز:
(1) ئىللىق ئائىلە قۇرۇپ خاتىرجەم ياشاش؛
(2) كەسپىگە ئۆزۈمنى بېغىشلاپ، ئىچكىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش؛
(3) رىقابەت بىلەن تولغان تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىمەن. تۈرلۈك رىقابەتلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ياشايمەن؛
(4) بۇنى ئويلىشىپ باقمىدىم.

25. بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا:
(1) ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى خالايمەن؛
(2) ئاتا - ئانامنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى خالايمەن؛
(3) دوستلىرىمنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى خالايمەن؛
(4) ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىنى ياقتۇرمايمەن.

26. سىزگە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى:
(1) ئاتا - ئانام؛
(2) ساۋاقداشلىرىم؛
(3) دوستلىرىم؛

(4) ئوقۇتقۇچۇم؛
(5) ھېچكىم.

27. مەكتەپ فورمىسىنى:
(1) كىيىشنى خالايمەن؛
(2) خالىمايمەن.

28. قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشاش فورما كىيىشىگە بولغان قارىشىڭىز:
(1) قىز ـ ئوغۇللۇق پەرقىنى ئاجىزلىتىۋەتتى. مۇناسىۋەتتە كۆپ ھاللاردا قىزلار ئۆزىنىڭ قىزلىقىنى، ئوغۇللار ئۆزىنىڭ ئوغۇللۇقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؛
(2) ئۇ بىزنىڭ ئاددىي ـ ساددا بولۇشىمىزغا ۋە ھەرىكەت قىلىشىمىزغا قولايلىق. شۇڭا بىزگە مۇۋاپىق؛
(3) ئوغۇل ـ قىزلار ئۇچۇن ئايرىم ـ ئايرىم، روھلۇق كۆرسىتىدىغان، ھەم يارىشىملىق مەكتەپ فورمىسى تارقىتىلىشى كېرەك، ئىدى.



تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ.

1. كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇشتىن زېرىكىش پسىخىكىسى مەۋجۇت.

ئوقۇشتىن بىزار بولۇش ھېسسىياتى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ، سىزدە ئوقۇشتىن زېرىكىش ھېسسىياتى بولۇپ باققانمۇ؟ دېگەن سوئالغا 73% ئوقۇغۇچى «كۆپ ھاللاردا ئوقۇشتىن بىزار بولۇش ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. 7% ئوقۇغۇچى «ئوقۇشتىن ئىنتايىن بىزار بولىدۇم» دېگەن. پەقەت 20% ئوقۇغۇچى

«مەكتەپ بەك كۆڭۈللۈك، ئوقۇشتىن بىزار بولمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن زېرىكىشى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان ئاساسىي ئامىل. 73% ئوقۇغۇچىنىڭ «كۆپ ھاللاردا ئوقۇشتىن بىزار بولۇپ قېلىشى»، 7% ئوقۇغۇچىنىڭ «ئوقۇشتىن ئىنتايىن بىزار بولۇشى» بىزنى ئەندىشىگە سالىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشتىن زېرىكتۈرىدىغان ئامىلنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1) ئىمتىھاننىڭ ئوقۇغۇچىلارنى باھالاشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىنىشى.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 30% ئوقۇغۇچى: «ئاتا - ئانام ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالالمىدىڭ» دەپ بىسىم قىلىدۇ، شۇڭا ئوقۇشتىن بىزار دەپ جاۋاب بەرگەن. 41% ئوقۇغۇچى: «ئوقۇتقۇچى تاپشۇرۇق ئىشلىمىگەن، ئىمتىھان نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنى تەنقىد قىلىدۇ» دېگەن. ئوقۇتقۇچى دەرستە ئارقىدا قالغان، ئىمتىھان نەتىجىسى تۆۋەن ئوقۇغۇچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا 17% ئوقۇغۇچى: «كارى يوق، قاتاردىن چىقىرىۋېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمتىھان نەتىجىسى، ئادەتتىكى تاپشۇرۇق ئىشلەش ئەھۋالىغا قاراپلا ئوقۇغۇچىغا «ياخشى ئوقۇغۇچى»، «ناچار ئوقۇغۇچى» دەپ باھا بېرىش، ئەمەلىيەتتە، ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز قەدىر - قىممىتىنى، ئىقتىدارىنى ئىمتىھان نەتىجىسىگە باغلايدىغان، ۋۇجۇدىدىكى ئاكتىپ ئامىلنى ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەن چەكلەيدىغان يېشىنكىنى پەيدا قىلىدۇ.

2) ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقى؛

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 20% ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئەپ ئەمەسلىكىدىن ئوقۇشتىن بىزارلىق ھېس قىلىدىكەن. 23% ئوقۇغۇچى «ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى» دەپ قارايدىكەن. 19% ئوقۇغۇچى «ئوقۇتقۇچى داۋاملىق دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ» دېگەن. «ساۋاقداشلىرىم بىلەن مۇناسىۋىتىم ئانچە ياخشى ئەمەس، شۇڭا مەكتەپكە بارغۇم كەلمەيدۇ» دېگەن ئوقۇغۇچىنىڭ نىسبىتى12% كە يەتكەن. «ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا تەن جازاسى بېرەمدۇ؟» دېگەن سوئالغا 34% ئوقۇغۇچى«بەزىدە بېرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. 12% ئوقۇغۇچى «ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا ھەقىقىي كۆيۈنمەيدۇ»، 30% ئوقۇغۇچى «ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممە ئىشىغا ئارىلىشىپ، ئەركىنلىك بەرمەيدۇ» دەپ قارايدىكەن.

ئوقۇغۇچىلار بىلىم بۆشۈكى بولغان مەكتەپتە كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشەلمىسە، بىلىم ئېلىش جەريانى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئازابلىق جەريانغا ئايلىنىدۇ. يۇقىرىقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى: ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئەمەس، باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچى مۇناسىۋىتى بولۇشى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە كۆيۈنمەسلىكى ياكى ئۆزىنىڭ كۆيۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرالماسلىقى، بۇنىڭدىن باشقا ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن بىزار قىلدۇرىدۇ. بۇ خىل شارائىتتا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا تەن جازاسى بېرەمدۇ؟ دېگەن سوئالغا 34%

ئوقۇغۇچىنىڭ «بەزىدە تەن جازاسى بېرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشى بىزنى ئەندىشىگە سالىدۇ.

3) ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقتۇرالماسلىقى.

تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 39% ئوقۇغۇچى «ئۆتۈلگەن دەرسلىكلەر مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز بىلىنىدۇ، مېنى قىزىقتۇرالمايدۇ»، 27% ئوقۇغۇچى «كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچى كىتابتىكى مەزمۇننى ئەينەن ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلالمايدۇ» دەپ قارايدىكەن. ئىدىيەۋى ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئالدى بىلەن تەكىتلىنىدىغان مەسىلە. ئىدىيەۋى ئەخلاق دەرسىنىڭ ئۆتۈش شەكلىگە 53% ئوقۇغۇچى «دەرسنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى تۆۋەن، ئوقۇغۇچىلار سىنىپتىن چىققاندىن كېيىنلا ئوقۇتقۇچىنىڭ نېمە دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ»، 18% ئوقۇغۇچى «دەرسلىك مەزمۇنى كونا، قايىل قىلىش كۈچى ئاجىز» دەپ قارايدىكەن.

ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك مەزمۇنىغا باشلاپ كىرىش ياكى كىرەلمەسلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. دەل مۇشۇ نۇقتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 39% ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆتۈلگەن دەرسلىكلەرنى مەنىسىز ھېس قىلىشى، 27% ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسلىكنىڭ ئۆتۈلۈش شەكلىدىن نارازى بولۇشى، ئۇنىڭدىن باشقا «ئىدىيەۋى ئەخلاق دەرسىنى ئۆتكەننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايۋاتىدۇ» دەپ قارىغۇچىلارنىڭ تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان

ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىشى دىققىتىمىزنى تارتىشى كېرەك.

2. ئۆز ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىش پىسخىكىسى.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئاتا - ئانىڭىزنىڭ مەلۇم مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىدا پەرق بولسا قايسىسىنى تاللايسىز؟ دېگەن سوئالغا 58% ئوقۇغۇچى «قايسىسىنىڭ توغرا بولسا شۇنى تاللايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە تەشكىللەشنى خالامسىز؟ دېگەن سوئالغا 57% ئوقۇغۇچى «دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە باشقىلار تەشكىللىسە قاتنىشىپ قويىمەن، ئۆزۈم باش بولۇپ تەشكىللىمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. سىنىپ ھەيئىتى بولۇشنى خالامسىز؟ دېگەن سوئالغا 51% ئوقۇغۇچى «خالىمايمەن، كىم بولسا بولۇۋەرسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەن. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا «ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى خالايمەن» دېگۈچىلەر 16% نى، «ئاتا - ئانامنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى خالايمەن» دېگۈچىلەر 28% نى، «دوستلىرىمنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى خالايمەن» دېگۈچىلەر 33% نى، «ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دېگۈچىلەر پەقەت 24% نى تەشكىل قىلغان.

58% ئوقۇغۇچىنىڭ «ئاتا - ئانام ياكى ئوقۇتقۇچىنىڭ مەلۇم مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىدا پەرق بولسا قايسىسىنىڭ توغرا بولسا شۇنى ياقلايمەن» دېيىشى بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا - خاتانى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنىڭ ئانچە يۇقىرى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مەسىلىلەرگە مۇستەقىل باھا بېرىش، ئۆز پىكرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش روھىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلاردا مەلۇم مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئاتا ـ ئانىسى، ئوقۇتقۇچىسىغا ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇدەك ئىقتىدار شەكىللىنىپ بولىدۇ. دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ۋە قاتنىشىشقا قىزىقماسلىق، سىنىپ ھەيئىتى بولۇپ مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى خالىماسلىق، مەسىلىگە يولۇققاندا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە تەشنا بولۇش ئوقۇغۇچىلاردىكى ئۆز ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىش پسىخىكىسىدىن كېلىپ چىققان. يامان يېرى شۇكى، بۇ خىل پسىخىكا شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار پۈتكۈل ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدا ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ، بۇ خىل پسىخىكا ئوقۇغۇچىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.



3. خاراكتېرى ئاجىز.

ئىمتىھان مائارىپى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەييارلىق مائارىپىغا، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشتىكى تەييارلىق مائارىپىغا ئايلاندۇرغان. بۇ خىل ئۇزۇن مەزگىللىك جىددىي تەييارلىق ھالىتىدىكى ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلارنى روھىي جەھەتتە جىددىيلەشتۈرۈپ ئۇلارنى ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، دىققىتىنى بىر نۇقتىغا ئاسان يىغالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 94% ئوقۇغۇچى «سىز تەنقىدكە ئۇچرىغاندا ياكى نەتىجىڭىز تۆۋەن بولۇپ قالغاندا باشقىلارنىڭ تەسەللىيسىگە قانداق قارايسىز؟» دېگەن سوئالغا «مەن تەسەللىيگە موھتاج ئىدىم، كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىكەن، دەپ قارايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ جاۋاب بىزگە نورمالدەك تۇيغۇ بېرىدۇ، لېكىن ئىنچىكە تەھلىل

قىلساق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىكىسىدىكى ئاجىزلىقنى بايقايمىز. ئەگەر ئوقۇغۇچى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا باشقىلارنىڭ تەسەللىسىگە ئېرىشەلمىسىچۇ؟ مەسىلە شۇ چاغدا ئاشكارىلىنىدۇ. روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياج بىلەن رېئاللىق ماس كەلمىگەندە ئىچى تىتىلداش، پىكرىنى بىر نۇقتىغا يىغالماسلىق، غەزەپلىنىش كەيپىياتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان 94% ئوقۇغۇچىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا روھىي جەھەتتە باشقىلارنىڭ تەسەللىسىگە موھتاج بولۇشى بىزگە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان يوشۇرۇن خەۋپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكارىلايدۇ. ئوقۇغۇچىلاردا يولۇققان مەسىلىلەرنى ئۆزى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلەيدىغان، ئۆز كەيپىياتىنى ئۆزى تەڭشىيەلەيدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىغا، غورۇرىغا ھۆرمەت قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىدا ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزۇش زۆرۈر. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب يۈلىنىۋېلىش پىسخىكىسى، ئادەتتە ئۆز ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

4. قارشىلىشىش پىسخىكىسى.

بۇ خىل پىسخىكا ئەتراپتىكى كىشىلەردىن بىزار بولۇش، يىراقلىشىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل پىسخىكىدىكى ئوقۇغۇچىلار ساۋاقداشلىرىنىڭ ياردىمىنى ئۆزىگە پايدىسىز، دەپ قارايدۇ، ئاتا ـ ئانا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى ئىش قىلىدۇ. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە «ئوقۇتقۇچى ياكى ئاتا ـ ئانىڭىز ئۆگىنىش قىل،

كتاب تورى turkitap.com

مۇھەببەتلەشمە، ئويۇنغا بېرىلمە دەپ نەسىھەت قىلسا قانداق قىلىسىز؟» دېگەن سوئالغا 26% ئوقۇغۇچى «قىل دېگەنسېرى قىلغۇم كەلمەيدۇ، توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قارشىلاشقۇم كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. «ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن دوستلۇق ھېسسىياتىڭىز قانداق؟» دېگەن سوئالغا 21% ئوقۇغۇچى «ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئالاھىدە يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىم يوق. بىر، ئىككىسى بىلەن يېقىن ئۆتىمەن، باشقىلار بىلەن ئارىلاشقۇم كەلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. «باشقا ساۋاقداشلار نەتىجە قازانغاندا ياكى سىزدىن ئېشىپ كەتكەندە قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز؟» دېگەن سوئالغا 55% ئوقۇغۇچى «ئاغزىمدا تەبرىكلەپ قويىمەن، ئىچىم ئاچچىق بولۇپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا سەل قاراپ، نوقۇل نەتىجە قوغلىشىش، باھا بەرگەندە شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالاھىدىلىككە قاراپ ئەمەس، نەتىجىسىگە قاراش. بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە باشقىلارنى ئىنكار قىلىش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئوقۇتقۇچىسى ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

5. ئۆز غايىسى ئۈچۈن ئىزچىل كۈرەش قىلىش روھى كەمچىل.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 73% ئوقۇغۇچى «تىرىشىپ ئۆگىنىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئويلايمەن، بىراق ئىزچىل تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىرادەم ئاجىز، شۇڭا نەتىجەم بىردە ئۆرلەپ بىردە چۈشۈپ تۇرىدۇ» دېگەن.

10% ئوقۇغۇچى «تىرىشساممۇ بىكار، بەربىر يېتىشەلمەيمەن» دەپ قارىغان. يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش نىشانى ھەققىدە سورالغان سوئالغا 31% ئوقۇغۇچى «ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان كەسىپنى تاللاپ ئوقۇغىنىمنىڭ پايدىسى يوق، بەربىر خىزمەتكە تەقسىم قىلمايدۇ. شۇڭا بازارلىق كەسىپتىن بىرنى تاللاپ ئوقۇيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. 22% ئوقۇغۇچى «يۇقىرى ئوقۇش ھەققى سەۋەبلىك ئارزۇ قىلغان مەكتەپتە ئوقۇيالماسلىقىم مۇمكىن» دېگەن.

73% ئوقۇغۇچىدا ئىزچىل تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىرادىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆز كەلگۈسىنى يارىتىش ئىشەنچىسىنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ «قىزىقىدىغان كەسىپنى تاللىماي، بازارلىق كەسىپنى تاللاپ ئوقۇيمەن» ۋە «يۇقىرى ئوقۇش ھەققى سەۋەبلىك كۆڭلۈمدىكى مەكتەپكە بارالمايمەن» دەپ قارىشى بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ مائارىپ تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىشى كېرەك.

### 6. نام - ئابروي، بايلىققا چوقۇنۇش خاھىشى يۇقىرى

كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزلىرى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان، چوڭ كۆرىدىغان كىشىلەر توپىنىڭ پىكىر قىلىش ئادىتى، ياشاش شەكلىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا دورايدۇ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان 25% ئوقۇغۇچى داڭلىق سەنئەتچىلەرنى، 24%

ئوقۇغۇچى چوڭ كارخانىچىلارنى چوڭ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى چوڭ كۆرىدىغانلار 15%، زىيالىيلارنى چوڭ كۆرىدىغانلار 17%، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى چوڭ كۆرىدىغانلار 19% بولغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەن - تېخنىكا خادىمى، داڭلىق زىيالىيلار، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىغا چوقۇنۇش نىسبىتى داڭلىق سەنئەتچىلەر، داڭلىق كارخانىچىلارغا چوقۇنۇش نىسبىتىدىن تۆۋەن بولغان.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چوقۇنىدىغان، چوڭ كۆرىدىغان كىشىلىرىگە قاراپ ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىدە ۋە كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزۈمچىلىك، شەكىلۋازلىق خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە پىلتە بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى جەمئىيەتتىكى داڭلىق زىيالىيلار، داڭلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇش، ئىدىيە، كۆز قاراشلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇش، تەھلىل قىلدۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنى جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەشتەك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

7. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە باشقىلارغا ئاسانلا ئازار بېرىدۇ.

ئادەم باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەخلاق قارىشىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇڭا ئۇسۇپ يېتىلىش دەۋرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ساغلام كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشىنى سىڭدۈرۈش، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنى ساغلام كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادىتىگە

يېتەكلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 13% ئوقۇغۇچى «ساۋاقداشىم خاتالىق سادىر قىلسا باشقىلارنىڭ ئالدىدىلا ئوقۇتقۇچىغا ئاشكارىلاپ قويىمەن» دېگەن. 11% ئوقۇغۇچى «باشقىلار يوق چاغدا ئوقۇتقۇچىغا ئاشكارىلاپ قويىمەن» دېگەن.

دېمەك، ساۋاقداشلىرى خاتالىق سادىر قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدىلا ئوقۇتقۇچىغا «چېقىمچ» قويىدىغان، ئوقۇتقۇچىغا ئايرىم دوكلات قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 11%، 13% بولۇشىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئېتىقادىدا مەسىلە بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىدىيەۋى ئەخلاق دەرسىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سەنئىتىگە ئالاقىدار مەزمۇن ئوقۇغۇچىلارغا يەنىمۇ چوڭقۇر سىڭدۈرۈلۈشى كېرەك.



8. مەكتەپ فورمىسىنىڭ قىز - ئوغۇللار ئۈچۈن ئوخشاش لايىھەلىنىشى ساغلام خاراكتېرنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىسىز.

بىر ئادەمنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىن شۇ ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى مەلۇم دەرىجىدە ھېس قىلغىلى بولىدۇ. كۆڭلىگە ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان، ئوغۇل، قىزلىق پەرقى بولغان مەكتەپ فورمىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاس خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 59% ئوقۇغۇچى «مەكتەپ فورمىسى كىيىشنى خالىمايمەن» دېگەن. 41% ئوقۇغۇچى مەكتەپ فورمىسى كىيىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. «قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشاش فورما كىيىشىگە بولغان قارىشىڭىز قانداق؟» دېگەن سوئالغا تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «مەكتەپ فورمىسى

قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا لايىھەلەنگەن بولۇشى ھەممە روھلۇق كۆرسىتىدىغان، يارىشىملىق بولۇشى كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇنىڭدىن شۇنى مۆلچەرلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ فورمىسى كىيىشنى خالايدىكەن. ئەمما مەكتەپ فورمىسىنىڭ يارىشىملىق، ئۆزىنىڭ جىنسىغا ماس كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇ مەسىلە ھەقىقەتەن مەكتەپلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاشقا ئەرزىگۈدەك مەسىلە.

نۆۋەتتە، ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى يۇقىرى، مەدەنىيەت تەربىيەسى كۆرگەن، كەسپىي جەھەتتە يېتىشكەن، جىسمانىي ۋە پسىخىك ساپاسى يۇقىرى ساپالىق ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت شۇئار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ، مائارىپنىڭ يېتىدىغان نىشانى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ نىشان دەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىگە ماس كېلىدىغان نىشان. بىراق، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىزگە جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتە پەقەت بۇنداق شۇئارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دەرسلىكلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى، «جەمئىيەتكە كېرەكلىك ئىختىساسلىقلار سىنىپقا قاماپ، رىجىم ئاستىدا كاللىسىغا بىلىم قاچىلاش بىلەن بارلىققا كېلەمدۇ؟» ياكى «ئازادە، ساغلام ئوقۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلەمدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش، مەسىلىنى تېپىش بىلەنلا قالماي، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئاشكارىلىدى. قارايدىغان بولساق، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى كۆنسېرى ياخشىلىنىۋاتقان بولسىمۇ،

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تەجرىبە، پائالىيەت سورۇنى تار بولۇشتەك مەسىلە ھەل قىلىنمىدى. مائارىپنىڭ باھالاش مېخانىزمىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنى، ھەتتا مەكتەپنى باھالاش ئەھۋالى مەۋجۇت. ئوقۇغۇچىلار ھېلىمۇ كىتابتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قېزىپ شۇ بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەشكە ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋاقتى ئاساسەن يېتىشمەيدۇ. چۈنكى ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تولۇق ئورۇندىمىسا، ئۇ لاياقەتسىز سانىلىدۇ. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە قاتنىشىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان شەكىللەۋازلىقلار تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. بۇ مەسىلىلەر ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەك. يىغىنچاقلىغاندا، بۈگۈنكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتنىڭ ئەتىكى قۇرغۇچىلىرى. بۇ بىرگە، مائارىپ ئەمەلىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا پايدىسىز ئامىللارنى جىددىي ئىسلاھ قىلىش، سۈپۈرۈپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىزگە چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

**تۆتىنچى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان كىرىزىس ھەققىدە ئويلىنىش**

ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگەنتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، شۇنداقلا ھۆكۈمەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى جەمئىيەتتە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تاپالماسلىق مەسىلىسىنى بارغانسىرى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ھازىر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ بىرنەچچە يىلغىچە خىزمەت تاپالماسلىق ئادەتتىكى ئىش. ئۇنىڭدىقتا، جەمئىيەت

240

ئىختىساسلىقلارغا تويۇندىمۇ ياكى مەكتەپلەر جەمئىيەتكە كىرەكلىك ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ چىقالمايۋاتامدۇ ۋە ياكى ئوقۇغۇچىلىرىمىز بوشاڭمۇ؟ بۈگۈنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتتە يېڭى - يېڭى كەسىپلەر بارلىققا كېلىۋاتقان، ھەرقايسى ساھەلەر رىقابەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزۈكسىز يېڭىلىق يارىتىۋاتقان، چوڭ شىركەتلەردىن تارتىپ، كىچىك دۇكانلارغىچە ئىختىساسلىقلارغا موھتاج بولۇۋاتقان دەۋردە تۇرۇۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئىختىساسلىقلارغا موھتاج. بۇ خىل ئىجتىمائىي رېئاللىق ئوقۇغۇچىلارغا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالىغۇدەك ئىقتىدار بولمىسا، شاللىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى ھېس قىلدۇرمايمۇ قالمىدى. ئالىي مائارىپىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۈنىڭدىمۇ ئۆزۈكسىز يۈكسىلىش بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداقتا، مەسىلە نەدە؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىش مەقسىتىدە ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزۈپ خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى زىيارەت قىلدىم، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. كارخانىچىلار، ئوقۇتۇش ۋە رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مائارىپچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

كىم بىزگە پۇرسەت بېرىدۇ؟

**زىيارەت ئوبيېكتى** ـ ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار.

«بىزنىڭ سىنىپتا 15 نەپەر ئۇرۇمچىلىك ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ھازىرغا قەدەر ئۈچ ئوقۇغۇچى تەكلىپ بىلەن ۋاقىتلىق خىزمەت ئىشلەۋاتىدۇ. قالغان 12 نەپىرىمىز ئائىلىدە خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئاڭلىشىمچە، يۇرتىغا قايتقانلارنىڭ ئىچىدىمۇ كۆپ قىسىملىرى ئائىلىدە خىزمەت كۈتۈپ

تۇرۇۋېتىپتۇ.» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتكۈزۈپ خىزمەت كۆتۈپ تۇرۇۋاتقان ماھىرە زىيارىتىمىنى قوبۇل قىلغاندا شۇنداق دېدى: ھازىر ھەدەم ئاچقان كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا قارىشىپ بېرىۋاتىمەن. 2004 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە كەسپىنى پۈتكۈزگەن نۇرئەخمەت مۇنداق دېدى: مەكتەپ پۈتكۈزۈشتىن بۇرۇن 4 ~ 5 قېتىم ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىغا قاتناشتىم. بىراق خىزمەت تاپالمىدىم. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن خىزمەت تېپىش ئۈمىدىم كۆپ ئۇككە ئايلانغاندىن كېيىن، شەخسىي شىركەتلەردە



ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا توپلىغان بىلىملىرىم، تەجرىبىلىرىم ئاساسىدا يېقىندا بىر كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزى قۇردۇم. تىجارىتىم يامان ئەمەس. ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىلىرى ئائىلىدە خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى تاللاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ تەلىيىنى سىناپ بېقىش. جىنەندىكى مەلۇم بىر ئادەتتىكى

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىنى پۈتكۈزگەن ئاينۇرمۇ مەكتەپ پۈتكۈزگەن 2 يىلدىن بۇيان ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن كۆپ قېتىم خىزمەت ئىزدەپتۇ. ئىمتىھانلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىغا قاتنىشىپتۇ. بىراق ھازىرغا قەدەر ئۆز ئارزۇسى بويىچە مۇقىم خىزمەت تاپالماپتۇ. ئۇ يېقىندا بىر نۆۋەتلىك ئىمتىھانلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا بارغانىكەن، ھەتتا مېھمانخانىلارنىڭ ئىشىكىدە تۇرىدىغان خىزمەتكىمۇ «بويى پاكار» دەپ قوبۇل قىلىنماپتۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: ھازىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تاپقان ئازغىنە ئىش ھەققى بىلەن تۇرمۇشۇمنى قامداۋاتىمەن. يۇرتۇم ئالتايغا قايتىپ كەتسەم، خىزمەت تېپىش ئېھتىمالىم تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ ئانام مېنى ئىچكىرىدە ئوقۇتىمەن، دەپ ئىقتىسادىي جەھەتتە جىق سورۇقچىلىق تارتتى. ئەمدى يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ «مېنى بېقىڭلار» دېيىشتىن نومۇس قىلىمەن. شۇڭا جاپا تارتسامم ئۈرۈمچىدە ئىشلەيمەن. ئۈرۈمچىدە بىزگە پۇرسەت كۆپ. مەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان يەنە ئىككى قىز بار. بىرى لەنجۇدا ئوقۇغان، يەنە بىرسى مەن بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ ئىككىسى بىر شەخسىي شىركەتتە ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتىدۇ. بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپىنى پۈتكۈزگەن ئادىلنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: ئۇ مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن كەسپىگە ماس كېلىدىغان بىرنەچچە ئورۇنغا خىزمەت ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ھەر نۆۋەت ئاڭلىغىنى «بىزگە ئىمتىھانسىلىق خادىم كېرەك، خىزمەت تەجرىبىسى بارلارنى قوبۇل قىلىمىز» بوپتۇ. ئۇ، ئەمدىلا مەكتەپ پۈتكۈزگەن تۇرسام، خىزمەت تەجرىبىسى خىزمەت قىلىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ، مەندە خىزمەتكە چىقماي تۇرۇپ خىزمەت تەجرىبىسى نەدىن كېلىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ھازىر تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان

كەسىپنى تاشلاپ، رېستوراندا كۇتكۇچىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ.

مەن زىيارەت داۋامىدا ئۇلارنىڭ خىزمەت مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە دىققەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسىملىرى ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت ئىزدەيدىكەن. خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا كۆپ قىسىملىرى قايتا ـ قايتا زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، خىزمەت ئىزدەشتىكى ئۆلچىمىنى بارغانسېرى تۆۋەنلىتىدىكەن. ئاخىر «جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدۇق» دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ، ئۈمىدسىزلىنىدىكەن، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ نەچچە ئون مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغىنىغا پۇشايمان قىلىدىكەن. بىر قىسىملىرى خىزمەت كۈتۈپ ئائىلىدە ئولتۇرىدىكەن. بۇ خىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچىلار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئادەتتە ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارغا ۋاكالىتەن خىزمەت ئىزدەيدىكەن ياكى خىزمەت مەسىلىسىنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىدىكەن. خىزمەت مەسىلىسى ھەل بولمىسا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئۇلاردىمۇ ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتى شەكىللىنىدىكەن. ئۇنداقلار ئىچىدە بىر تەرەپتىن خىزمەت كۈتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقىتلىق خىزمەت قىلىدىغانلارمۇ ئۇچرايدىكەن. كۆپىنچىلىرى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن مۇقىم خىزمەت تېپىشنى ئويلىغاچقا، ۋاقىتلىق قىلىۋاتقان خىزمىتىنى ئادەتتە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشتىكى ۋاسىتە، دەپ قاراپ، بۇ جەرياندا ئۆزىدىكى كەم تەرەپلەرنى تولۇقلاشقا سەل قارايدىكەن. بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىگۈچىلەر بولسا قانداق خىزمەت قىلسا، شۇنىڭدىن ئاز ـ تولا مەنپەئەت ئېلىشنى ئويلايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرىنىڭ پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسى كۈچلۈك بولىدىكەن. ئالىي

244

مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يەنىلا ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. ئىش كۆتۈپ تۇرۇۋاتقانلار ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلەنچۈكسىز قالغانلىرى ئاز بولۇپ، ھازىر مەكتەپ پۈتكۈزۈپلا خىزمەت تاپالماسلىقنى «نورمال ئىش» دەپ قارايدىغانلار خېلى كۆپىيىپ قالغان. كۆپىنچىلىرى ئۈمىدسىزلەنسىمۇ، يەنىلا بىر مەزگىلدىن كېيىن مۇۋاپىق خىزمەت چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئىشىنىدىكەن. زىيارەت قىلغانلارنىڭ كۆپ قىسمى پەقەت نىسبەتەن مۇقىم خىزمەت بولسىلا قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى كەسىپنى قىلماسلىققىمۇ رازى ئىكەن. خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ياشاش شەكلىدىن نارازى بولۇپ، ئۇلار ئاررۇسىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىدىكەن. زىيارەت داۋامىدا شۇنى بايقىدىمكى، خىزمەت كۈتۈشتىن ئىبارەت ئالاھىدە تۇرمۇش شەكلىنىڭ بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئاكتىپ قاتنىشىش ئىرادىسىگە كۆرسىتىدىغان پاسسىپ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى جەمئىيەتتىكى ئارتۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئىرادىسى بارغانسېرى تۆۋەنلەيدىكەن.

ئىقتىساد تەرەققىي قىلغانسېرى جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى. 2005 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇمىي

ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ مىلياردقا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلىنىۋاتىدۇ. بۇ 2000 ـ يىلىدىكىدىن 59% ئارتۇق. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادى يىلىغا 9.6% سۈرئەت بىلەن ئېشىشتەك نەتىجىنى ياراتتى. بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەنتىق جەھەتتىن، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى شۇنچە كۆپەيسە بولاتتى. نېمە سەۋەبتىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى يىلدىن ـ يىلغا تەس بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ؟



«ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا خىزمەت ئورنى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا ئىختىساسلىق خادىم كېرەك.»

**زىيارەت ئوبيېكتى ـ شىنجاڭ ئالامەت بىيوتېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى نىجات ئابدۇرېھىم.**

**سىز مىللى كارخانىچىلار ئىچىدە زامانىۋى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بويىچە كارخانا باشقۇرۇش يولىغا ئەڭ دەسلەپ قەدەم باسقان كارخانىچىلارنىڭ بىرى. سىز بۈگۈنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس بولۇش مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟**

**نىجات ئابدۇرېھىم:** ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس بولۇش مەسىلىسىگە تاقىلىدىغان تەرەپلەر خېلى كۆپ. مەن پەقەت ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىش جەريانىدا ھېس

nurkitap.com



قىلغانلىرىمنى بايان قىلىمەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىركەت كۆلىمىنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشى، كەسپىي ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كۆپلەپ تاللاپ قوبۇل قىلدۇق. مېنىڭ ھېس قىلغىنىم شۇ بولدىكى، بۈگۈنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېڭى تېخى جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش رېئاللىقىغا ماسلىشىپ بولالماپتۇ. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، بىز قوبۇل قىلغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەيدىغانلار، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىزدىنىدىغانلار، تىرىشىدىغانلار ناھايىتى ئاز. كۆپ قىسىملىرى يىل ئاخىرىدا ئېلىنىدىغان ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى تاللاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇشنى ئويلىغاچقا، خىزمەتنى تازا بېرىلىپ ئىشلىمەيدۇ. ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارى بىرقەدەر كەمچىل، شىركەتكە قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە كومپيۇتېر كەسپىدە بەش يىل ئوقۇپ تۇرۇقلۇق شىركەتنىڭ ئادەتتىكى تور بېتىنى لايىھەلەپ ياسىيالمايدىغان، ھەتتا ئۇيغۇرچە خەت ئۇرۇشنى بىلمەيدىغانلارنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خىزمەت لايىھەسى يېزىش، پىلانلاش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئاجىز ئىكەن. قىسقىسى، كۆپ قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت قىلىش ئارزۇسى كۈچلۈك، ئەمما ئۇلار بۈگۈنكى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ خىزمەت تاپىدىغان دەۋردە ئۆزلىرىدە قانداق ساپانى ھازىرلاشنى تېخى تولۇق بىلىپ يەتمىگەندەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىشىنىڭ تەس بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

**سىزنىڭچە، بۈگۈنكى دەۋر ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟**

**نىجات ئابدۇرېھىم:** شىركىتىمىز ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىدىيەسىنى توغرىلاش مەقسىتىدە تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى. مەن بۇ جەرياندا ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن 60% ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمەت تېپىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، 20% ئوقۇغۇچىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشلىگەچ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئورۇنلىشىشنى ساقلايدىغانلىقىنى، پەقەت 5% ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭلا ئۆزلۈكىدىن ئىگىلىك تىكلەش يولىغا ماڭىدىغانلىقىنى، قالغانلىرىنىڭ داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇش يولىنى تاللايدىغانلىقىنى ئىگىلىدىم. بۇ، ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ مۇستەقىل ياشاش، ئۆزىگە ئىشىنىش روھىنىڭ ئىنتايىن كەمچىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئۆزىدە رىقابەت ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان، ئۆزىنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ، شۇ بويىچە ئىلگىرىلىيەلەيدىغان، ئۆز كەلگۈسىنى ئۆزى پىلانلىيالايدىغان ئىستۇدېنتلار مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن گاڭگىراپ قالمايدۇ. ئالىي مەكتەپكە نىشانسىز كېلىپ، نىشانسىز كېتىش، ئۆزىگە نېمىنىڭ كېرەكلىكىنى بىلمەي تۇرۇپلا مەكتەپ پۈتكۈزۈش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ پاجىئەسى. بۈگۈنكى دەۋر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشنى، غايىلىك، پىلانلىق، شۇنداقلا ئەقىللىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ: «شەخسىي كارخانىلاردا ئىشلىسەك ئىش ھەققىمىز كاپالەتكە ئىگە ئەمەس، ئەمگىكىمىزگە يارىشا ئىش ھەققىگە ئېرىشەلمەيمىز، بىر قىسىم كارخانىچىلار ئەسلىي ئۇششاق تىجارەتچىلەر بولغاچقا، ئىختىساسلىقلارنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ، ئۇنداق جايلاردا ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارى زايە بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟**

**نىجات ئابدۇرېھىم:** ھازىر ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردا پۇرسەت بىرقەدەر كۆپ. بۇنداق كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمىلىرى يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلار بولغاچقا، ئىختىساسلىقلارغا، شۇنداقلا مۇقىم خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان تىرىشچان، مەسئۇلىيەتچان، ئىقتىدارلىق خادىملارغا موھتاج. بىراق ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە مەسىلە يوق ئەمەس. خىزمەت ئىزدەپ كەلگەنلەرنى بىر مەزگىل ئىشلىتىپ ھەق بەرمەي قايتۇرۇش ياكى تۆۋەن ھەق بېرىش، جەمئىيەتكە يېڭىدىن قەدەم باسقان ئىستۇدېنتلارغا خىزمەت مۇھىتىغا ماسلىشىشقا ۋاقىت بەرمەستىن، ئۇلارنى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قاتارغا چىقىرىش، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، بىر قىسىم كارخانىلاردا ئائىلە پۇرىقى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق تەرەپلەر يېڭى مەكتەپ قويىنىدىن چىققان ئىستۇدېنتلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشى مۇمكىن. بىراق ئۇلار ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىسىلا چوقۇم قەدىرلىنىدۇ. چۈنكى مىللىي كارخانىلار پىششىپ يېتىلىش جەريانىدا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدىغىنى

ئىختىساسلىق خادىم. ئەمگەكچىگە قارىتا ھەقىقەتەن ئېرىشەلمەسلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، ياراتقان ئىقتىسادىي قىممىتىگە قارىتا پىرسەنت ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا بۇ مەسىلىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىدىكى كېمىرنى تاشلاپ، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىشى، ئۆزىدە ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك ئۆگىنىشى، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

**ئاڭلىسام «شىركەتتە ھەر بىر خىزمەتچى ئۆگىنىشچان تىپ بولۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز، بۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟**

**نىجات ئابدۇرېھىم:** بىزنىڭ ئارىمىزدا مەكتەپ قويىنىدىن چىققاندىن كېيىنلا، كىتابقا يېقىن كەلمەيدىغانلار كۆپ ئىكەن. ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئۆگىنىدىغان نەرسە تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ھەر بىر مەسىلىگە يولۇققاندا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەپ كۆرۈش ياكى قىلىۋاتقان ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك كونا، يېڭى ماتېرىياللارنى كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆگىنىشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداق قىلغاندا كارخانا تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، شەخسمۇ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنى مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنتلارغا تەتبىقلىغاندا، ئۇلارنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى تېز ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزۈپ يېڭى جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشنى چوقۇم توختىتىپ قويماسلىقى كېرەك.

كىتاب ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى مىللىي كارخانىلارنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىدا ناھايىتى زور رول ئوينايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**نىجات ئابدۇرېھىم:** ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ئوڭ تاناسىپ بولۇپ، ئىقتىساد قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. نۆۋەتتە مىللىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، يېمەك ـ ئىچمەك، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەيدىغان كارخانىلار، مۇلازىمەت كەسىپلىرى، كومپيۇتېر تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولىۋاتىدۇ. بۇلار ھەم ئىختىساسلىقلار قوشۇنىغا ئېھتىياجلىق ئورۇنلار بولۇپ، پەقەت ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەلۇم جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولغاچقا، خىزمەت تېپىشى ئانچە تەسكە توختىمايدۇ. بىراق بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى تېخى تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، كۆلەملىشىش، مۇنتىزىملىشىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ئۇلار ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دۇچ كېلىدىغان رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن. ئۇلار تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مىللىي كارخانىلارغا بېرىپ كارخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىشىشى، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشەلىگۈدەك تېخىمۇ كۆپ ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغان بولۇشى ۋە ياكى ئىختىساسلىقلارغا

ئېھتىياجلىق چەت ـ ياقا جايلارغا بىرىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا قاتنىشىش روھىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. بىراق ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالىغۇدەك ساپاغا ئىگىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس.

**ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس بولۇش مەسىلىسىدە سەۋەبنى كۆپ تەرەپتىن ئىزدەشكە بولىدۇ. مەسىلە ئالىي مەكتەپ مائارىپىدىمۇ، جەمئىيەتتىمۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ بار**

**زىيارەت ئوبيېكتى:** شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى، پىروفېسسور ئازاد سۇلتان

**ھازىر جەمئىيەتتە «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شەكلى جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىدىن خېلىلا يىراق. شۇ سەۋەبتىن ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس» دەيدىغان قاراش بار. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟**

**ئازاد سۇلتان مۇئەللىم:** ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس بولۇش مەسىلىسى، ئەلۋەتتە كۆپ تەرەپكە چېتىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېڭىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رېئاللىقىغا ماس كەلمەسلىكى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا زىيادە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئۇلارغا ماسلىشىش پۇرسىتى بەرمەسلىك قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىدە ساقلىنىۋاتقان

مەسىلىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىر ئالىي مەكتەپ مائارىپىدا يەنىلا نەزەرىيە ئوقۇتۇشى ئاساس، ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۇرۇش مەشىقى قوشۇمچە ياكى ئاز بولۇش ئەھۋالى ساقلىنىۋاتىدۇ. كەسپىي دەرسلىكلەردە ئەمەلىيەت مەشىقى ئاز بولۇش، نەزەرىيە كۆپ سۆزلىنىش، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىۋاتقان كەسپىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇپ، ئەڭ يېڭى تېخنىكا، كۆز قاراش بىلەن تونۇشتۇرۇش يېتەرلىك بولماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت. بۇنىڭدىن باشقا دەرسلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەسلىك، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشقا كېرەكلىك بولغان ئىلغار ئۈسكۈنىلەر كەمچىل بولۇش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىمى ئۆزلىرى ئۆتۈۋاتقان كەسپنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەسلىك، ئوقۇتقۇچىلار تۈزۈلگەن كىتاب بويىچىلا دەرس بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر بېرەلمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ بار. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئەمەلىي پراكتىكا بازىسى ئېچىش مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنىۋېرسال ساپا تەربىيەسى بېرىشكىمۇ سەل قارىلىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى خىزمەت تېپىشىغا مەلۇم جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

**سىزنىڭچە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، مەكتەپلەر قانداق رول ئوينىشى كېرەك؟**

**ئازاد سۇلتان مۇئەللىم:** ئالىي مائارىپ دۆلەت، جەمئىيەت

ئۇچۇن يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئاساسلىق بازا. جەمئىيەت ۋە بازار ئېھتىياجىنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا، ئالىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش، شۇنداقلا مەكتەپ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن كەسىپ تۈرلىرىنى ئېچىش، دەرسلىكلەرنى تەسىس قىلىش، ئوقۇتۇش شەكلى ۋە مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمەي يېڭىلاپ تۇرۇش ئارقىلىق ئالىي مائارىپنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك فۇنكسىيەلىك رولىنى ياخشى ئادا قىلغىلى بولىدۇ. ئالىي مائارىپتا جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا سەل قاراش، قارىغۇلارچە تەربىيەلەش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مەكتەپلەر ئىلمىي بولغان تەرەققىيات قارىشىنى تىكلەپ، بازارنى يېتەكچى، سۈپەتنى ئاساس قىلىشتەك ئوقۇتۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ھەر ساھە ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئىشقا ئورۇنلىشىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ئاستا ـ ئاستا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

**سىزنىڭچە، قانداق قىلغاندا ئالىي مەكتەپ مائارىپ ئىسلاھاتىنى جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟**

**ئازاد سۇلتان مۇئەللىم:** ئالدى بىلەن ئىشنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتىكى نىشانىنى

ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاش كېرەك. ئىلگىرىكى ئالىي مەكتەپ مائارىپى سەرخىللارنى تەربىيەلەشنى ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش نىشانى قىلاتتى. ئەلۋەتتە، سەرخىللار ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا بولىدۇ. ھازىر ئالىي مەكتەپ مائارىپى ئاممىۋى مائارىپ باسقۇچىغا كىردى. بۇ خىل شارائىتتا كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتكە ئىگە ئىختىساسلىقلارنىڭ كۆلىمى سەرخىللارغا قارىغاندا كۆپ بولىدۇ. كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتكە ئىگە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنىڭ ھالقىسى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىشنىلا ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، خىزمەت پوزىتسىيەسى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى، ئۆزلۈكىدىن داۋاملىق ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئالىي مەكتەپ مائارىپ ئىسلاھاتىدا ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك جەمئىيەتكە لازىملىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەپ چىقىش ئاساسىي ئوقۇتۇش نىشانى قىلىنىشى كېرەك. شۇڭا ئالىي مائارىپتا كەسپىي ئالىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرىكى ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇشىدىكى نەزەرىيەگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتكە سەل قاراش، بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي ئىقتىدارغا سەل قاراشتەك تەربىيەلەش ئەندىزىسى ھەقىقىي ئىسلاھ قىلىنىپ، ئالىي مەكتەپلەر ئوچۇق ھالەتتىكى تەربىيەلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن بالدۇر ئۇچراشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نىشانىنى بېكىتىۋېلىشىغا ۋە ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشقا پۇرسەت ھازىرلاپ بېرىشمۇ ئالىي مەكتەپ مائارىپ ئىسلاھاتىدا كەم بولسا بولمايدۇ.

دۆلەتنىڭ ئالىي مائارىپقا سالغان سېلىنمىسىنىڭ

كۆپىيىشىــگە ئەگىشــىپ يېڭــى ئوقۇتــۇش ئۇســكۇنىلىرىنى سەپلەش، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىــيەلەش، ئوقۇتــۇش مــۇھىتىنى ياخشــىلاش قاتــارلىق جەھەتــلەردە نۇرغــۇن خىــزمەتلەر ئىشــلەندى. ئوخشــىمىغان شەكىلدىكى ئالىي مەكتەپلەر جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ھەر خىــل ۋە ئۆزگىرىشــچان بولۇۋاتقــان بۈگــۈنكى دەۋردە ئــالىي مەكتەپ مائارىپ ئىسلاھاتى ھەققىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، توغرا بولغان تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلىش يولىدا ماڭغاندا جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپى بىلەن ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

**مائارىــپ مىنىســتىرلىقى ھەر يىلــى ئــالىي مەكتەپلەرنــى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋالىدىكەن. بۇنىڭ ئــۆلچىمى نېمە؟ كىشــلەر «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ لاياقەتلىك ياكى ئەمەسلىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇتــۇش شــەكلى، مەكــتەپ پۈتكــۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنــىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش نىسبىتى، جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىــدارى، ئــادەم ئىشــلەتكۈچى ئورۇنلارنــىڭ ئــۇلاردىن رازى بولــۇش دەرىجىســى، ئوقۇغۇچىلارنــىڭ ئوقۇتــۇش ســۈپىتىگە بولغان باھاسى قاتــارلىقلار بىــلەن ئۆلچىنىشى كېرەك»دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇۋاتامدۇ؟**

**ئازاد سۇلتان مۇئەللىم:** مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنــىڭ لاياقەتلىــك يــاكى ئەمەســلىكىنى باھــالاپ، تەكشۈرۈش ئۆلچەملىرى چوڭ جەھەتتىن 7 تەرەپنى، كىچىــك جەھەتــتىن 108 كونكرېــت نــۇقتىنى ئــۆز ئىچىــگە ئالىــدۇ. ئوقۇغۇچىلارنــىڭ ساپاســى مەسىلىســى بــۇ ئۆلچەملەرنــىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. چۈنكى مەكــتەپ ئــادەم تەربىيەلەيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئورۇن. ئۇنىڭ تەربىيەلىگەنلىرى جەمئىيەتكە يارىماس، چوڭ ئىشنى 256

قىلالمايدىغان، كىچىككىنى ياراتمايدىغان. كارغا كەلمەس بولۇپ چىقسا، مۇنداق مەكتەپنى قانداقمۇ لاياقەتلىك مەكتەپ دېگىلى بولسۇن؟ هازىر ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر مائارىپ مىنىستىرلىقى بېكىتكەن لاياقەتلىك مەكتەپ ئۆلچىمىگە يېتىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شەكلىدىن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردىن رازى بولۇش دەرىجىسى قاتارلىق نۇقتىلار باھالاش خىزمىتىدە بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇشى، بۇ جەھەتتىكى باھالاش خىزمىتى تېخىمۇ ئاشكارا، تېخىمۇ ئېنىق قىلىنىشى مۇمكىن. ئاما ئارىسىدا شۇ خىل ئىنكاس بولغانىكەن، بۇ خىزمەتنى ئاممىدىن پىكىر - تەلەپ ئېلىپ، ئاشكارا ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى ھالقىدا مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ئىشىنىمىزكى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ لاياقەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى بېكىتىش خىزمىتى ئالىي مائارىپ تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا ئاممىنىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا بولغان تەلىپىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتكە ئەمدىلا قەدەم قويغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشىمەن»، «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن» دەيدىكەن، چوقۇم ئۆزىدە ئارزۇسىغا يارىشا ساپا ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ساپا نەدىن كېلىدۇ؟ بۇ ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قان - تەر ئاققۇزۇپ ئۆگىنىشىدىن، ئۆزىگە ھەر جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇشىدىن كېلىدۇ. بىراق، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلمايدۇ. كەلگۈسىنى پىلانلاشتا كۆپ ھاللاردا تاشقى ئامىلغا زىيادە ئۈمىد باغلايدۇ. ئالىي مەكتەپكە ئۆرلەش ئىمتىھانى

مەزگىلىدە بىز كۆپ قىسىم ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىمتىھان مەيدانىغا پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە كېلىپ، ئىمتىھان تۈگىگۈچە ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئىمتىھاندىن چىقىشى بىلەن ئارىغا ئېلىۋېلىپ، ئىمتىھاننى قانداق بەرگەنلىكىنى سوراپ كېتىدىغانلىقىنى، ئىمتىھاننى ياخشى بەرگەن بولسا خۇشال بولۇپ، بېرەلمىگەن بولسا كۆزلىرىگە ياش ئالىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇنىڭدىن ئاتا - ئانا ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا قانچىلىك چوڭ ئۈمىد باغلايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار «پەرزەنتلىرىمىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسا، كەلگۈسىدە جاپا تارتىپ قالمايدۇ، ئىستىقبالىنى تاپىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۈگۈنكى رېئاللىق شۇكى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش مۇقىم كىرىمدىن، ئىستىقبالدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئالىي مەكتەپ مائارىپى پەقەت ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ تەرەپلىمە تەربىيەلىنىشكە ئىگە قىلىشتىكى ۋاستە. بۇ رېئاللىق ئالدىدا ئاتا - ئانىلار نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ؟ بۇمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتماي قالمايدۇ.

مەن ئەر - ئايالنىڭ ئازغىنە پېنسىيە پۇلىغا تايىنىپ، ئىككى قىزىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقان بىر ئائىلىنى زىيارەت قىلدىم. ئامىنە خانىم ئەمدىلا 50 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولماسلىق سەۋەبىدىن، بۇندىن 10 يىل بۇرۇنلا پېنسىيەگە چىقىۋالغان ئىكەن، ئېرىنىڭمۇ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، ئاغرىق پېنسىيەسىدە ئىكەن. ئامىنە خانىمنىڭ ئىككىلا قىزى مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپتۇ. بۇ ئائىلە ئۈچۈن ئىنتايىن يۇقىرى ھېسابلىنىدىغان ئوقۇش ھەققىنى تاپشۇرۇپ، بالىلارنى

ئوقۇتۇش كېرەكمۇ؟ چاقىرىق قەغىزىگە قاراپ، بۇ جاپاكەش ئەر - ئايال شۇنداق ئويلاپتۇ: يېمىسەكمۇ، كىيمىسەكمۇ بالىلارنى ئوقۇتايلى، كەلگۈسىدە نېنى پۈتۈن، تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، بىزدىن كېيىن قالسىمۇ جاپا تارتماي ياشايدىغان بولار. ئىككى قىز شۇنداق قىلىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىپتۇ. ئوقۇش مۇكاپاتى، ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولۇپ، ئۇلارغا ئاتاپ يىغىپ قويغان پۇللىرى بىلەن مەكتەپنىمۇ پۈتكۈزۈپتۇ. ئامىنە ئاپپاينىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، چوڭ قىزى پۈتكۈزگىلى ھەش - پەش دېگۈچە 4 يىل بولۇپ قاپتۇ. كىچىك قىزى پۈتكۈزگىلىمۇ ئىككى يىل بوپتۇ. تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك - تۈمەن خىل قىيىنچىلىقلارنى پىسەنتىگە ئالمىغان ئاتا - ئانىنى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئورنىدىن مۇقىمراق خىزمەت تاپالمىغان ئىككى قىزنىڭ غېمى مۇكچەيتىپتۇ. ئامىنە ئاپپاي مۇنداق دېدى: چوڭ قىزىم مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن بۇيان شەخسىي كارخانىلاردا ئىشلەۋاتىدۇ. بەش، ئالتە ئورۇنغا ئالمىشىپ بولدى. ئۇ «ئىقتىدارىمنى قايسى ئورۇندا ياخشى جارى قىلدۇرالىسام، شۇ يەردە ئىشلەيمەن» دەيدۇ. روھىي كەيپىياتى يۇقىرى، تىرىشىپ ئىشلەپ كېتىۋاتىدۇ. بىراق، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى يوق، كىچىكىمۇ شۇنداق. ئىككىلىسىنىڭ خىزمىتى مۇقىم ئەمەس. ۋاقىتلىق خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ كەسپىگە ماس كېلىدىغان بىرنەچچە ئىدارىگە باردىم. ئۆزلىرىمۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى تاللاش ئىمتىھانىغا قاتناشتى. كۆپ ھاللاردا 10 ئادەم قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنغا نەچچە مىڭ كىشى ئىمتىھان بېرىدىكەن. بۇ ئىشمۇ قاملاشمىدى. ھازىر بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدىم. بالىلىرىم جاپالىق ئىشلىسىمۇ، بىزگە ئېغىرىنى سالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى

چىقىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ ئارىمىزدا بۇنداق ئائىلىلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلار «ھۆكۈمەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلمايدىغان، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ چىقىش يولى تاپىدىغان» رېئاللىقنى ئامالسىز قوبۇل قىلىپ ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە خىزمەت قىلغانلار بولغاچقا، بۇگۈنكى ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزۈپ خىزمەت تاپالماسلىقتەك ئىشقا ئورۇنلىشىش رېئاللىقىنى قوبۇل قىلمىقى ھەقىقەتەن تەس. ئۇنداقتا، بۇنداق ئائىلىلەردە چوڭ بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ پىلانى نېمە؟ بۇنى ئىگىلەپ بېقىش مەقسىتىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان 100 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە «ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، ئۆتۈپ قالسام داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇيمەن»دېگۈچىلەر 18.6% نى؛ «ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەيمەن» دېگۈچىلەر 39.5 % نى؛ «ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇشنى خالايمەن» دېگۈچىلەر 37.2% نى؛ «چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى خالايمەن» دېگۈچىلەر 4.7 % نى ئىگىلىدى؛ قالغان قىسمى «تېخى ئويلاشمىدىم» دېگۈچىلەر بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش قارىشىدا ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرىلەش بولغان. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەسپىي پەنلەر ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ جانلىق ئۆتۈلسە، پىراكتىكا ۋاقتى يەنىمۇ ئۇزارتىلسا ياكى كۆپرەك پىراكتىكا ئورۇنلاشتۇرۇلسا،

nurkitap.com



دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئەمەلىي ئىقتىدار بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا جەمئىيەتنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالماسلىق ئەھۋالىنىڭ يەنىلا ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەسىپ ئىگىلەشكە بولغان تەلىپى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان، جەمئىيەتنىڭمۇ كەسپىي خادىملارغا بولغان ئېھتىياجى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتقان شارائىتتا، ئوقۇغۇچى مەنبەسى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتقان ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنكى خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنى ئىگىلەش مەقسىتىدە مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەركىن ئابدۇرېھىم ئەپەندىنى زىيارەت قىلدىم. ئەركىن ئابدۇرېھىم ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: مەكتەپتە 62 خىل كەسىپ تەسىس قىلىنىپتۇ، 38 خىل كەسىپتە ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، بۇ كەسىپلەر جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان تەلىپىگە ئاساسەن ئېچىلغان كەسىپلەر بولغاچقا، مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا ئېشىۋېتىپتۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنكى ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مەكتەپ ئەمەلىيەت مەشىقى دەرسخانىلىرىنى تەسىس قىلىش، جەمئىيەتتىمۇ پىراكتىكا بازىلىرىنى ئېچىش قاتارلىق ئوقۇتۇش شەكىللىرىنى قوللىنىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا

يىغىنچاقلىدى: بىرىنچى، ھازىر ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا نىسبەتەن خاتا كۆزقاراش بار. مەيلى ئاتا - ئانىلار بولسۇن ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى بولسۇن، ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي ئىشتاتلىق خىزمىتى بولسا، ئۇنى خىزمەت ھېسابلايدىغان، بولمىسا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلاردا ئىشلەشنى ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرىدىغان خىزمەت دەپ قارايدۇ. گەرچە ئاغزىدا شۇنداق دېمىسىمۇ، كۆپ قىسىملىرى شۇنداق ئويلايدۇ. ئىككىنچى، ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار بىلەن كۆپ قىسىم شەخسىي كارخانىلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىدىغان دائىرىسىدە پەرق زور. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئولتۇراق ئۆي فوندى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بار. خۇسۇسىي كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بولسا، بۇنداق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىرى ناھايىتى ئاز. بۇ تەرەپمۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى تاللاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنچە كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئۈچىنچى، بىزدە ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك، كۆلەملەشكەن كارخانىلار كۆپ ئەمەس، مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردا تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلاردا ياكى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى چوڭ سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا ئىشلەش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن ئاز. بۇمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىشىغا قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. تۆتىنچى، ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزلۈكىدىن ئىگىلىك تىكلەش روھى كەمچىل. ئۆزلۈكىدىن ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل زۆرۈر شەرت ئۆلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا،

رىقابەتكە قاتنىشىشتىكى دەسمايىسىنىڭ كۆپىيىشىگە پايدىلىق. كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئاسانلا ئۆزىنىڭ نىشانىدىن ۋاز كېچىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ. بىزنىڭ مەكتەپنى ئېلىپ ئېيتساق، مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش نىسبىتى 94% بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش نىسبىتى 70% ئەتراپىدا. بىراق مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەچچە پىرسەنتىنىڭ نىسبەتەن مۇقىمراق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمەك تەس. چۈنكى، مەكتەپ جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان تەلىپىگە ئاساسەن كەسىپ تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەۋاتقان بولسىمۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن 100% لاياقەتلىك ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغىنى يوق. بىزدە كەسپىي ئىقتىدارى مول، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيەنى بىرلەشتۈرۈپ دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار يەنىلا كەمچىل، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى داۋاملىق تولۇقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا كەم تەرەپلەر بار. بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلاردا تەقەززالىق تۇيغۇسىمۇ كەمچىل. كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار يەنىلا مەكتەپ پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە چىقسا، قىلىدىغانغا ئىش تەيياردەك بىغەم يۈرۈيدۇ. ئۆزىدە ئۇنىۋېرسال ساپا يېتىلدۈرۈشكە، تىرىشىپ كەسىپ ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

«ئادەمنىڭ بىرەر ئىشنى ياخشى قىلغان - قىلمىغانلىقىغا قاراشتا، ئۇنىڭ ئىش قىلغان چاغدىكى روھىي ھالىتىگە ۋە پوزىتسىيەسىگە قارىسىلا بولىدۇ. چۈنكى ئادەم قىلىۋاتقان ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىيالمىسا، ئۇ مەڭگۈ نەتىجە يارىتالمايدۇ.»

مەن كومپيۇتېر ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ياشنى تونۇيمەن. ئۇ ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەنمۇ ئەمەس ياكى بىرەر ئۇستازنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەنمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ بىلىمى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتىن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشتىن كەلگەن. ئۇ خىزمەت قىلىۋاتقان شىركەتنىڭ غوجايىنىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ دەسلەپ شىركەتكە كەلگەندە «ئىش ھەققى ئالمىساممۇ مەيلى، ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇراي» دېگەن ۋە شىركەتتە بىلمىگەننى سوراپ، ماتېرىيال ئاختۇرۇپ توختىماي ئۆگەنگەن. نەتىجىدە بىر يىلغا بارمايلا شىركەتتە سىن ئېلىش ئاپپاراتىنى ئىشلىتەلەيدىغان، كومپيۇتېردا فىلىم ئىشلىيەلەيدىغان ئاساسلىق تېخنىكقا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىيلا شىركەتكە سىڭىپ، تېگىشلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان. دېمەك، جەمئىيەتمۇ چوڭ بىر مەكتەپ، كۆڭۈل قويغانلار بۇ مەكتەپتە مول بىلىمگە ئېرىشەلەيدۇ، نەتىجە يارىتالايدۇ. جەمئىيەتتە رىقابەت شۇنداق رەھىمسىزكى، مەيلى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن پەقەت باشقىلاردىن مەلۇم جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولسىلا، چوقۇم قەدىرلىنىدۇ. يېقىندا ئىخلاس كەسپىي تەرەققىيات شىركىتىنىڭ دىرېكتورى روزى ھاجى ئەپەندى بىلەن سۆھبەتلەشتىم. روزى ھاجىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھازىر شىركەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكىنى قوشقاندا 800 گە يېتىدىكەن. شىركەت قارىمىقىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ %90 ى، تاللا بازارلىرىدىكىلەرنىڭ %70 ى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ئىكەن. روزى ھاجى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ماسلىشىش

ئىقتىداری باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى، بىر قىسىم تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنىمۇ ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالىدۇ. بىر قىسىملىرىنىڭ باشقۇرۇش، تەشكىللەش، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىمۇ ئالاھىدە ياخشى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسىملىرىدا ئۇچرايدىغان ئەجەللىك بىر كەمچىلىك شۇكى، ئۇلاردا تاقەت، سەۋرچانلىق كەمچىل. ئۇلار كارخانىغا كىرىپلا باشقۇرغۇچى بولۇشنى ۋە ياكى ئىشخانىدا كەسپىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشنى ئويلايدۇ. بىر مەزگىل چېنىققاندىن كېيىن ئىقتىدارىغا قاراپ خىزمىتىنى تەڭشىگۈچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلار كۆپ ھاللاردا ئەستايىدىل، تىرىشچان، قانداقلا ئىش قىلمىسۇن ياخشى قىلىشقا ئىرادە باغلايدىغانلار بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىز شىركەتكە خىزمەتچى قوبۇل قىلماقچى بولۇپ ئېلان چىقارغان بولساق، تىزىملاتقىلى كېلىدىغانلارنىڭ ئاران 10% ى ياكى 15% ى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارغا كېلىپ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېڭى تۆۋەن.

ئالىي مەكتەپلەرگە كېڭەيتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، بىر تۈتاش تەقسىم قىلىشنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى. مەن زىيارەت داۋامىدا شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس بولۇش مەسىلىسىدە مەسىلە ئالىي مەكتەپ مائارىپىدىمۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىمۇ، ئاتا ـ ئانىلاردىمۇ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇۋېتىپتۇ. سىناق تەرىقىسىدە يۇرگۈزۈلۈۋاتقان ئالىي

مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئۈچۈن ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولامدۇ؟ ئالىي مەكتەپلەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلاھات جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجىغا ماس كېلەلەمدۇ؟ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا نېمە سەۋەبتىن تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى كەمچىل؟ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئۆزىدىكى مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشى كېرەك؟... نۇرغۇن سوئالغا جاۋاب تېپىش زۆرۈر.

*ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىن تۇغۇلغان ئويلار*

يېڭى دەۋردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەسى، ئوي - خىيالى قانداق؟ مەن يېقىندا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا بىر قېتىملىق ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىزىقىشى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش سۈپىتىگە بولغان قارىشى، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان باھاسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 28 چوڭ سوئال، 100 دىن ئارتۇق كىچىك تۈر ئارىلاپ تەكشۈرۈش شەكلىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 100 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ قولىغا تارقىتىلىپ، ھەممىسى تولۇق يىغىۋېلىندى. تەكشۈرۈش ئوبيېكتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردىن تاللاندى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەمئىيەتنىڭ بۈگۈنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى

ئۇچۇن، مەلۇم دەرىجىدە پايدىسى بار.

△ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىكى نىشانىدا زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولغان.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىكى نىشانىم ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇش دېگۈچىلەر 4% نى، كەلگۈسىدە ئىگىلىك تىكلەشكە ئاساس سېلىش دېگۈچىلەر 58% نى، ئۇنىۋېرسال ساپايىمنى ئۆستۈرۈپ دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش دېگۈچىلەر 38% نى ئىگىلىگەن.

بۇ ئىلگىرىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىشنى خالاشتەك ھالەتتىن زور دەرىجىدە پەرقلىق.

△ ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى تاللىغان كەسىپكە مۇھەببىتى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس.



تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، كەسىپنى خاتا تاللاپ قاپتىمەن، دېگۈچىلەر 12% نى، ئۆزۈم تاللىمىغان دېگۈچىلەر 40% نى، ئانچە ياخشى كۆرمەيمەن، دېگۈچىلەر 48% نى تەشكىل قىلغان. بۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكى كۆپ قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ، كەسپىدە نەتىجە قازىنىشنى ئويلاشتەك رېئاللىقتىن پەرقلىق بولغان.

△ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنىڭ كۆپ قىسمى ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 97% ى ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا كۆپ ۋاقتىم ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ قارايدىكەن. پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان دېگۈچىلەر پەقەت 2.3% نى تەشكىل قىلغان. بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىن رازى

بولمايۋاتقانلىقىنى، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى كۆپرەك ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى بېيىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

△ ئالىي مەكتەپلەردە ھاراق ئىچىدىغان، تاماكا چېكىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغانلار ئىچىدە ھاراق ئىچمەن، تاماكا چېكىمەن، دېگۈچىلەر 4.4% نى تەشكىل قىلدى. ھەر ئىككىلىسىنى قىلمايمەن، دېگۈچىلەر 89% نى تەشكىل قىلدى.

△ ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلىكلەرنىڭ ئۆتۈلۈش شەكلىدىن نارازى بولغانلىق سەۋەبىدىن، ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىدىغانلار كۆپ.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا - ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلىكلەردىن نارازى، بىزنى قىزىقتۇرالمايدۇ، دېگۈچىلەر 60% نى، ئۆگىنىش بېسىمى ئېغىر، شۇ سەۋەبتىن ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىمەن، دېگۈچىلەر 30.3% نى، ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشى مەنىسىز بولغاچقا ئويۇن تاماشاغا بېرىلىمەن دېگۈچىلەر 9.2% نى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىدىن نارازى بولۇشىنىڭ بىلىم ئېگىلەش قىزغىنلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

△ ئالىي مەكتەپتە مۇھەببەتلىشىش مەسىلىسىدە زور كۆپچىلىك ئوقۇغۇچى ئېھتىياتچانلىق تەرەپدارى.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغانلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپتىكى مۇھەببەت ئاخىرى چىقماس مۇھەببەت، شۇ سەۋەبتىن مۇھەببەتلەشمەسلىك كېرەك، دېگۈچىلەر 52% نى، ئالىي مەكتەپتىكى مۇھەببەت ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ، دەپ قارىغۇچىلار 46% نى تەشكىل قىلغان.

△ كــۆپ قىســىم ئوقۇغــۇچىلار ئــالىي مەكتەپــتە تــوي قىلىشنى خالىمايدۇ.

ئالىي مەكتەپتە توي قىلىشنى خالىمايمەن، دېگۈچىلەر 80.6% نى، ئىختىيار قىلىش كېرەك، دېگۈچىلەر 18.3% نى تەشكىل قىلىدىكەن.

△ ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ مۇھەببەتلىشىش مەسىلىسىگە كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار توغرا قارايدىكەن.

ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارى، دەپ قارىغۇچىلار 61.3% نى، بۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا يات قىلمىش، دەپ قارىغۇچىلار 38.7% نى تەشكىل قىلىدىكەن.

△ ئوقۇغۇچىلار كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى، دەپ قارايدىكەن.

تەكشۈرۈشتە دەرس بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ كەسپىي ساپاسى يۇقىرى دېگۈچىلەر 80.6% نى تەشكىل قىلغان، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك يۇقىرى، دېگۈچىلەر 17.7% نى تەشكىل قىلغان، ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن دېگۈچىلەر 2% كىمۇ يەتمەيدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەخلاق ساپاسىغا بولغان باھاسىمۇ يۇقىرى بولۇپ، 94.9% ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «ئەخلاق ساپاسى ياخشى» دەپ قارايدىكەن.

△ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچى، دوست ـ بۇرادەرلىرى، ساۋاقداشلىرى، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ كېلىۋاتقانلار بىلەن «مەسىلە بار» دېگۈچىلەرنىڭ نىسبىتى ئاساسەن تەڭلىشىپ قالغان.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 52.3% ئوقۇغۇچى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ كېتىۋاتىمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن. مەسىلە بار دېگۈچىلەر 47.7% نى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىشىلىك

مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئىقتىدارىنىڭ تازا يۇقىرى ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

△ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە كىتاب ئوقۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانلىرى ئاز. ئارىلاپ كىتاب ئوقۇپ قويىدىغانلار كۆپ. پەلسەپىۋىلىكى يۇقىرى كىتابلارنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى پىروزا ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدىغانلاردىن كۆپرەك.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئارىلاپ كىتاب ئوقۇيمەن، دېگۈچىلەر 92.2% نى، كىتاب ئوقۇمايدىغانلار 6.3% نى تەشكىل قىلىدىكەن. پەلسەپىۋىلىكى يۇقىرى كىتابلارنى ئوقۇيدىغانلار 46.7% نى، پىروزا ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدىغانلار 20% نى، كەسپكە دائىر كىتابلارنى كۆرىدىغانلار 26.7% نى تەشكىل قىلىدىكەن.

△ ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەرسلىك مىقدارىدىن رازى ئەمەس

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 50% ئوقۇغۇچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەرسلىك مىقدارىنى كۆپ دەپ قارايدىكەن. كۆپ دەپ قارىغۇچىلار بىلەن نورمال دەپ قارىغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئاساسەن تەڭلىشىدىكەن.

△ كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار كەسپىي پەنلەر بىلەن ئومۇمىي پەنلەرنىڭ ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر قۇرۇلمىسىدا تۇتقان ئورنى ئاساسەن ئوخشاش، دەپ قارايدىكەن.

ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ئىچىدە كەسپىي دەرسلەر كۆپ، ئومۇمىي پەنلەر ئاز دېگۈچىلەر 28.4% نى، ئاساسەن ئوخشاش دېگۈچىلەر 67% نى تەشكىل قىلىدى. بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا كەسپىي دەرسلىكلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش جەھەتتە مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان 51.7% ئوقۇغۇچى ئومۇمىي پەنلەرنىڭ كەسىپ بىلەن ئانچە چوڭ مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قارايدىكەن. ئۆگىنىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ھەم زېرىكىشلىك دەپ قارايدىغانلار

46.9% نى تەشكىل قىلىدىكەن. ئۆگىنىپ قويغانلىقىنى يوق دېگۈچىلەر 1.7% نى تەشكىل قىلىدىكەن.

△ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ئالىي مەكتەپلەردە مودا بولۇۋېتىپتۇ.

چەت ئەل تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن، دېگۈچىلەر 23% نى، ئىلگىرى ئۆگەنگەن، دېگۈچىلەر 20.3% نى، داۋاملىق ئۆگىنىمەن، دېگۈچىلەر 56.8% نى تەشكىل قىلغان. بىراق، ئۇلارنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشتىكى مەقسىتى تازا ئېنىق ئەمەس بولۇپ، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغانلار ئىچىدە باشقىلار ئۆگىنىپتىكەن، دوراپ ئۆگەنىدىم دېگۈچىلەر 70% نى تەشكىل قىلىدىكەن. كېيىنچە ئەسقېتىپ قالار دېگۈچىلەر 16.7% نى، چەت ئەل تىلى بىلىش زۆرۈر دەپ قارىغۇچىلار 13.3% نى تەشكىل قىلىدىكەن.

△ خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر كۆپ، دەپ قارىغۇچىلار كۆپ.



تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك خەنزۇ تىلىدا ئاڭلاۋاتىمەن دېگۈچىلەر 22.9% نى، 80% ىنى خەنزۇ تىلىدا ئاڭلايمەن دېگۈچىلەر 33.3% نى، 50% ىنى دېگۈچىلەر 12.5% نى، ئۇنىڭدىن تۆۋەن دېگۈچىلەر 2.1% نى تەشكىل قىلىدىكەن. تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 73.1% ئوقۇغۇچى ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلىكنىڭ مەزمۇنىنى كونا، دەۋرگە ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارايدىكەن. دەرسكە كىرگەن ئوقۇتقۇچى كىتابنى ئوقۇپ بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنمەيدۇ، دېگۈچىلەر 7.7% نى، ئىمتىھانغا ئاز قالغاندا دەرسلەرنى ھاپىلا ـ شاپىلا ئۆتۈپلا بولدى قىلىدۇ، دېگۈچىلەر 7.7% نى تەشكىل قىلىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار زامانىۋى ۋاسىتىلەر بىلەن دەرس ئۆتۈشكە ئادەتلەنمىگەن دېگۈچىلەر 6.7% نى تەشكىل قىلىدىكەن.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تەھلىل قىلغاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىن رازى بولۇش دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى؛ كەسپىي دەرسلىكلەرنىڭ ئوقۇتۇش قۇرۇلمىسىدا تۇتقان ئورنىنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىنى؛ كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلىكلەرنى «مەزمۇنى كونا، دەۋرگە ماس كەلمەيدۇ» دەپ قارايدىغانلىقىنى؛ ئومۇمىي پەنلەرنىڭ دەرسلىكلەر قۇرۇلمىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇۋاتقانلىقىنى؛ دەرسلىكلەر ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقتۇرالماسلىق سەۋەبىدىن ئۇيۇن ـ تاماشاغا بېرىلىدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇۋاتقانلىقىنى؛ مەكتەپتە بېسىم ئېغىر، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئەركىن تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنىڭ ئاز بولۇۋاتقانلىقىنى؛ كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇۋاتقان كەسپىنى سۆيمەس بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۈگۈنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر يەر شارىلىشىۋاتقان، بىلىم ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان، پەن ـ تېخنىكا خەلقئارالىشىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا تۇرۇۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ساپالىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشتە شۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشنى ئاساس قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ياخشى ئۆگىنىش كەيپىياتى ھازىرلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىدىن نېمە ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيدىغان ئوقۇتۇشقا ئايلىنىپ قالغاندا، بۇ خىل مائارىپ جەمئىيەت ئۈچۈن كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتەك ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلالمىغان مائارىپ بولۇپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：热孜万古丽·卡德尔
责任校对：古丽娜尔·肉孜
装帧设计：海米旦·塞达里木
制　　版：阿依努沙·吾布力

健康快车系列心理健康丛书

**认知自我与未来**（维吾尔文）

古丽娜尔·铁依甫　著

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32开本　8.75印张　插页：2
2011年12月第1版　2016年3月第4次印刷

ISBN 978-7-5466-1011-5（民文）定价:28.00元